ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# پادىچى ۋالى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇچ

# پادىچى ۋاڭ



( تارىخىي رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىكىم ھەسەن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئىبادەت ياسىن**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# پادىچى ۋاڭ

(تارىخىي رومان)

ئاپتورى: **ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ۋەنيۇ مەدەنىيەت كەسپىي چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 10
2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
ISBN 978－7－5371－7887－7
باھاسى: 25.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز




ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇح

# مۇئەللىپنىڭ كۆڭۈل سۆزى

ئاناڭ ئايمۇ، ئاتاڭ كۈنمۇ؟
تۇغۇپتۇ سەن قىزىلگۈلنى.
سېنىڭ كويۇڭغا سېلىپتۇ
مېنىڭدەك بىر غېرىب قۇلنى.
ئاللا، جان ئانانۇرخان،
شەرىڭگە مۇساپىرمەن...

ئاھاڭى تولىمۇ مۇڭلۇق، مەزمۇنى دەل ئىپادىلەنگەن، قايناق ھېسسىيات ئۇبرازلىق ئىزھار قىلىنغان «ئانانۇرخان» دېگەن بۇ ناخشا ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراپ مېنى مۇڭلاندۇرۇپ، ئۇيغا سېلىپ يۈردى. ناخشىنى ئىچىمدە ئېيتقاچ ئويلايتتىم: «ئانانۇرخان كىم؟ ئۇنىڭ پىراقىدا ئاھ ئۇرۇۋاتقان كىم؟ ئۇلار قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان؟ ئۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبكارى كىم؟ چولتا بىلمىمەن، تار نەزەر دائىرەم بىلەن بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي قىينالدىم. كېيىن «تورپان» ژۇرنىلىدا مەرھۇم يازغۇچى ھېلمىنىياز قادىرنىڭ «ئانانۇرخان پاجىئەسى» دېگەن ھېكايىسىنى ئوقۇپ يۇقىرىقى سوئاللارغا نىسبەتەن كاللامدا بىر يورۇق نۇقتا پەيدا بولدى. شۇنداقلا سوئاللارمۇ كۆپەيدى: «لۈكچۈندىكى ۋاڭلار قانداق كىشىلەر؟ ئۇلار تارىختا قانداق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن؟ سۇلتان مامۇت قانداق ۋاڭ؟ ئۇ قانداق قىلىپ ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرغان؟» 1995 ـ يىلى يازنىڭ ئىسسىق، زېرىكىشلىك كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن تۇيۇقسىز پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى،

كىتاب ـ ماتېرىيالغا ھېرىس بەكرى مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كىتاب سوراپ بېرىپ قازنىقىغا كىردىم. بىر چەتكە دۆۋىلەنگەن كىتاب ـ ژۇرناللار ئىچىدىن بىر نەچچە پارچە «پىچان تارىخى ماتېرىياللىرى» دېگەن كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىغاندىن باشلاپ بىر ئىسسىق ئېقىم يۈرىكىمگە بۆسۈپ كىردى. مەن ئاشۇ كىتابلارنى ئوقۇپ يۇرتىمىزدا «لىگا يېغىلىقى»، «ئامىر يېغىلىقى»، «چىلان يېغىلىقى» قاتارلىق چوڭ ۋەقەلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلدىم. بۇنى دېيىشىمدىكى سەۋەب، مەن «ئۆچمەس ئىزلار»، «ئىز»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «ئىزدىنىش»، «چالا تەگكەن ئوق»، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»، «قاينام ئۆركىشى»، «ئاۋرال شاماللىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئوقىغاندىن كېيىن «قارىغاندا، ئەمدى بىز رومان قىلىپ يازغۇدەك تۇرمۇش، تارىخي ۋەقەلەر قالماپتۇ» دېگەن مەھرۇملۇق ئويغا پاتقان، ھەرقانچە ئويلاپمۇ چوڭراق بىرەر ۋەقەنى تاپالمىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن «ھەي، بىزنىڭ يۇرتلاردا نېمىشقا جاھاننى زىل ـ زىلىگە سالغۇدەك چوڭ ـ چوڭ ئىشلار بولمىغاندۇ؟» دەپ ئەپسۇسلانغانىدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ تارىخي بىلىمىمنىڭ تېيىزلىقىدىن بولغان ئارتۇقچە ئەپسۇسلۇقۇم ئىكەن. مەن بەكرى مۇئەللىمنىڭ قازنىقىدىن چىققاندىن باشلاپ ھەربىر يۇرتنىڭ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قىممىتى بولغان تارىخى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، يوقالمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇنى زەر مۇقاۋىلىق كىتابلارغا ياكى ئاددىي دەپتەرلەرگە خاتىرىلەپ قويۇش ئىنسانلارنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم «چوڭ ۋەقە» دەپ بىلگەن يۇرتۇمدىكى ئۇ تارىخي ۋەقەلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى قەغەزگە پۈتۈشنى مەسئۇلىيىتىم دەپ بىلدىم. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا خۇشلۇقى ۋە بېسىمى بار. مەن بۇ كىتابنى يېزىشنىڭ

خوشلۇقىنى ساقلاشقا، بىسىمىنى يېڭىشكە ئىرادە باغلىدىم. 2005 ـ يىلى يازدا ئاخىرقى قۇرلارنى يېزىپ بولۇپ خوشلۇق ئىلكىدە كومپيۇتېرنى ئۆچۈرگەن بولساممۇ، لېكىن «ئۇھ» دېيەلمىدىم. چۈنكى مەندە خوشاللىق ۋە ئىرادە بولغان بىلەن بۇ كىتابنى تازا «قاملاشتۇرۇپ» يازالمىغاندەك بىلىنىدى. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ داستىخىنىمنى كەڭ جامائەتكە سېلىشقا ئالدىرىدىم. بەلكىم، چوكاڭلارغا تەملىك، مەززىلىك بىرەر لوقما چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مانا بۇ مېنىڭ ھەقىقىي خوشلۇقۇم ۋە ھاردۇقۇم.

تارىخ ئۆگىنىش ۋە تارىخنى بىلىشنىڭ بۈگۈن ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. دەرۋەقە، تارىخنىڭ كۆلكىسى بىزگە شادلىق بېغىشلايدۇ، تارىخنىڭ يىغىسى بولسا بىزگە ئىبرەت ئاتا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىگە تۇشلۇق ئەقىل ئۆگىتىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ، بىر مەھەللىنىڭ، ھەتتا بىر ئادەمنىڭ تارىخىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق كۈلكىسى ۋە يىغىسى بار. مەن تارىخ سەھنىسىدىكى كۆرمىڭلىغان يىغا ۋە كۈلكىلەر ئىچىدە تارىخىمىزدىكى مۇھىم سەھىپە بولغان تۇرپان ئىنانچىخانلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋارىسلىرىدىن بولغان مامۇت خوجا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەجبۇل «زور» ئانانۇرخان قاتارلىق شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەرنى قەلەمگە ئېلىشنى لايىق تاپتىم، تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. يازغانلىرىمنىڭ قانچىلىك تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بارلىقىنى ئوقۇرمەنلەر ئۆز تارازىسىدىن ئۆتكۈزۈپ باقار.

تۇرپان ئىنانچىخانلىقىدىكى «ئىنانچىخان» دېگەن ئەمەل نامىنى يەرلىكتىكى كىشىلەر تارىختىن بۇيان خەنزۇچىدىكى ئاتالمىسى بويىچە «ۋاڭ، جۇنۋاڭ» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ كەلگەن. ئەسلىي ئۇنى «ئىنانچىخان، سۇلتان، خوجا» دەپ ئاتىسا مۇۋاپىق بولاتتى. بولۇپمۇ «خوجا» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق ئىدى. مەسىلەن:

«ئىمىن خوجا»، «مامۇت خوجا» دېگەندەك. ئەمما كىشىلەر ئۇلارنى بىر دەك «ۋاڭ» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن. مۇشۇ سەۋەبلەر ۋە چۈشىنىشنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن مەنمۇ رومانىمدا ئەھۋالغا بېقىپ «ۋاڭ» دەپ ئالدىم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن. بىر قىسىم ئادەم ئىسمى ۋە يىلنامىلەر ئوخشاشمىغان ماتېرىياللاردا پەرقلىق بايان قىلىنغان. شۇنداقلا بىر قىسىم ئاتالغۇلار رايون خاراكتېرلىك تىل پەرقى سەۋەبلىك پەرقلىق تىلغا ئېلىنغان. مەن بۇ يەردە نۇقتىلىق كىتابلاردىكىنى ئاساس قىلدىم.

رومانني يېزىش جەريانىدا ھېمىت نىياز، دىلشات قەييۇم نۇر، ئۆمەرجان سىدىق، ياسىنجان سادىق چوغلان، مۇھەممەت مەتنىياز دانىش، ئەخمەت ئىمىن، ساتتار ئىبراھىم، قاھار مامۇت، بەكرى ئىبراھىم، ئەلى ئابدۇللا ئەرقۇت، ھاۋاگۈل ھەمدۇللا، تاھىر پەتتار قاتارلىق ئەدىب ۋە دوستلارنىڭ مەدەتكە، يار دىمىگە، ئىلھام بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدۇم. شۇنداقلا تونۇش ۋە ناتونۇش مېھنەتكەشلەرنىڭ كىتاب - ماتېرىياللىرىدىن پايدىلاندىم. كىتابىم نەشر قىلىنغان بۈگۈنكىدەك شادلىققا تولغان كۈنلەردە ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. ئاخىرىدا ئالاھىدە تىلغا ئالىدىغان تىلىكىم: سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى، ئىزدىنىشىمنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن رومانىمدا بەزى سەۋەنلىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى تىلەيمەن!

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كىم ۋاڭنىڭ ۋارىسى؟ ........................ 1
ئىككىنچى باب لوكچۇن ئاسمىنىدا تۇمان ................ 31
ئۈچىنچى باب پادىچى «پادىشاھ» بولدى ................... 49
تۆتىنچى باب ئىنانچىخاننىڭ كۆكۈل خۇشلۇقى ........ 65
بەشىنچى باب ئىككى باتۇر ..................................... 76
ئالتىنچى باب مەشرەپتىكى «پادىشاھ» ....................... 99
يەتتىنچى باب ۋاڭغا «سوۋغا» .................................. 107
سەككىزىنچى باب جازا ۋە غەزەپ ............................. 115
توققۇزىنچى باب ئەمەلگە ئاشمىغان زىيارەت ............ 126
ئونىنچى باب تۈنجى جەڭ ...................................... 144
ئون بىرىنچى باب ئوردىغا ھۇجۇم ........................... 163
ئون ئىككىنچى باب كەسكىن جەڭ .......................... 195
ئون ئۈچىنچى باب كۆز تەگكەن باھادىرلار ............... 211
ئون تۆتىنچى باب يېغى ياندىن .............................. 225
ئون بەشىنچى باب مەردلەرچە ئۆلۈم ........................ 242
ئون ئالتىنچى باب «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» ........... 253
ئون يەتتىنچى باب تۇزۇغان گۈل ۋە شەرمەندىلەرچە ئۆلۈم 278
خاتىمە ............................................................ 299
قوشۇمچە: لوكچۇن ۋاڭلىقىنىڭ مەنسەپ ـ
دەرىجىلىرى .................................................. 310

## بىرىنچى باب

# كىم ۋاڭنىڭ ۋارىسى؟

## 1

1878 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى. تالاي قىسمەتلەرنى ئۆز باغرىغا يوشۇرغان يەكەن دەرياسى ئۈستى جىمجىت، لېكىن تەكتى شىددەتلىك ئاقماقتا ئىدى.

بۈگۈن ئاشۇۋاقتى ئىدى. دەريا بويىدىكى جىمجىتلىقنى قوىلارنىڭ مەرىگەن ئاۋازى بۇزدى. قويلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ دەريا سۈيىنى قانغۇدەك ئىچىشتى. ئاندىن ئوت ـ چۆپلىرى ئەلۋەك دۆڭلۈككە قاراپ چېپىشتى. قويلارنىڭ ئۈستى تەرىپىگىرەك ئۆتكەندە، دۈم يېتىپ سۇ ئىچىۋاتقان 14 ياشلار چامىسىدىكى كىيىملىرى يىرتىق ۋە يۈز ـ كۆزى مەينەت بولۇپ كەتكەن بىر بالا ئورنىدىن تۇرۇپ، قويلىرىنىڭ كەينىدىن «ھۈيت ـ ھۈيت»لاپ يۈگۈردى. ئۇ يېتىپ بارغاندا تامىلىرى زەي باغلاپ كەتكەن، ئەتراپىغا تۇغ ـ ئەلەملەر باغلانغان، كەينى تەرىپىگە قۇرۇق ئوتۇن ۋە كۈل، چالا كۆيگەن ئوتۇن پارچىلىرى دۆۋىلەپ قويۇلغان، لېكىن چىراغ يېقىلىپ، ياغ پۇراتمىغىلى ئۇزۇن ۋاقىتلار بولغان بىر مازارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قويلىرى بەھۇزۇر ئوتلاۋاتاتتى.

بۇ مازارنىڭ ئىسمى ياسىدون مازىرى (يەرلىكلەر «ياسىدونە مازار» دەپمۇ ئاتايدۇ) بولۇپ، بۇ بالا بۇ يەردە پاناھلىنىۋاتقىلى بىرقانچە ۋاقىت بولغانىدى. مىلادىيە 987 ـ يىلى 6 ـ ئايدا

ھەزرىتى سىيىت ئوسمان باتۇرىددىن باشچىلىقىدىكى ئىسلام ئاچقۇچىلار ياسىدونغا كېلىپ بۇددىستىلار بىلەن قانلىق غازات جېڭى قىلغان. ئۇلار بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەڭ قىلىپ ئاخىر بۇ جاينى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىشقان. ئۇرۇش داۋامىدا ھەزرىتى سىيىت ئوسمان باتۇرىددىنىنىڭ نۇرغۇن ئادىمى شېھىت بولۇپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئۇ بۇ قەبرىستانلىقتا گۈمبەز ياسىتىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى خوش قىلىش ئۈچۈن سىيىت ھېبۇل باقى ئىسىملىك بىر كىشىنى بۇلارنىڭ مازىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قالدۇرغان. ئارىدىن نۇرغۇن زامانلار ئۆتۈپ 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سىيىت ھېبۇلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن قوچقار شەيخ بۇ مازارغا شەيخ بولغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قورچاق ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ تەھدىتى تۈپەيلىدىن بۇ مازار سەرۇ سەرگەردان، يېتىم ـ يېسىرلەرنىڭ پاناھگاھىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

بايىقى بالا قويلىرىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ ياش چوڭ يەنە بىر بالا قويلىرىغا قاراپ چۆپلۈككە يانپاشلىغىنىچە خىيالغا چۆكۈپ ياتاتتى. ھېلىقى بالا ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. چوڭ بالا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ نېرى سۈرۈلدى ۋە:

— يىراق ئولتۇر تاز، بولمىسا تېزىڭ كۆچىدۇ! — دېدى. دەرۋەقە، ئۇ بالىنىڭ بېشىنى تاز بېسىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەر، بۇ يەردە قېپقالغان چاچلىرى تولىمۇ مەينەت ئىدى.

— روزىكا، ھېلىقى ئىشتانبىغىنى يەتتە يەردىن چىگىپ، ھۆر ـ پەرىدىن يىراق قاچىدىغان چۆچەكنى ئېيتىپ بەر، — دېدى تاز بالا خىرقىراپ كۈلۈپ. ئۇنىڭ دەۋاتقىنى «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» داستانىدىكى زۇلەيخانىڭ يۈسۈپنىڭ يەتتە يەردىن چىگىلگەن ئىشتانبىغىنى يېشىشكە ئۇرۇنىدىغان تەپسىلاتى ئىدى. تاز بالا بىزەڭلىك بىلەن قىستاپ تۇرۇۋېلىپ روزىغا ئاشۇ بىر يەرنىلا سۆزلەتكۈزەتتى. شۇڭا روزى ئۇنىڭ بۇ

تېتىقسىزلىقىدىن بىزار بولۇپ ئۇنى كۆزگە ئىلماس بولۇۋالغانىدى.

— ماڭ، بىرىپ يىراق كەتكەن قويلارنىڭ ئالدىغا داڭگال تاشلاپ، توسۇپ كەلسەڭ ...

— ئاندىن ئېيتىپ بېرەمسەن؟

— ياق، ئاپاڭ ساڭا خوتۇن ئېلىپ بەرسە بولغۇدەك، — دېدى روزى زەردە بىلەن.

تاز بالا قورقۇپ قويلارنىڭ قېشىغا كەتتى ۋە بىردەمدىلا ئىچى پۇشۇپ يەنە قايتىپ كەلدى.

— قوچقىرىڭنى تۇتسالڭ، ساغلىقىمغا چېپىشتۇرۇپ ئوينايلىمۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە بىزەڭلىك بىلەن.

— يوقال، قۇماق تاز! — دېدى روزى ۋە ئۇنىڭ بېشىغا بىر شاپىلاق سالدى. تاز بالا ۋايجانلاپ يىغلاپ كەتتى. روزى بولسا پەرۋاسىزلىق بىلەن قولىنى يەرگە سۈركەپ:

— تېزىڭ قولۇمغا كۆچمىسۇن يەنە، — دېدى، ئاندىن بېرىپ تاز بالىنى دۈشكەلەپ تۇرغۇزدى:

— ئەمدى مەن يوق ۋاقتىمدا قوچقىرىمنى ساغلىقىڭغا مىندۇرۇپ ئوينايدىغان بولساڭ ...

روزى سەت گەپتىن بىرنى دەي دەپ تۇرۇشىغا، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى بىلەن تەڭ دۈڭلۈكتە ئون نەچچە كىشى پەيدا بولدى. بۇنداق كۆپ سۇرلۇك ئاتلىقنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئىككى بالا، ھەم قورقۇپ، ھەم ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. شۇنداقلا تاز بالا سەت گەپتىن ۋە يەنە بىر شاپىلاقتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئاتلىقلار تۆۋەنگە ماڭغاندىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر تەختىراۋاننىڭمۇ بارلىقى مەلۇم بولدى. ئاتلىقلار كېلىپ بۇ ئىككى بالىنى قورشىدى. ئارقىدىن تۆت كىشى سىلىق قەدەملەر بىلەن كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلگەن تەختىراۋانغا يول بېرىشتى. بۇ تەختىراۋان ناھايىتى ئېسىل بېزەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سايىۋىنى

تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. تەختىراۋاندا تاۋار ـ دۇردۇنغا ئورالغان سۇر ـ سالاپەتلىك بىر كىشى ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقانچە بۇ ئىككى بالىغا سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى. ئىككى بالا بولسا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئوتتۇرىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشقانىدى. سۇرلۇك كىشى تەختىراۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ، تىترەپ تۇرغان كىشىگە قاراپ ئىشارەت قىلدى. ئۇ كىشى ئاستا بالىلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. شۇندىلا تاز بالا نەچچە يىلدىن ئۆزلىرىگە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ لازىمەتلىكلەرنى ئەكېلىپ بېرىۋاتقان ۋە تۇرۇۋاتقان ئورنىدىن كۆچمەكچى بولسا بىر قوللۇق كۆچۈرۈشۈپ بېرىدىغان، ئەمما بىرەر ئېغىز تۈزۈك گەپ قىلغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ كىشىنى تونۇپ يېنىك تىن ئالدى. ئۇ كىشى بولسا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي «مۇشۇ بالا شۇ» دېدى.

— بۇياققا ئەكەل! — دېدى تەختىراۋاندىكى كىشى دەرھاللا. ئۇنىڭ تۇرقى ۋە تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ نېمىگىمدۇر تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ھېلىقى كىشى تاز بالىنى يەردىن يۆلەپ ئېلىپ ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئۇ كىشى بالىغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئالدىمغا قوي! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ھېلىقى كىشى بۇيرۇقنى دەرھال بەجا كەلتۈردى. بالا تەختىراۋاندا — ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا قورۇنۇپ يەرگە چۈشۈپ كېتىشكە ئۇرۇندى. ئۇ كىشى بالىنىڭ كۆزلىرىگە خېلىغىچە تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ تاز بېشىنى مەھكەم قۇچاقلاپ «ۋاي، مامۇتبەگ بالام!» دەپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۈتمىگەن تاز بالا ھودۇقۇپ ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يۇلقۇندى. ئەمما، بۇ مۆتىۋەر كىشى بولسا، خۇددى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان ئىزدەۋاتقان قىممەتلىك نەرسىسىنى تېپىۋالغان كىشىدەك ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى. ئەلپازىدىن، ھەتتا ئۇ بالىنىڭ بېشىدىكى تازلىرىنى يالاپ

تۇگىتىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى.
بۇ ھالدىن نۆكەرلەر مەڭدەپ قېلىشتى. ئۇلارچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا شاھانە كىيىنگەن، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، بەستىدىن كىشى ئەيمەنگۈدەك جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بىر بەگزادە چىقسا بولاتتى. ئەمما ... قىسمەتنىڭ بۇ قەدەر ئويۇنلىرىغا ئىنسان ئەقلى دائىم لال بولۇپلا كەلگەن. نۆكەرلەر رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ بالىنىڭ تاز بېشىدىن يىرگىنىشكە ھەرگىز پېتىنالمىدى. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى روزى بولسا، بەگنىڭ ئاۋار - دۇردۇنلۇق تونىغا ئورىنىپ يۇلقىنىۋاتقان تاز بالىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزى بوزەك قىلىۋاتقان، ھەدېسە «ھارامدىن بولغان» دەپ تىللايدىغان بالىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. شۇنداقلا، قانداقتۇر بىر قورقۇنچتىن غال - غال تىترەشكە باشلىدى.
تولۇق قوراللانغان چەپ بېگى ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاستا ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا كەلدى:
— بېگىم، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايلى.
شۇنىڭ بىلەن كەلگەنلەر بەگ بىلەن قوشۇپ تاز بالىنىمۇ تەختىراۋاندا كۆتۈرۈپ مەھەللە ئىچىگە قاراپ يول ئالدى. تېخىچە ئېسىگە كېلىپ بولالمىغان مامۇت تاز تەختىراۋاندىن كەينىگە قاراپ «مېنى قۇتۇلدۇرۇۋال» دېگەندەك روزىغا قاراپ قول پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى ...

## 2

1877 - يىلى شىنجاڭدا ھاكىمىيەت نۇقتىسىدىن ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ تەقدىرىدە ئانچە ئۆزگىرىش بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۈستىدىكى قارا قامچا يەنە ھۆكۈمرانلارنىڭ مەيلىچە ئاۋاز چىقىرىپ قارسىلداۋەردى.

1877 ـ يىلى بەدۆلەت دەپ ئاتالغان ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدىكى 13 يىللىق دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە نەزىرىنى بۇ ھىممەتلىك زېمىنغا تىكتى. شىنجاڭنى يەرلىك ھاكىمىيەت بولغان ۋاڭلىق تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ باشقۇرۇشنى ئەڭ ياخشى تەدبىر دەپ قاراپ، تۆۋەنگە ئىمىن ۋاڭ ئەۋلادلىرىنى تېپىپ ۋاڭلىققا تەيىنلەش پەرمانىنى چۈشۈردى. ئىلىدا بوۋاق ھېكىم[1] ۋاڭلىق شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تۇرپاندا ئىشەنچلىك بىر ۋارىس چىقمىدى.

خەلقنىڭ يىلىكىنى شورايدىغان رەزىل پىلانلار تۈزۈلىدىغان، ئەيش ـ ئىشرەت قاينايدىغان لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ ئېگىز ئوردىسىدا سۈرلۈكلۈك ۋە يۈرەكلەرنىڭ ئەنسىز سوقۇشى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

ئەڭ ئىچكىرىدىكى بۇ خانىدىمۇ ئۆز مەنسەپ ـ دەرىجىلىرىگە يارىشا ئورۇن ئېلىشقان چوڭ تەيجى، كىچىك تەيجى، ئەئىلەم ئاخۇن، قازى، ئىشىك ئاغىسى، ئۈچ بېگى، كا بېگى قاتارلىقلار ئالدىلىرىدىكى مەزەلەرگە بېقىشقىمۇ رايى بارماي، ھازىرغىچە ۋاڭلىققا ۋارىس تاللاش ئىشىدا چىش يېرىپ بىر نەرسە دېگىلى ئۇنىمايۋاتقان ۋە ھازىرمۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان تەيجى مەئىنىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇشۇپ ئولتۇراتتى. بۇ قېرى تەيجى مۇشۇنداق سىرلىقلىقى بىلەن ئوردىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا، بىر كىشىلىك سۈر ـ ھەيۋىگە، بىر كىشىلىك تەسىر دائىرىگە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقىلى ئۇزۇن ۋاقىتلار بولغانىدى.

— تەيجى بېگىم، — دېدى بىر چاغدا ئىشىك ئاغىسى تاقەت

---

[1] بوۋاق ھېكىم — ئەسلىي ئىسمى ئىلياس. ئۇ 1882 ـ يىلدىن 1891 ـ يىلغىچە ئىلىدا ھاكىمبەگ بولغان.

قىلالماي، — بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىساق بولمايدۇ. پەغىپۇر خاننىڭ يارلىقىغىمۇ خېلى بولۇپ قالدى. يا ئۆزلىرى بىر نېمە دېسىلە، يا بىزنىڭ ئويلىغانلىرىمىزغا ماقۇل كەلسىلە.

قېرى تەيجى كۆزىنى سەل ئېچىپ، ئەمدى ئۆزىنىڭ بىر نەرسە دەيدىغان پەيتى كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندەك تولىمۇ تەستە مىدىرلىتىدىغان يوغان سەللىلىك بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھەرقايسىلىرىغا مەلۇملۇق، ھازىر ۋاڭنىڭ پۇشتىدىن بولغان ۋارىسى چىقمىدى. يەنە شۇنىمۇ كۆردۇقكى، ۋاڭنىڭ تۇغقانلىرى لەۋزى ھالاللىق قىلمىدى، يەنە نۇرغۇن كاتتىلارنىڭ نىيەتلىرى دۇرۇس بولمىدى. مەن دېمەكچى، بىر ۋاڭلىقنى باشقۇرماق ئۆزى بەسى مۇشكۇل، ئۇنى ئەمدى بۇ كۈندە ئالدىراپ بىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويساق، ئۆزىمىزنىڭ مۇشكۇلچىلىكتە قېلىشىمىز كۈندەك ئېنىق.

— راست، تەيجى بېگىم ھەق گەپ قىلدى.

— بەرھەق، بەرھەق، ھەق گەپ.

— ۋاڭلىقىمىز تەس كۈنگە قالسا، ئۇلۇغ خوجىمىز ئىمىن خوجامىنىڭ روھى قورۇنماسمۇ؟

— ئەنە شۇ سەۋەبلەر ۋەجىدىن مەن مۇنداق ئويلاپ يۈرۈپتىمەن: ھازىر ۋاڭلىقنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى يوق. ئەممازە، ۋاڭ بولمىسا بولمايدۇ. مەن بولسام ۋاڭ ئوردىسىدا سادىقلىق بىلەن يىگىرمە نەچچە يىل تەيجىلىك قىلدىم، ۋاڭلىققا نۇرغۇن ئەجرىم سىڭدى، ياشلىقىم، نۆۋەر چاغلىرىم سەرپ ئېتىلدى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، ئۇشبۇ شارائىتتا ۋاڭلىق ماڭا جايىز كەلمەسمۇ؟

بۇ گەپ بىلەن خانا ئىچى تېخىمۇ سۈرلۈكلىشىپ كەتتى. ۋەزىر - ۋۇزرالار چۆچۈشۈپ، ئەندىكىشىپ، ھەيران قېلىشىپ بىر - بىرىگە قاراشتى. جىملىق خېلى ئۇزۇن ھۆكۈم سۈردى. قېرى تەيجى يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ھەرقايسى بەگلىرىم بۇنى جايىز كۆرەرلىمىكىن؟

ئولتۇرغانلار بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن ئەئىلەم ئاخۇنۇم ئورنىدىن قىمىرلىدى:

— ھازىر نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. نامازنى قازا قىلمايلى. نامازدىن كېيىن. ھە ...

باشقىلارمۇ خۇددى مۇشۇ گەپنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ۋە تەرتى قىستاپ ئارانلا بولۇپ قالغاندەك ئورۇنلىرىدىن دۈررىدە تۇرۇشۇپ سىرتقا مېڭىشتى. مەئىن تەيجى بولسا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھومىيىپ قاراپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، كەچتە بىرنەچچە كىشىنى ئۆز خانىسىغا چاقىرتىپ، ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئورنىدىن تۇردى.

كەچلىكى مەئىن تەيجىنىڭ ياسىداق مېھمانخانىسىدا مول زىياپەت بولدى. نازۇ نېمەتلەردىن تويغۇچە يەپ كېكىرىكلىرىنى بېسىشالماي قالغان ھېممەت كاھ قاتارلىقلار پاكار بويلۇق، يوغان قورساق، دوغىلاق كەلگەن، كىشىلەر «توقچەن بەگ» دەپ لەقەم قويۇۋالغان مەئىن تەيجىگە يەل بېرىپ:

— تەيجى بېگىم خانلىققا مەلۇم قىلىنغان جاپۇ [1] دا ئەفرىدۇن جۇنۋاڭنىڭ ئىزىنى باسىدىغان پۇشتى يوق، بەزىلەرنىڭ دەۋاسى قۇرۇق دەۋا، ئۆزلە چىڭ تۇرۇپ بېيجىن خانلىقتىن يارلىق ئالسىلا ئىش پۈتەتتى، جۇنۋاڭلىقنىڭ تەيجى بېگىمگە كېلىشىدە شەك يوق، — دېدى. ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىدا خۇشامەت ھەم تەمە روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ئۈمىدلىرى شۇ بولسا، مەن ئەتىلا ئوردا كېڭىشى چاقىرىپ، ۋاڭ نامزاتىنى بەلگىلەپ، تۇرپان ئامبىلى ئارقىلىق خانلىققا مەلۇم قىلغايمەن، — دېدى مەئىن تەيجى قىلچە ھېيىقمايلا. ۋاڭ بولۇش كويىدا قالغان بۇ قېرى تەيجى ھازىر سەت ـ چىرايلىقنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتكەنىدى.

---

① جاپۇ — خەنزۇچە «جياپۇ» (家谱) دىن ئۆزگەرگەن سۆز. ئائىلە نەسەبنامىسى. بۇ نەسەبنامە مەلۇم قەرەلدە بىر قېتىم خانلىققا مەلۇم قىلىنغاندا، خانلىق بىر قېتىم ئەنگە ئالىدۇ.

# 3

خۇشنارە خېنىم بۇ گەپتىن خەۋەر تېپىپ ئۆز يېشىغا ماس كەلمەيدىغان تېزلىك بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— مەئىن تەيجىنىڭ بۇ ئىشى ۋاڭلىقىمىزغا قارا سانىغانلىق! — دېدى خۇشنارە خېنىم ئېغىر ھاسىراپ تۇرۇپ، — تۇۋا خۇدايىم، ئۇنىڭ نىيىتى ئەجەبمۇ قارىكەن.

خۇشنارە خېنىم خۇددى ھازىرلا ئېغىر بىر زەربە ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، ئۆلۈمنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ قالغان ئاجىز تېنىنى يانجىپ تاشلايدىغاندەك، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ ۋاڭلىق تەختى شۇنىڭ بىلەن خانىۋەيران بولۇپ كېتىدىغاندەك مەھرۇملۇق تۇيغۇسىدا قالدى. چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ يېتىپ، ۋاڭلىقنىڭ ۋارىسى قالمىغىنىغا بەك ھەسرەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خىيالىغا ئۇلۇغ بوۋىسى ئىمىن خوجىنىڭ قانداق قىلىپ ۋاڭلىق تەختىگە چىققانلىقى، خەتەرلىك پەيتلەردىكى چوڭ كۆچۈشلەر، تۇرپان ۋە قەشقەر دىيارلىرىنى بىر قوللۇق سوراپ ئۆتكەنلىرى، ياقۇپبەگنىڭ ئۇلارغا كەلتۈرگەن تالاپەتلىرى ۋە شۇ يىللاردا تارتقان جەبىر - جاپالىرى، جىنىنى ئەپقېچىشلىرى، ياقۇپبەگنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى، بەيزى گۇڭلارنىڭ بەختسىزلىكلىرى ... بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئەسلىدە خۇشنارە خېنىمنىڭ بۇ خىيالنى قىلىشى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكەنكى سەلتەنەتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىگە ئازراق بولسىمۇ ئاراملىق، تەسەللى بېرىش ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ كۆز ئالدى «پاللىدە» يورۇپ كەتكەندەك بولدى. «توغرا، — دەپ ئويلىدى خۇشنارە خېنىم خۇددى ھازىرلا جىددىي ۋە يىراق بىر سەپەرگە جابدۇنىدىغاندەك ئورنىدىن تېز تۇرۇپ، — توغرا، توغرا، نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغاندىمەن، يەكەن

دىيارىدا ۋارىسىمىز بارغۇ؟! ۋاڭ دېگەن شۇ!»
شۇنىڭ بىلەن قەتئىيەتكە كەلگەن خۇشنارە خېنىم بۇيرۇدى:
— دەرھال ئاسىم تەيجىنى چاقىرىڭلار!
كونا ئەمدىلا قىزىرىپ چىققان، ئوردا دەرۋازىلىرى يېڭىلا ئېچىلغان سەھەردە، 41 تاش پەلەمپەي ئالدىدا، ئېگىز بويلۇق، ئۆسكىلەڭ قاشلىق، قاڭشارلىق، يۈزلىرى سەل تاتىراڭغۇ 50 ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپ، يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان ھالدا ئالدىراپ، تاش پەلەمپەيلەردىن ئۆتۈپ ئوردىغا كىرىپ كەتتى.
يىگىرمە نەچچە مېتىر كەڭلىك، ئەللىك نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نەققاشلىق تۈۋرۈكلەر بىلەن تۇرغۇزۇلغان چوڭ لەمپىلەر ئاستىدىن، ئىككى تەرەپتىكى رەتلىك ئۆيلەر ئالدىدىن ئۆتكەن ئاسىم تەيجى ئالدىراپ ئوردا كۇرەسىگە كىرگىنىدە ئوردا خىزمەتچىلىرى كۇرەنى تازىلاۋاتاتتى. ئۇلار ھۆرمەت بىلەن ئاسىم تەيجىگە سالام بېرىشتى.
ئاسىم تەيجى باش كېنىزەك زەينەپكە قاراپ:
— پۇجۇڭ[1] خېنىم ئورنىدىن تۇردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— خېلى بولدى، ئۆزلەرنى ساقلاۋاتىدۇ، مەن خەۋەر قىلاي، — دېدى ـ دە، زەينەپ نەققاشلىق، سىرلانغان بىر ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەتتى. ئاسىم تەيجى ئىشىك ئالدىدا سەل كۈتتى. ئازدىن كېيىن زەينەپ چىقىپ:
— تەيجى بېگىم، ئۆزلىرىگە ئىجازەت، پۇجۇڭ ئاغىچام ئۆزلىرىنى كىرسۇن دەيدۇ، — دېدى.
ئاسىم تەيجى ئېھتىرام بىلەن ئۆيگە كىرگىنىدە، ئوتقاشتەك گىلەملەر بىلەن ئالاھىدە بېزەلگەن بۇ ئۆيدە ياشىنىپ قالغان خۇشنارە خېنىم ماموق كۆرپە ئۈستىدە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى.

---

[1] پۇجۇڭ — خېنىم، مەلىكە. لوكچۇن ۋاڭلىقىدىكى ۋاڭ بىلەن بىۋاستە قانداشلىقى بولغان قىز ـ ئاياللارنىڭ ھۆرمەت نامى.

خوشنارە خېنىم يېشى توقسانلارغا ئۆلىشىپ قالغان، چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن، چىرايى سارغۇچ، تاتىراڭغۇ بولسىمۇ، تېخى يېشىغا مۇناسىپ ھالدا يۈزىگە تولۇق قورۇق چۈشمىگەن ئايال ئىدى. ئاسىم تەيجى ئوردا قائىدىسى بويىچە خوشنارە خېنىمدىن ئامان - ئېسەنلىك سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆرسەتمىشى بويىچە يانغا چىقىپ ئولتۇردى. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن:

— تەيجى بەگ، ئوردىدا جۇڭغار ۋارىسى توغرىسىدا قانداق گەپلەر بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى خوشنارە خېنىم.

— ئەفرىدۇن بېگىم بىئەجەل قازا تاپقاندىن كېيىن، ھازىر ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان مەئىن تەيجى ۋاڭ بولۇشقا ئالدىراۋاتىدۇ. ئۇ «ئەفرىدۇن بېگىمنىڭ جايىغا ئېلىنىپ خانلىققا مەلۇم قىلىنغان، ئىزىنى باسقۇدەك ۋەلىئەھدىسى يوق. شۇ ۋەجىدىن تەيجىلەردىن بىرىنى خانلىققا مەلۇم قىلىپ گاڭ[1] بولۇشقا يارلىق ئالساق» دەۋاتىدۇ. ھېمىت كاھ قاتارلىقلار خۇشامەت قىلىپ «مەئىن تەيجى بېگىمگە شەكسىز ۋاڭلىق كېلىپ قالدى، خانلىقتىن يارلىق ئالساقلا ئىش پۈتىدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ. مەئىن تەيجى بۈگۈن، ئەتە بۇ توغرىدا ئوردا كېڭىشى چاقىرماقچى، — دېدى ئاسىم تەيجى.

— ئىش ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس، بۇ ۋاڭلىقنى بوۋىمىز ئىمىن خوجا قانلىق يېغا قىلىپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىچكىرىسىدە 20 يىللاپ سەرگەردان يۈرۈپ، ناھايىتى مۈشكۈلدە خانلىقنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ قولىغا ئالغان، شۇنىڭدىن بۇيان مېنىڭ ئوغلۇم ئەفرىدۇن بەگكىچە بىر ئەۋلادتىن يەتتە ۋاڭلىق ئۆتۈپتۇ. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بەزىلەر نەسەبنى ئۈزۈپ ۋاڭلىقنى تارتىۋالماقچىمۇ؟ ئەفرىدۇن بەگنىڭ ئىزىنى باسىدىغان پەرزەنتى يوق دەپ كىم ھۆددە

---

[1] گاڭ — ۋاڭ، خوجا (تورپان شېۋىسى).

قىلالايدۇ؟ ئەسلىرىدىن چىقمىغايكى، ئوغلۇم يەكەن سەپىرىدە ئىبراھىم ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالغان. كېلىنىم ئايشە پۇجۇڭنىڭ ھۆرمىتى چوڭ كېلىپ ئوغلۇم ئۇ ئايالنى ئوردىغا ئەكېلەلمىگەن. كېيىن خەۋەر تېپىشىمىزچە، ئەنە شۇ ئايالدىن تۇغۇلغان بىر ئوغۇل بولغانىكەن. ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشقا سەل قارىدۇق، جاپۇغا ئالدۇرمىدۇق. بۈگۈنكى كۈندە لازىم بولۇۋاتىدۇ. ئەنە شۇ بالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ كەلسەك دەيمەن، تەيجى بەگ قانداق قارايدىلىكىن؟ — دېدى خۇشنارە خېنىم.

— نەسەبنى ئۈزسەك لەھەتتىكىلەرنىڭ بېشى تىنچ ياتماس، ئەفرىدۇن بېگىمنىڭ شۇ ئوغلىنى ۋاقتىدا تېپىپ، بېيجىن خانغا مەلۇم قىلىپ يارلىق ئالساقلا ئىش پۈتمەمدۇ؟ مانا مەن ئەفرىدۇن بېگىمنىڭ ساداقىتىگە ئېرىشكەن سادىق قۇلىمەن، يارلىق بەرسىلە، ئىككى كاھنى بىللە ئېلىپ ئاشۇ بالىنى تېپىپ كېلەي، — دېدى ئاسىم ۋاپادارلىقىنى تولۇق ئىپادىلەشكە تىرىشىپ.

— مەنمۇ سىلىنى شۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرتقان. بۇنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئەمما ھازىر جەنۇب تىنچ ئەمەس. پەيتى كەلگەندە يەكەنگە ئۆتۈپ بالىنى ئىزدەشكە تەييارلىق قىلسىلا. مەن ۋاڭ مىرزىنى چاقىرتىپ تۇرپان ئامبال مەھكىمىسىگە خەت يازدۇرۇپ بېرەي، ئۆزلە جەنۇبقا ماڭغۇچە ئامبالغا يولۇقۇپ خەت بىلەن ئون سەر ئالتۇننى ئامبالغا تاپشۇرۇپ بەرسىلە، بالا تېپىلغۇچە بۈيۈك ئاستانىگە يېزىلىدىغان مەلۇماتنى كېچىكتۈرۈپ تۇرسا، ھازىرچە بۇ ئىش ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىدىلا بولۇپ مەخپىي تۇتۇلسۇن، — دېدى خۇشنارە خېنىم جىددىي قىلىپ.

ئاسىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خۇشنارە خېنىم يەنە ئويلىنىپ قالدى ۋە تۇرپان ئامبىلىدىنمۇ خاتىرجەم بولالماي دەرھال قەغەز - قەلەم كەلتۈرۈپ تۆگچىنى چاقىرتىپ، چىڭ

ھۆكۈمىتىنىڭ قاشقوۋۇقتىن چىققۇچى قوشۇنلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنى، شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنىڭ باش بۇغى لىيۇ جىنتاڭغا ئالدىنئالا ئىلتىماس يازدى:

«... ئوغلۇم ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشىچە، 1864 ـ يىلى كۈزدە قەشقەردىن يەكەنگە بارغان مەزگىلىدە يەكەن بەگلىرىنىڭ دالالىتى بىلەن بىر قىزنى ئەمرىگە ئالغانلىقى مەلۇم. خۇدايىم بەرگەن بولسا، بىرەر پەرزەنتلىك بولغان بولسا ئەجەب ئەمەس. مەن بېرىپ سۈرۈشتە قىلىمەن. خانلىقنىڭ ۋاڭ جەمەتىدىن ھەقىقىي ۋارىس چىقمىغۇچە باشقا كىشىلەرنى ۋارىس قىلىپ بەلگىلىمەسلىكنى ئۈمىد قىلىمەن ...»

نامىنى يېزىپ بولغان خۇشنارە خېنىم ئوردىنىڭ شاتىرىنى ① چاقىرىپ:

— ھازىر زۇڭتۇڭ ② دارىن دېگەن كىشى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. سەن بۇ خەتنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇپ، شۇ دارىننى ئىزدەپ تېپىپ ئۆز قولىغا بەر، — دەپ قاتتىق جېكىلىدى.

1877 ـ يىلى 8 ـ ئاي. پاچا ساغالدىكى ③ ھەربىي بارگاھ. تۇرپان ـ توقسۇن ـ داۋانچىڭدىن ئىبارەت ئۈچ بۇرجەكلىك مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تەستە قولغا كەلتۈرۈپ يۈرىكى تىنغان زۇڭتۇڭ لىيۇ جىنتاڭ شۇ تاپتا زو زۇڭتاڭنىڭ «داۋانچىڭ ـ توقسۇن ـ تۇرپان سوقۇشى غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقارغاندىن بۇيان مىسلى كۆرۈلمىگەن زور

---

① شاتىر — تېز ماڭىدىغان ئايىغى يېنىك كىشى.

② زۇڭتۇڭ — باش بۇغ، باش قوماندان.

③ پاچا ساغال — تۇرپان بىلەن داۋانچىڭ ئارىلىقىدىكى داۋانچىڭغا يېقىن بىر يەر.

غەلىبە بولدى» ① دېگەن يۈكسەك باھاسىنى ئويلاپ غەلىبە ۋە مەدھىيە خۇشلۇقىدا ھۇزۇرلۇق خىيالغا پاتقانىدى ...

ليۇ جىنتاڭ ئەسلى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭشياڭ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى بىلەن نيەنجۈن قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرغان، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشالاردىكى تۇڭگانلارنى باستۇرغان ليۇ سۇڭسەن دېگەن سانغۇننىڭ جىيەنى ئىدى. مەزكۇر ليۇ سۇڭسەن خاننىڭ شەنشى ئۆلكىسىگە ئەۋەتكەن شىمالىي يۈنىلىش ئارمىيەسىنىڭ باش بۇغى بولۇپ ۋەزىر زىڭ، گوفەننىڭ قول ئاستىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى. تۇڭجىننىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 1870 - يىلى) 2 - ئايدا شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ماجەي دېگەن يېرىدە قوزغىلاڭچى تۇڭگانىيلار بىلەن سوقۇشى ئۆتكۈزگەندە ئۇ تۇڭگانىيلارنى ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈچۈن غەزەپلەنگەن تۇڭگانىيلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ليۇ جىنتاڭ تاغىسىنىڭ بارگاھىدا ئىشلەپ سۆڭكى قاتتىق سانغۇن ئىدى. كۆپ قېتىم تۇڭگانىيلارنى باستۇرۇشقا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەلى تەدرىجىي ئۆرلەپ ماڭغانىدى. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا زو زۇڭتاڭ تەرىپىدىن خاننىڭ قاشقوۋۇقتىن چىققۇچى قوشۇنلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنى، باش بۇغى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن جيايۈنگۈەندىكى «بارسا كەلمەس يول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قوۋۇقتىن چىققان ئون ئادەمنىڭ بىرىلا ساق يانىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان تاش ئابىدە ئالدىدا زوزۇڭتاڭ بىلەن خوشلاشقاندىن تارتىپ، بۈگۈنگە قەدەر تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى ساداقەتمەنلىك بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆتكۈزگەنىدى. مانا ئەمدى چوڭ ئامەت ئۇنىڭغا يۈز ئېچىپ تۇرۇپتۇ. خان مۇپەتتىشى، لەنجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۇڭدۇسى (باش

---

① «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زو زۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. خەت - چەكلەر» 18 - جىلد.

ھەربىي ۋالىيسى) زو زوڭتاڭنىڭ «ئاستا ئىلگىرىلەش، تېز تېگىش قىلىش، شىمالدا ئىلگىرىلەش، جەنۇبتا تېگىش قىلىش»؛ «ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك، شەھەرلەردە قەتلىئام يۈرگۈزمەسلىك، خوتۇن ـ قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلماسلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزمەسلىك» ① قاتارلىق بەشنى قىلماسلىقتەك مۇھىم ھەربىي تەبىرلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، 1876 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ئېلىپ بېرىلغان «ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، شىمالىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش» مەقسەت قىلىنغان «ئۈرۈمچى جېڭى»؛ 1877 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان تۇرپان قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ جەنۇب تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدىغان «جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش» ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولغان كۆمۈش بىلەن ئۇششاقتالنى ئىگىلەپ، ئاندىن مۇھىم ئۆتكەل قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشنى پىلانلاۋاتاتتى.

— لۇكچۈن ۋاڭلىقىدىن ئالاقە كەپتۇ.

مۇھاپىزەتچىنىڭ مەلۇم قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ شېرىن خىيالى ۋە «جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش» ھەققىدىكى كاتتا پىلانى بۆلۈندى.

قاشقۇۋۇقتىن چىققۇچە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن تەپسىلىي مەلۇمات ئىگىلىگەندە تۇرپان، قۇمۇل ۋاڭلىقى ھەققىدە ئاڭلىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھەمدەمدە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولغان دارىن ليۇ جىنتاڭ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئىجازەت بەردى:

— دەرھال كىرسۇن!

ئۇستىبېشىنى توپا ـ چاڭ باسقان شاتىر خاس خانىغا كىرىپلا

① «مەرىپەتلىك، مەدەتكار زو زوڭتاڭ ھەزرەتلىرى ئەسەرلىرى. نامىلەر» 17 ـ جىلد.

ئىككى پۈكلىنىپ تىزلاندى ۋە مەخپىي نامىنى ئىككى قوللاپ لىيۇ جىنتاڭغا سۇندى. لىيۇ جىنتاڭ نامىنى ئېلىپ ئوقۇدى ۋە مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ قوشۇمىسىنى تۈردى. «بۇ قانداق خەق؟ بىز بۇ يەردە ئۇلۇغ سەلتەنەت ئۈچۈن جان تىكىپ جەڭ قىلىۋاتساق، بىزگە يار ـ يۆلەكتە بولۇشنىڭ ئورنىغا بۇلارنىڭ ئۆز غېمىدە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى! بىز ئالدىمىزدىكى چوڭ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتساق، بىزنىڭ زېھنىمىزگە مۇلاقىت يەتكۈزۈپ ۋاقىتلىق دەۋاسىنى قىلىپ يۈرگىنىنى!» شۇنداق ئويلىغان لىيۇ جىنتاڭ شاتىرغا قاراپمۇ قويماي:

— مەن ئىشىڭلاردىن خەۋەردار بولدۇم، پەيتىنى تېپىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغايمەن، — دېدى ۋە مۇھاپىزەتچىسىگە بۇيرۇدى، — بۇنىڭغا تاماق بېرىپ، يولغا سېلىپ قويۇڭلار!

شاتىر كەينى ـ كەينىدىن «خوش» ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ۋەزىپىنى تېز ئورۇندىغىنى ۋە زۇڭتۇڭ دارىنىنىڭ ئۈمىدلىك گەپ قىلغىنى ئۈچۈن خۇشنارە خېنىمدىن ئىنئام ئېلىش شادلىقىغا چۆمۈلگەنىدى.

ئەمما، لىيۇ جىنتاڭ خەتنى بىر چەتكە تاشلاپ قويدى ۋە ھەربىي تاكتىكا ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ئەمما زېھنىنى يىغالمىدى. بايىقى خەتنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ ئەقىل تولپارىنى چاپتۇرۇشقا پۈتلىكاشاڭ بولغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەتنى يەنە قولىغا ئالدى ۋە زو زۇڭتاڭنىڭ تۇرپانىنىڭ تۇنجى ئىنانچىخانى ئىمىن خوجىنىڭ «چىڭ خانىدانلىقىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنىڭ چوڭلۇقى، شۇ سەۋەبلىك چيەنلۇڭ خاننىڭ ئۇلارنى بەكمۇ قەدىرلىگەنلىكى» ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ۋە زو زۇڭتاڭنىڭ تۇرپان، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئەسكەرتمىلىرىنى يادىغا ئېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن بۇ ئىش ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ «ئىنانچىخان ۋارىسىنى بېكىتىش»نىڭ ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەسلىكىنى

تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن لىۇ جىنتاڭ قولىغا قەلەم ئېلىپ زو زۇڭتاڭغا بۇ ھەقتە خەت يېزىشقا تۇتۇندى...

## 4

لىۇ جىنتاڭنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ لېۋىنى چىشلەپ بىر يىلدەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ تاقىتى - تاق بولغان خۇشنارە خېنىم بۇگۇن مەلۇمچىنى چاقىرىپ ئەكابىر - ئەشرەپلەرنى دەرھال ئوردىغا يىغىشقا بۇيرۇدى. ئارقىدىن ئۇ خاس كېنىزىكىگە ئۆزىنى ياساشنى بۇيرۇپ، مەنسەپدارلارنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى روھلۇق كۆرسىتىپ چىقماقچى بولدى.

مۇشۇ كۈنلەردە تۈرلۈك تەمە ۋە ھىيلىلەر بىلەن قولىقى ئوردا ئىچىدىن چىقمىغان خەۋەرلەردە بولۇپ قالغان بۇ تۆرىلەر «يەنە نېمە يېڭى گەپ چىققاندۇ؟» دېيىشىپ ئالدىرىشىپ بىردەمدىلا ئوردىدا ھازىر بولۇشتى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان مەئىن تەيجى قانداق پىلانلاشنى بىلەلمەي تۇرغاندا بۇ ئوردا كېڭەشنىڭ ئېچىلماقچى بولۇشى، ئۇنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى. بۇ كېڭەشكە تەيجىلەر، توپ بېشى، قازى كالان، دىۋان بېگى، باش كاھ، خۇشنارە خېنىم قاتناشتى. مەئىن تەيجى خانلىققا مەلۇم قىلىنغان نەسەبنامىنى ئوقۇپ بولۇپ:

— جۇنۋاڭىمىز ئەفرىدۇن بېگىم ۋاپات بولۇپ كۆڭلىمىز سۇندى، يۇرت ئەھلىگە ئاتا بولۇپ باشقۇرىدىغان ۋاڭ بولمىسا بولمايدۇ. ئەفرىدۇن بېگىمنىڭ جايىدا ئىزىنى باسقۇدەك ۋەلىئەھدىسى يوق. شۇ ۋەجىدىن جۇنۋاڭ نامزاتىغا تەيجىلەردىن بىرىنى كۆرسىتىپ خان ئالىيلىرىدىن يارلىق ئالساق دېمەكچىمەن، — دېدى.

— ئۆز ۋاقتىدا مەئىن تەيجى بېگىم، ئەفرىدۇن بېگىمنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولغان، ھالا بۇگۇنكى كۈندە جۇنۋاڭ نامزاتىغا مەئىن تەيجى بېگىمدىن ئارتۇقى تېپىلمايدۇ. ۋاڭلىقنى

مەئىن تەيجى بېگىمگە بېرىپ، خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپات يارلىقىنى پاتراق ئالساقمىكىن، دەيمەن، — دېدى ئېگىز بويلۇق، كالانپاي كەلگەن ھېمىت كاھ.

ھېمىت كاھىنىڭ گېپىگە يەنە بىر نەچچىسى قوشۇلدى. مەئىن تەيجىگە قارشى تۇرىدىغانلار بولسا خۇشنارە خېنىمنىڭ بىر نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغا قاراشتى.

مەئىن تەيجى، ھېمىت كاھىنىڭ گەپلىرىگە قاتتىق غەزەپلەنگەن خۇشنارە خېنىم ۋاڭنىڭ ئانىسىغا خاس سۇر بىلەن:

— لۇكچۇن ۋاڭلىقى خانلىقنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يەتتە ئەۋلادتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. نەسەبنى ئۇزۇپ، جۇنۋاڭ بولۇشقا تولا ئالدىراپ كېتىشمىسىلە، مەن خۇدانىڭ نامى بىلەن ئېيتىمەنكى، بىئەجەل ئۆلگەن ئوغلۇمنىڭ پەرزەنتى بار! — دېدى.

كېڭەش ئەھلى بۇ گەپتىن ھەيران بولۇشتى.

— بەگلىرىم، — دېدى خۇشنارە خېنىم تەكەللۇپسىزلا، — ۋاڭلىقىمىزنىڭ يەنە نۇسرەت تېپىۋاتقانلىقى ھەممىمىزنىڭ بەختىمىز. ئەمما ۋاڭلىقىمىز باشسىز قېلىپ ھەممىمىزنىڭ دىلى غەش. مەن يەنە شۇنىڭغا رازىمەنكى، بۇ ئىشقا ھەممە بەگلەر كۆڭۈل بۆلۈپ مېنىڭ قېرىغىنىمنى چاندۇرمايۋاتىدۇ. شۇڭا مەن ھەممىلىرىدىن مىننەتدار ... گەپنىڭ مېغىزى: جاھاننىڭ ئەنسىز چىلكىلىرى تۈپەيلىدىن مەن بىر ئىشنى سىر تۇتۇپ كەلگەن. قاراپ باقسام بۇنى ئاشكارىلاش پەيتى كەلگەن ئوخشايدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم ئەفرىدۇن ۋاڭ ئەينى يىللىرى قەشقەردىن يەكەنگە بارغاندا بىزنىڭ رۇخسىتىمىز بىلەن بىر مۆتىۋەرنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالغان. خۇدايىم بەرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن پەرزەنتلىك بولغاندۇ، كېيىنكى جەڭگى - جېدەللەر بىلەن ئۇنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئىمكان بولمىدى. مەن بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي. بۇ ئىشنى ئاندىن يەنە دېيىشسەك ...

بۇ گەپ بىلەن باشقىلار، بىردە خۇشنارە خېنىمغا قاراپ خۇشامەت كۇلكىسى بىلەن بېشىنى لىڭشىتىشسا، بىردە مەئىن تەيجىگە قاراپ مەسخىرىلىك كۇلۇشتى.

ئەمما، ئويلىمىغاندا مەئىن تەيجى تۇنجى قېتىم ئوردا قائىدىسىگە خىلاپ هالدا:

— پۇجۇڭ خېنىم، ئەۋلاد دېگەن نەسەبكە ئېلىنىپ خانلىققا مەلۇم قىلىنسا هېساب، ئەمدىزە نەدىكى ئاتىسىز بىر نېمىلەرنى ئەفرىدۇن بەگنىڭ پەرزەنتى دەپ دەۋا قىلىسىلا بۇنىڭغا كىممۇ ئىشىنەر؟! خان ئالىيلىرىمۇ گۇمانلانامدۇ؟ — دېدى.

خۇشنارە خېنىم ياشىنىپ قالغاچقا، مەئىن تەيجىنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىن غەزەپلىنىپ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى. باش كېنىزەك زەينەپ خۇشنارە خېنىمنى يۆلىگىنىچە ئاستا ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كېڭەش پاتىپاراقلاشتى. مەئىن تەيجىگە قارشى تۇرغۇچىلارمۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىقىپ كېتىشتى.

مەئىن تەيجى هېمىت كاھ قاتارلىق بىرنەچچە يېقىنلىرى بىلەنلا قالدى. ئۇ باشقىلاردىن:

— ئاسىم تەيجى بۇگۇنكى كېڭەشكە كەلمىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى بىر ئىشتىن شۇبھىلىنىپ.

— ئۆيىدىكىلەر تۇنۇگۇن چىقىپ كەتكەن دېيىشىدۇ، بىر يەرگە كەتكەنمىكىن؟ — دەپ مۇجمەل جاۋاب قىلىشتى ئولتۇرغانلاردىن بىرى.

مەئىن تەيجى بىرەر شەپىنى سەزگەندەك: «مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇ هەرگىزمۇ شەخسىي ئىشى بىلەن سىرتقا چىقمايدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم بىر جىن بار» دەپ ئويلىدى ۋە:

— هەممىمىز ئەفرىدۇن بېگىمنىڭ هايات ۋاقتىدىكى ئىشلىرىدىن خەۋەردارمىز، سىلەر بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار، مەن ئەتىلا ئامبال مەهكىمىسىگە نامە ئەۋەتەي، — دېدى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە، باشقىلارمۇ قوشۇلدى.

— لو پوجوڭ [1] خېنىمنىڭ ئۆزىنىڭ جوڭنۋاڭ بولغۇسى بارمىكىن - يە؟ ئەمما، ئۇ بىر تەرەپتىن قېرىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن كىشى قانداقمۇ يۇرت سورالايدۇ؟ — دېدى ھېمىت كاھ.

— گاڭلىق دېگەن چوڭ بالىغا قالدۇ، بالىسى بولمىسا ئىنىسىگە قالدۇ، ھېچقاچان ئاپىسىغا قالىدۇ، دېگەن گەپ يوق! ئەفرىدۇن بەگ سەككىز ياش ۋاقتىدا جوڭنۋاڭ بولغان، بالىسىغۇ يوق، ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسىمۇ يوق. بۇ خوتۇن ئەفرىدۇن بېگىمنىڭ ئاپىسى دەپ چوڭ كۆرگەننى بىلمەيۋاتىدۇ، — دېدى مەئىن.

— مەئىن تەيجى بېگىم، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقىسىلا» مانا بىز ھەممىگە گۇۋاھ! يەنىزە يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئاخىر خوتۇن كىشىنىڭ قولىغا قالمايلى، — دېدى ھېمىت كاھ.

— خۇدا خالىسا بۇ كاتتا نىيەتلىرىمىزمۇ روياپقا چىقىپ قالار، — دېدى مەئىن.

— دېۋان بەگ بىلەن قازى كالانىڭ لو پوجوڭنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغىنى يامان بولدى، — دېدى ئولتۇرغانلاردىن بىرى.

— ئىمىن سوپىمۇ «دومۇ، دو، ئىمىن گاڭنىڭ دويى» دەپ ناغرىنى سوقۇپلا گاڭلىقنى تارتىۋالغان. تەيجى بېگىم، ھېچبولمىغاندا شۇنداق قىلماي بولمايدۇ، — دېدى ھېمىت كاھ.

ھېمىت كاھنىڭ مەئىن تەيجىنى مۇنداق ۋەسۋەسىگە سېلىشتا مۇددىئاسى بار ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «مەئىن تەيجىنى ھە - ھۇ بىلەن جوڭنۋاڭ قىلساق، كېيىن باش تەيجىلىك ماڭا كېلىدۇ» دەپ ئويلايتتى. بۇ شېرىن خىيال ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگىنىدە ساقال باسقان سوقىچاق يۈزى لىپىلداپ، ئورا كۆزلىرى خۇشلۇقتىن چاقناپ كېتەتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىمقى ئوردا كېڭەشىدىمۇ ئۇ تاتلىق خىيال، تەمە بىلەن مەئىن

---

[1] لو پوجوڭ — لۇكچۇننىڭ خەنزۇچە نامىنىڭ بېشى لو بولغاچقا، خۇشنارە خېنىم «لۇكچۇن خانىشى» دېگەن مەنىدە شۇنداق ئاتالغان.

تەيجىنى ياقلىشى ۋە كۆشكۆرتۆشى ئىدى.

مەئىن تەيجى پاكار بويلۇق، دوغىلاق كەلگەن، يېشى ئاتمىشقا ئۆلىشىپ قالغان ئادەم بولۇپ، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ئوردىدا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ياقۇپ بەگ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، مەئىننىڭ ھەر تەرەپلىمە خۇشامىتى بىلەن بەدۆلەت ھاكىمىيىتى ئاستىرتىن ئۇنى ۋاقىتلىق باش تەيجى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى.

مەئىن باش تەيجى بولغاندىن كېيىن، پۇقرادىن ئالىدىغان سېلىقنى كۆپەيتىپ، ئەفرىدۇن ۋاڭ دەۋرىدىكى ئوردا تەرتىپلىرىنى بۇزۇپ، خۇددى خانلىقنىڭ يارلىقنى ئالغاندەك ئۆزىنى ۋاڭ ھېسابلايتتى. كىشىلەر «توقچەن بەگ» ① دەپ مەسخىرە قىلىدىغان مەئىن يېقىندىن بۇيان ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماس بولۇۋالغانلىقتىن، ئوردىدىكى چوڭ - كىچىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقانىدى. مەئىن بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋاڭ بولۇشقا بەكمۇ تەقەززا ئىدى. ئۇ ئوردىدا ئاسىم تەيجى، قازى كالان، دىۋان بېگىنى ئۆزىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ ھېسابلاپ، ۋاڭلىق يارلىقى كەلگەن ھامان ئۇلارنى ئىشتىن بوشىتىشنى، ھەتتا بىرەر باھانە بىلەن دىغارغا ② پالىۋېتىشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ۋاڭلىق نامزاتى مەسىلىسىگە خۇشنارە خېنىمنىڭ ئارىلاشقانلىقى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلىۋاتاتتى. ئۇ ھېمىت كاھقا:

— كاھ بەگ، سىلى ئاسىمنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكىنى ئېنىقراق ئۇقۇپ كۆرسىلە، بىز «تاش سانىغان» بىلەن، ئۇلار «قۇم سانىغان» بولۇپ چىقمىسۇن يەنە، — دېدى. ھېمىت كاھ بولسا ئۆزىنىڭ ۋە قېرى تەيجىنىڭ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ:

---

① توقچەن بەگ — توقچەن لۇكچۇننىڭ يەرلىك قوغۇنىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئادەتتە ناھايىتى يۇمىلاق ۋە كىچىك كېلىدۇ. مەئىن تەيجىنىڭ بويى پاكار، دوغىلاق، ئىككى يۈزلىمچى بولغاچقا شۇنداق لەقەم بىلەن ئاتالغان.

② دىغار — پىچان ناھىيەسىنىڭ ئەڭ چەت يېرى.

— غەم قىلمىسىلا تەيجى بېگىم، بەلنى بالدۇرراق باغلاپ، پاتراق ھەرىكەت قىلساقلا ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرى ئاقمايدۇ. ئاسىم نەگە بارار؟ بىر - ئىككى كۈن دوقمۇراپ قايتىپ كېلىدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا ۋاڭلىق جانابلىرىغا كېلىپ قالدى. مېنىڭ ئۈمىدىم، جانابلىرى ۋاڭ بولغاندا ئۆزلىرىگە ھەمدەم بولغانلارنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويمىغايلا! — دېدى.

— خاتىرجەم بولسىلا كاھ بەگ، خۇدايىم بۇيرۇسا يارلىق ئالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىدەك ئېسىل بۇرادەرلەرنى، بىلەرمەن، ئەقىلدارلارنى يەردە قويمايمىز، — دېدى مەئمىن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر - بىرىگە مەدەت بولىدىغان «شېرىن - شېكەر» سۆزلەرنى قىلىشىپ بۇ يەردىن تارقىلىشتى.

## 5

خاس خانىسىغا كىرىپ يېنىك تىن ئالغان خۇشنارە خېنىم ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ يېتىپ ئاشۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدۇ:

قەشقەر ھاكىمبېگى مۇھەممەد سىيىت كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۇ ئالەمگە كېتىدۇ. ئىمىن خوجىدىن تارتىپ مۇھەممەد سىيىتقىچە، يەنى 1759 - يىلىدىن 1825 - يىلىغىچە ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرى تۇرپان بىلەن قەشقەرنىڭ ۋاڭلىق ھوقۇقىنى تەڭ يۈرگۈزىدۇ. مۇھەممەد سىيىت ۋاڭغا قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكى بېرىلگەندە، ئۇنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى ئەفرىدۇن لوكچۇنگە ۋاڭ بولىدۇ. بۇ ھەقتە لوكچۇنلۇك شائىر ئەخمەت خوجامنىياز قىسسۇرى مۇنداق دەپ شېئىر يازىدۇ:

بولدى جۇنۋاڭ شاھى سەككىز ياشىدا،
لەئىللىق تاجى ئەفرىدۇن باشىدا.

جەددى ئەلاسى شەخسۋاز،
جەددى ئېنىڭ مىرۋەلى بوزروكۋار.
ئەۋلىيا ئەۋلادىدىن ۋە ئەھيادىدىن،
خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئەۋلادىدىن.

مۇھەممەد سىيىت ئۆلگەندىن كېيىن، ۋاڭلىق نەسەب - قائىدىسى بويىچە خۇشنارە خېنىمدىن بولغان گۆدەك ئەفرىدۇن بەگ ئۇنىڭ ۋارىسى بولىدۇ. ئەفرىدۇن قەشقەرگە رەسمىي ھاكىمبەگ بولغاندا تېخى ياش، يۇرت سوراش ئىشلىرىدا تەجرىبىسىز بولغاچقا، خۇشنارە خېنىم بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپنى كۆرگەن، ئىشتا پىشقان، كۆڭلىگە نۇرغۇن پىلانلارنى پۈكۈپلا يۈرىدىغان خۇشنارە خېنىم كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئوغلىغا ھۆسن - جامال ۋە ئەقىل - پاراسەتتە توشقان بىر قىزنى ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇشنارە خېنىم ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ تۇرپان دىيارىغا كېلىپ، جەمەت تۇغقانلىرى ئارىسىدىن لايىق ئىزدەيدۇ. ئاخىر ياڭخىلىق تۇغقانلىرىنىڭ ساھىبجامال، ئوقۇمۇشلۇق ۋە زېرەك قىزى ئايشە پوجوڭنى مۇۋاپىق كۆرۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەفرىدۇن بەگ ئايشە پوجوڭنى ئەمرىگە ئالىدۇ.

ئايشە فوجوڭ ئەھلى ئىلمىي ئائىلىدە چوڭ بولغان، مەدرىسەلەردە كۆپ يىل ئوقۇپ تەربىيە ئالغان، ئوقۇمۇشلۇق قىز بولغانلىقتىن، ئەفرىدۇن بەگمۇ خانىشىنىڭ زېرەك، ئەقىللىقلىقىغا قايىل، ھۆر - پەرىلەرنىڭكىدەك ھۆسن - جامالىغا مەپتۇن بولۇپ، خانىشىنىڭ مەسلىھەتىسىز، كۆڭۈل رايىسىز ئىش قىلمايدىغان بولىدۇ. ئاۋامنىڭ ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئايشە پوجوڭ ۋاڭنىڭ مايىللىقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ۋاڭغا مەسلىھەت بېرىپ، ئىلتىماس قىلىپ يۈرۈپ ئەفرىدۇن بەگ ئارقىلىق ئىلىم - مەرىپەت، يۇرت ئىشلىرى ئۈچۈن خېلى ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ.

بۇنڭلىق بىلەن ئايشە پۇجۇڭنىڭ دىلى يورۇق بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن دەرد ئۇنىڭ يۈرىكىنى رەھىمسىزلەرچە غاجايدۇ.

چۈنكى، ئايشە پۇجۇڭ تۇغماس ئايال ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن پەرزەنتلىك بولالمىغان ئەفرىدۇن بەگنىڭ كۆڭلى غەش، دىلى سۇنۇق، ئۆزى بولسا كۈن بويى پەرىشان يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ ئايشە پۇجۇڭغا ئىچ - ئىچىدىن مەپتۇن بولغاچقا، ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيتتى ھەم توقاللىققا كىچىك خانىش ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنى 1864 - يىلى ئەفرىدۇن ۋاڭ ۋاڭلىقنىڭ ئىشلىرى بىلەن يەكەنگە بېرىش ئۈچۈن تەرەددۇتلىنىدۇ.

ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭ نېمىگە ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىپ ئىچى تىتىلداپ يۈرگەن ئايشە پۇجۇڭ ئۇنى ئۇزىتىدىغان چاغدا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «بېگىم، يەكەن شەھىرىگە بارغاندا بولسا نەسىبە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگىلا ئامانەت قويۇپ تېز قايتقايلا، يىل ئۆتۈپ تاپارمىز» دەپ جېكىلەيدۇ. ئەفرىدۇن بەگ بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىدۇ ۋە يولچە ئويلىنىپ ئايشە پۇجۇڭنىڭ سەممىي گەپ قىلغانلىقىغا ئىشىنىپ شۇ ئىشقا جۈرئەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئەفرىدۇن بەگ يەكەنگە بارغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەكەنلىك بىر مۆتىۋەر كىشى ئۆزىنىڭ ساھىبجامال قىزىنى شۇ دەۋرنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇنىڭغا كىچىك خانىشلىققا تۇتىدۇ. ئەفرىدۇن بەگمۇ ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئالىدۇ. بىراق، بىر نەچچە ۋاقىت ئۆي تۇتۇپلا قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە خۇشنارە خېنىم بىلەن ئايشە پۇجۇڭغا ئىشنىڭ جەريانىنى يۇرتىپ قويىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1865 - يىلى قوقان خانى خۇدايارخان بالاگەر سەركەردىسى ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) نى شىنجاڭغا تاجاۋۇزچىلىققا ئەۋەتىدۇ. ياقۇپ بەگ شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەفرىدۇن ۋاڭنى نەزەربەند قىلىپ، ئۇنىڭ بېيجىڭ خانىغا تەييارلىغان سوۋغىسى — نۇرغۇن مال - دۇنياسىنى تارتىۋالىدۇ. كېيىن

ئەفرىدۇن بەگنى ھەپسىگە ئېلىپ، قىيناپ سەۋدايى قىلىپ 1872 ـ يىلى ئۆلتۈرىدۇ. ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزىگە مەلۇم بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇرلۇك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن يۇتۇنلەي يوقىتىدۇ.

ۋاھالەنكى، شۇ مالىمانچىلىقلار باشلانغاندا، خۇشنارە خېنىم بىلەن ئايشە پۇجۇڭ رەۋەندىلەر (ئېشەكچىلەر)نىڭ ياردىمى بىلەن تۇرپانغا قېچىپ كېلىۋېلىپ، پىچاننىڭ دىغار يېزىسىدىكى تۇغقانلىرىنىڭكىدە پاناھلىنىپ ئامان قالىدۇ.

مانا ئەمدى پەلەكنىڭ چاقى ئىزىغا چۈشكەندە، ۋاڭلىققا ۋارىس تاپالماسلىق قېرىغان خۇشنارە خېنىمنىڭ خىيالىنىلا ئەمەس، بەلكى جېنىنىمۇ ئارامىدا قويمايۋاتىدۇ. «ئالدىرىما مەئىن تەيجى، مۇشۇ قىلغانلىرىڭغا بىئىمان ئۆلەرسەن ئىلاھىم!» دەپ قارغىدى خۇشنارە خېنىم.

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا ئاسىم تەيجى ئىككى كاھنى ھەمراھ قىلىپ، ئاللىقاچان يولغا چىقىپ، ئەفرىدۇننىڭ ئانىسى خۇشنارە خېنىمنىڭ تەلەپنامىسى بىلەن سوۋغاتنى تۇرپان ئامبىلىغا تاپشۇرۇپ بولغانىدى.

ئاسىم تەيجى خۇشنارە خېنىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئامبال بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككى نەپەر كاھنىڭ ھەمراھلىقىدا جەنۇبقا يۈرۈپ كەتتى.

ئاسىم تەيجى يولدا ئات يەڭگۈشلەپ، تېز مېڭىپ 14 ـ كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن ئەينى يىلى ئەفرىدۇن جۇنۋاڭ چۈشكۈن قىلغان مەھەللىگە يېقىنلاشتى.

بۇ مەھەللە مەنزىرە جەھەتتىن خېلىلا گۈزەل ئىدى. ئەتراپ باغۇ بوستانلىق، ئېرىق ـ ئېرىقلارغا تارىلىپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى، ئوتلاقلار بۇ مەھەللىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. ئاسىم تەيجى ئەينى ۋاقىتتىكى سەپەرنى ئەسلەپ ئىككى ھەمراھىغا: «بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل مۇقەددەم، ئەفرىدۇن بېگىم قەشقەرگە ماڭغان سەپىرىدە، مۇشۇ

ئالدىمىزدىكى دەرەخزارلىق مەھەللىگە چۈشكۈن قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياققانلىقتىنمۇ بىر نەچچە كۈن تۇرغانىدى. بىر كۈنى چوڭ ئۆستەڭ بويىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىۋاتقان بىر گۈزەل قىزنى كۆرۈپتۇ ـ دە، چۈشكۈن قىلغان جايغا قايتىپ ھېلىقى قىزنى سۈرۈشتۈرۈشنى تاپشۇردى. بىردەمدىلا ئۇ قىزنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك بىر مۆتىۋەرنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغىنىمىزدىن كېيىن، ئەفرىدۇن بېگىم بىزگە: «شۇنداق گۈزەل قىزنى چوڭ قىلغان ئىبراھىم ئاتىغا ئىلتىماس قىلساڭلا، مەن ئۇنىڭغا ئوغۇل بولۇشنى خالايتتىم. شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئىبراھىم ئاتا ۋە ئۇنىڭ قىزى رازى بولسۇن، ھەرگىزمۇ چوڭچىلىق قىلماڭلار، مەجبۇرلىماڭلار، مەن جۇنۇۋاڭ بولساممۇ، ئۇ دىلرەبانى رەنجىتىشنى خالىمايمەن، ئۇ ئۇنىمىسا ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم، مۇھەببىتىم يۈرىكىمدە قالىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللە ئاقساقىلىنى چاقىرىپ، ئىبراھىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە سالامغا باردۇق، كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى ئېيتقاندىن كېيىن ئىبراھىم ئاكا رازى بولدى. ئۇ ئەفرىدۇن بەگنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئەفرىدۇن بېگىم رازىيە خېنىمنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ بۇ مەھەللىدە بىر ھەپتىدەك تۇرغانىدى» دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئىككى ھەمراھى ئاسىم تەيجىنىڭ ھېكايىسىنى «ھە، ھە» دەپ ئاڭلىدى. ئەمما ئۆزلىرى ئاڭلىغانلىرى بويىچە گەپ قىستۇرۇشقا، گەپ سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئۇلار ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگەچ كېتىۋېتىپ، يول چېتىدە پادا بېقىۋاتقان باللارنىڭ قىزغىن ئويناۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى. ئاسىم تەيجى ئېتىنىڭ بېشىنى ئاشۇ باللار تەرەپكە بۇراپ، ئىبراھىم ئىسىملىك كىشىنى سوراپ كۆرمەكچى بولدى.

— ھەي باللار، بۇ مەھەللىدە ئىبراھىم ئىسىملىك ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بار، ئۇنىڭ نەۋرىسى ھازىر ئاۋۇ مازار يېنىدا قوي بېقىۋاتىدۇ، — دېيىشتى باللار ۋە ھېلىقى مازارنى كۆرسىتىشتى. بۇنى ئاڭلىغان ئاسىم تەيجى جىددىيلەشتى ۋە دەرھال ئىش ئورۇنلاشتۇردى ...

ئۇلار مازار يېنىغا بارغاندا، دەرۋەقە، ئۇ يەردە باشتا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىككى بالا زېرىككىشلىك ھالدا قوي بېقىۋاتاتتى ...

تەختىراۋان ئازراق مېڭىشىغا ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇرۇۋاتقان ئاسىم تەيجى دېلىغۇل بولۇۋاتقاندەك يەنە سوراپ كەتتى:

— ئىسمىڭىز نېمە بالام؟

تاز بالا ئارانلا جاۋاب بەردى:

— ئىسمىم مامۇت.

— دادىڭىز، ئاپىڭىز بارمۇ؟

— چوڭ دادام بار، ئاپام ئۆتكەن يىلى تۇگەپ كەتتى.

— ئاپىڭىزنىڭ ئىسمى رازىيەخانمۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— بىزنى چوڭ دادىڭىزنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارسىڭىز، بىز يىراقتىن مۇھىم ئىش بىلەن كەلدۇق، — دېدى ئاسىم.

بىرئاز بېسىلغان مامۇت روزىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— روزى ئاداش، ماللارغا قاراپ قوي، بۇ كىشىلەرنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپلا كېلىمەن ...

ئىبراھىم بوۋاي قېرىپ كەتكەنىدى. ئاسىم تەيجىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئۇقۇپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتى. خۇددى ئۇزۇن ۋاقىت يۈرىكىدە ساقلىغان ئارزۇسى ئۆمرىنىڭ ئاداققى ۋاقىتلىرىدا ۋىسال قۇچقاندەك كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى. مامۇت بولسا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي بىر چەتتە تېزىنى تاتىلاپ تۇراتتى. ئىبراھىم بوۋاي ئاسىم تەيجىدىن خۇشنارە خېنىمنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن كېيىن:

— ئەفرىدۇن بەگ شۇ كەتكەنچە كەلمىدى، بەدۆلەت ئۇنى قەشقەرگە چاقىرتقاندا، بۇ يەردە چۇشكۇن قىلىشقا ئۇنى ئېلىپ ماڭغانلار ئۇنىماپتىكەن، شۇڭا ئۇ كىشى يېنىدىن بىر دانە ئالتۇن ئۇزۇكنى چىقىرىپ، بىر كىشىدىن قىزىم رازىخانغا كىرگۈزۈپتۇ. بۇ بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ۋاقلىقا مەلۇم قىلايلىمىكىن دەپ ئويلاشتۇق، لېكىن ئارا يىراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز ئوردا ئادەملىرىدىن ئەمەس، شۇڭا لەت بولمايلى، دېدۇق. بىر كۈنى خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن ئىزدەپ كېلەر، دەپ ئويلىغۇدۇق، مانا كېلىشىپتىلا، بىچارە قىزىم ئارمان بىلەن قازالاپ كەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ روھى بولسىمۇ خۇش بولار، — دېدى ـ دە، ئەفرىدۇن بەگ يادنامە قىلىپ قالدۇرغان شاھانە ئالتۇن ئۇزۇكنى ئاسىم تەيجىگە ئۇزاتتى. ئاسىم تەيجى ئۇزۇكنى خۇشاللىق بىلەن قولىغا ئېلىپ:

— ئەفرىدۇن بېگىم ئايشە خېنىمدىن پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى ... بېگىم رازىيە خېنىمنىڭ گېپىنى تولا قىلاتتى. ئاخىر ياقۇپ بەگنىڭ كاساپىتى بىلەن پەرزەنتىنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرەلمەي قەشقەردە ۋاپات بولدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەزى ئادەملەر: «ئەفرىدۇن بەگنىڭ ۋەلىئەھدىسى يوق، جاپۇدا تىزىمى يوق» دەپ ئوردىدا ۋاقلىق دەۋاسى قىلىشىپ تەخت تالىشىۋاتىدۇ، لۇ پۇجۇڭ خېنىم (خۇشنارە خېنىمنى دېمەكچى) بىزنى بۇ يەرگە بالىنى قانداقلا بولسۇن تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، شۈكرىكىم، بالىنى تاپتۇق، ئەمدى كۆڭلىمىز تىندى، — دېدى.

ئاسىم تەيجىلەر ئىككى كۈنلا تۇردى، ئۇلار ئالدىرايتتى، ئالدىرىمىسا يەتتە ئەۋلادتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋاقلىق نەسەب ئۈزۈلۈپ، جۇنۋاڭلىق يات كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئاسىم تەيجىلەر ئىككى كۈن ئىچىدە يول تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ، مامۇتنى بەگزادىدەك كىيىندۈردى. لېكىن مامۇت لۇكچۇنگە بېرىشقا ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئىبراھىم بوۋاي:

— بالام، مېنىڭ نەچچە كۆڭلىكىملا قالدى، سەن تەيجى بەگ بىلەن كەتكىن، ئاتاڭنىڭ ئىزىنى باسقىن، — دېدى.

بوۋىسىدىن، تۇغقۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ماموت، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا:

— مەن تونۇمىغان يەرگە قانداق بارىمەن؟ ھېچبولمىسا ئاغىنەم روزى بىللە بارسۇن، — دېدى. ئاسىم تەيجى ئىبراھىم بوۋاي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بولغۇسى ۋاڭغا ھەمراھ بولۇپ روزىنىڭ بىللە بېرىشى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى بىلەن سۆزلەشتى. تېزى بولغاچقا ئۆيلىرىگە كىرىشكىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدىغان، شۇ سەۋەبلىك ئۆزلىرى «ماموت تاز» دەپ چاقىرىدىغان ماموتنىڭ ئەمدى شۇنچە چوڭ بىر يۇرتقا ۋاڭ بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن روزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ ۋاڭنىڭ يېنىدا ئەزىزلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ چۇشىدىمۇ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشقا — بىر ئۆچىنىڭ ئوردىغا ئۇلىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوي بېقىپ يۈرگەن ئىككى بالا دەرھال ئېسىل كىيىندۈرۈلۈپ تەييار بولدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يەرگە كەلگەن ئۈچ كىشى بەش بولۇپ يولغا چىقماقچى بولۇشتى. ماموت بىلەن روزىغىمۇ مەخسۇس ئات تەييارلاشتى. مېڭىش ئالدىدا ئىبراھىم بوۋاي ماموتقا:

— بالام ماموت، مەن سېنى بىرىنچىدىن، ئاللاغا، ئىككىنچىدىن، تەيجى بەگكە تاپشۇردۇم. خۇدا خالىسا جۇنۇاڭ بولىسەن، مەن ئۆلسەممۇ ئەمدى كۆزۈم يۇمۇلىدۇ. مېنى يالغۇز قالدى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما، ماڭا خۇدا بار، ئەل - يۇرت بار. سېنىڭ بىلەن بىللە كېتەي دېسەم يول يىراق، قېرىپ كەتتىم. سەن كەتكىن، جۇنۇاڭ بولغىنىڭدا ئىشتا ئادىل بول، پۇقراغا زۇلۇم قىلما، ئۆزۈڭدىن چوڭلارنىڭ مەسلىھەتىگە كىر، روزاخۇن بىلەن بىر تۇغقاندەك ئۆت! تەيجى بەگ، باللار تېخى كىچىك، ياخشىراق ئىگىدارلىق قىلىپ قويالا. خەير خوش، سىلەرگە ئاق

يول تىلەيمەن، — دېدى ـ يۇ، كۆزىدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى توختىتالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى ۋە ئەتراپتىكى ئۇزاتقۇچىلارنىمۇ يىغلىتىۋەتتى. ئاسىم تەيجى ئىبراھىم بوۋاي، روزى ئائىلىسىگە بىر مۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈش قالدۇرۇپ، خوشلىشىپ يولغا چىقتى. ئۇزاتقۇچىلار توپى ئىچىدىن مامۇت، روزىلارنىڭ ئاغىنىلىرى ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ھەتتا بەزىلىرى ئۇلار بىللە كېتىشنى ئارزۇلاپ خېلى يەرلەرگىچە ئەگىشىپ ماڭدى...

# ئىككىنچى باب

# لۈكچۈن ئاسمىندا تۇمان

## 1

مەئىن تەيجى دەتالاش بىلەن ئاخىرلاشقان ئوردا كېڭەشتىن كېيىن، ھېممەت كاھىنىڭ تىڭ ـ تىڭلاپ ئېنىقلىشى بىلەن ئاسىم تەيجىنىڭ جەنۇبقا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالماس بولۇپ كەتتى. شۇڭا، ھېممەت كاھىنىڭ ئەقىل كۆرسەتكىنى بويىچە، خانلىققا مەلۇمات يوللاشقا ئالدىراپ قازى كالاننى چاقىرتتى. قازى ـــ قەشقەر خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان بىلىملىك كىشى ئىدى. ئۇ، ئەفرىدۇن ۋاڭ زامانىسىدا ئىلىم ـ مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كاتتا ئارمانلارنى قىلغاندا، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ كۆپ جەھەتتىن ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەنىدى. مەئىن باش تەيجى بولۇپ ۋاڭلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئىلىم ئەھلىلىرىنى كۆزگە ئىلماي نادانلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئوردىدا نۇرغۇن كىشىلەرنى قورساق سوقۇشتۇرۇشقا سېلىپ يۈرگىنىدىن خېلىدىن بېرى نارازى بولۇپ يۈرگەنىدى.

مەئىن تەيجى ھېممەت كاھ بىلەن سالپىيىپ ئولتۇرۇشقىنىدا قازى كالان كىرىپ كەلدى، بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قازى كالانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۆرگە تەكلىپ قىلدى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن مەئىن تەيجى ئەيمەنگەندەك قىياپەتتە سۆز باشلىدى:

— قازى ئاخۇنۇم، جانابلىرىنى بىمەھەل ئوردىغا تەكلىپ قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، يۇرتىمىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، گاڭلىققا ئولتۇرىدىغان كىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئىدى. ئوردا كېڭىشىدە لۇ پۇجۇڭ خېنىمنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ ھەممىمىز پاتىپاراق بولۇشتۇق، جانابلىرىنىڭ نەزىرىدە كىمنى گاڭلىققا ئولتۇرغۇزساق مۇۋاپىق بولاركىن؟

— «ئۆيىنىڭ ئىگىسى بولمىسا، ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان» دېگەندەك، ھەممىمىز ئاغزىغا قارايدىغان گاڭ بولمىسا بولمىغۇدەك، پاتراق خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ، گاڭنى تەختكە چىقارمىساق ئەپلەشمىگۈدەك ئاخۇنۇم! ئۆزلە يۇرت ئاتىسى، ھەممىمىز ئاغزىلىرىغا قارايمىز، — دېدى گەپ قىستۇرۇپ ھېمىت كاھ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىر مۇدھىش مەجبۇرلاش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

قازى كالان ئۇلارنىڭ ئەلپازىنى دەڭسەپ، بىردەم سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ئالماقچى بولۇشسىلا، ئاللانىڭ تەقدىرى، خاننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرىغا جۇڭغاڭلىق بېرىلگەن. ئەمدى ئەفرىدۇن بېگىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋەلىئەھدىسى يوق دەپلا يەتتە ئەۋلاد تىنچ داۋاملاشقان نەسەبنى ئۈزسەك قائىدىگە دۇرۇس بولماس، بۇنى ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. جۇڭغاڭلىققا ئىمىن خوجا ئەۋلادىدىن بىرىنى تاللىشىمىز كېرەك. ئۇ چاغقىچە خۇشنارە خېنىم ھايات بولغاندىكىن، ھەرقايسىلىرىنىڭ ھەمدەملىكى بىلەن مېڭىپ تۇرمايمىزمۇ، — دېدى.

— تەيجى بېگىمگە يارلىق ئالساق يامان كېتەرمۇ ئاخۇنۇم؟! — دېدى ھېمىت كاھ خۇپسەنلىك بىلەن.

— بۇنىسىنى مەن بىلمەيمەن، ھەرقايسىلىرى رەنجىشمىسىلە، گېپىم شۇ!

قازى كالان شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

پاكار بويلۇق مەئىمن تەيجى ئۇستىدىن بىرەر نىمە بىسۇۋىلىپ، ئۆزىنى تىخىمۇ يەرگە بىسۇۋاتقاندەك دىمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇڭا قازى كالان سىرتقا ماڭغاندا، ئورنىدىن تەۋرەپ ئۇنى ئۇزىتىپمۇ چىقالمىدى. ئۇلارنىڭ شىرىن خىياللىرى كۆزگە قالغان چىچەكتەك توزۇۋاتاتتى.

— يامان بولدى تەيجى بىگىم، ھەممىسى قارشى چىققاندىمۇ، قازى كالان قوشۇلغان بولسا ئىش خىلىلا ئوڭاي ئىدى، — دىدى ھىمىت كاھ.

— ياق، مەن بۇگۇنلا ئامبالغا ئەرزگە بارىمەن. تاپقان - تەرگىنىمنىڭ ھەممىسى كەتسىمۇ دەۋالىشىمەن، ماڭا ئىككى كاھ، يىڭى ئەلىماخۇنۇم، مىجىت باي ھەمراھ بولسۇن، — دىدى مەئىمن تەيجى قەتئىيەتكە كىلىپ.

ئۇ، دىگىنىدەك چۈش بىلەن يولغا چىقتى. ھىمىت كاھنى بولسا كۆز - قۇلاق بولۇشقا ئوردىدا قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھىمىت كاھ «تەيجى بىگىمنىڭ ئىشەنچىگە ئىرىشىپتىمەن» دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئات بىلەن بىسىلغان يىرىم كۈنلۈك يولدا مەئىمن، ئەلىماخۇن، مىجىتلار ئۆز رەقىبلىرى ئۇستىدە تىنىمسىز شىكايەت قىلىشتى. مەئىمن تەيجى خۇشنارە خىنىم، قازى كالان، ئاسىم تەيجى ئۇستىدىن شىكايەت قىلسا، ئەلىماخۇن قازى كالاننى «بىلىمسىز، دۆت، گادايپەرەس» دەپ قارغايتتى. مىجىت بولسا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئىلىپ، يوق ئىشلارنى باھانە قىلىپ دەرد ئىيتاتتى.

مەئىمن تەيجى تۇرپانغا يىقىنلاشقاندا ھەمشىرىكلىرىنى توختىتىپ:

— بۇرادەرلەر، ئامبالغا دەيدىغان گەپلەرنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى، خۇدا بۇيرۇپ جۇنۋاڭلىق پىقىرگە كەلسە ئەلىماخۇنۇم يۇرتقا چوڭ قازى، مىجىت باي باش تەيجى بولۇشىدا شەك يوق. ئەمدىكى گەپ ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئىزىنى باسىدىغان ھىچنىمىسى

يوقلۇقىغا ئامبالنى ئىشەندۇرۇپ، خانلىقتىن يارلىق ئېلىش! ھەرقايسىلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويايكى، بۇ خۇشنارە دېگەن قېرى قانجۇق خۇدانىڭ بەرگەن كۇنىگە شۇكۇر قىلماي، ئۆزى گاڭ بولغۇسى كېلىپ ھەر تەرەپكە قاتراۋاتىدۇ. گاڭلىق ئۇنىڭ قولىغا ئۆتسە بېشىمىزدا ياڭاق چاقىدۇ، بىزگە كۈن يوق، ــــ دېدى.

ــــ تەيجى بېگىمنىڭ گاڭلىققا تازا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە بىز پۇقرا نامىدىن، ئىلىم ئەھلى، يۇرت كاتتىلىرى نامىدىن گۇۋاھ بولىمىز، ــــ دېدى مىجىت ئۆزى ئارزۇ قىلىۋاتقان گەپنى مەئىن تەيجىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ.

بىردىنلا ئۈچ باش بىر يەرگە كېلىپ كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى، ئۇلار بىر چەتتە ئاتلارنى تۇتۇپ تۇرغان كاھلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغان بولسا كېرەك. ئەلىماخۇن پەس ئاۋاز بىلەن:

ــــ تەيجى بېگىم، خۇشنارە دېگەننى كۆزدىن يوقاتسىلا بولمامدۇ؟ ــــ دېدى.

ــــ قانداق قىلىپ ئاخۇنۇم؟ ــــ دەپ سورىدى مەئىن.

ــــ سىلىدىن كەتسە شۇ بىر - ئىككى سەر كۇمۇش يا ئالتۇن كېتەر، ھېلىقى باش كېنىزەكنى سېتىۋېلىپ، خۇشنارەنىڭ چېيىغا بىر چىمدىم زەھەر تاشلاپ بەرسۇن - دە، ۋەسسالام، گاڭلىق سىلىگە قالىدۇ. مۇنداق ئىشلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ بولۇپ كەلگەن، ــــ دېدى.

ــــ ئاشۇ زەينەپ دېگەن قانجۇقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولارمۇ؟ ئۇ خۇشنارەگە بەكمۇ سادىق. خۇشنارە شۇنىڭ قولىدىن باشقا قولدىن ئۆتكەن ھەرقانداق نېمىنى يېمەيدۇ، ــــ دېدى مەئىن.

ــــ غوجىكىسى ئالتۇن تەيجى بەگ! ئالتۇن دېگەن ئادەملەرنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ، ــــ دېدى ئەلىماخۇن.

ــــ ماقۇل ئەمىسە، قايتقاندىن كېيىن سىناپ باقارمىز، ھەرقايسىلىرى ئامبالغا يولۇققاندا چىڭراق تۇرۇپ گەپ قىلىشىپ بەرسىلە، ــــ دېدى مەئىن.

شۇ گەپلەردىن كېيىن ئۇلار يەنە يولغا چۈشتى. ئەنە تۇرپان مۇنارى، گويا ئۇ «جۇڭگونىڭ ئۆمىلىق ئىمىن خوجا ئەۋلادىغا خاس، ئۇنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ» دەپ جاكارلاۋاتقاندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرسىمۇ، مەئمىن تەيجى «ئەنە، گاڭلىقنىڭ نىشانى بولغان ئاشۇ مۇناردا تۇرۇپ تەسەررۇپۇمدىكى يۇرتنى قانغۇچە كۆرىمەن» دەپ تاتلىق تۇيغۇلارنى ھاياجان بىلەن يۇتتى.

بۇ ئۈچ كىشى گۇگۇم ۋاقتىدا تۇرپان بازىرىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار باي ئاغىنىلىرىدىن بىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى ...

ئامبالغا مەئمىن تەيجىنىڭ كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىنغاندا، بىردىن ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن ئامبال كاتىپىنى چاقىرىپ:

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋاقتىم يوق، گېپى بولسا سەن ئاڭلاپ يولغا سالغىن، — دېدى.

كاتىپ «خوش» دېگىنىچە چىقىپ مەئمىن تەيجى باشلىق ئۈچ كىشىنى سىرتتىكى ئاددىي بىر ئۆيدە قوبۇل قىلىپ:

— ئامبال جاڭجۈننىڭ ئىشى ئالدىراش، پېقىرنى ئۆز ئورنىدا چىقاردى، گەپلەر بولسا دېيىشسىلە، ئامبال جاڭجۈنگە يەتكۈزەي، — دېدى.

— بىز ناھايىتى مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەن، ئامبال بېگىم بىزنى بىردەمگە بولسىمۇ قوبۇل قىلغان بولسا، سوۋغا - سالاملىرىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن بېرىپ، مۇبارەك جامالىنى كۆرۈۋالغان بولساق، مىرزا بەگ مالال كەلمىسە يەنە بىر دەپ باقسىلا. خىزمەتلىرىنى يەردە قويمايمىز، — دېدى مەئمىن تەيجى.

كاتىپ ئامالسىز قايتىدىن ئامبالنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئامبال دەرغەزەپ بىلەن:

— مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيمەن، ئۇ، ئۇلۇغ چىڭ خانىغا يۈزى قارىلىق قىلىپ، ياقۇپبەگكە خىزمەت قىلغان يالاقچى. گېپى بولسا ساڭا دېسۇن، ئەگەر دېمىسە كەتسۇن! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كاتىپمۇ چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىردى:

— گېپىڭلار بولسا ماڭا دەڭلار، دىگۇڭلار كەلمىسە هازىرچە قايتىڭلار، ئامبال جاڭجۇننىڭ ۋاقتى يوق، — دېدى.

بۇ گەپلەردىن تەمتىرەپ كەتكەن مەئسۇن تەيجى ئامبالغا ئەكەلگەن سوۋغىتىنى ۋە ئەرز خېتىنى كاتىپقا سۇنۇۋېتىپ:

— ئامبال بېگىمگە مالال كەلمىسە، ئەرزنامىمىزنى كۆرۈپ باقسا، هەممە گەپلىرىمىز ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن، بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ جاۋابىنى كۈتسەك، — دېدى تولىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن. لېكىن، كاتىپ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا ئۆينىڭ كەينىدىكى لاقا - لۇقىلار ئارىسىغا تاشلىۋېتىدىغاندەك پەرۋاسىزلىق بىلەن ئالدى.

بۇ مۇئامىلىدىن ئۇلارنىڭ يېلى چىقىشقا باشلاپ، شېرىن خىياللىرى بەربات بولغاندەك «لاسسىدە» بولۇپ، يامۇلدىن چىقتى.

## 2

ئاسىم تەيجى شامالدەك تېز يۈرۈپ قايتىپ كەلدى. ئۇ، تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن ماڭۇتنى ئۇدۇل ئامبال مەهكىمىسىگە باشلاپ كىرىپ، ئامبال بىلەن كۆرۈشتى.

ئاسىم تەيجى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ نەسەبنامىگە ئېلىنمىغان بۇ ئوغلىنىڭ تېپىلىش جەريانى ۋە ئۇنى نەسەبنامىگە ئالدۇرماسلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۇرگەندىن كېيىن، ئەفرىدۇن ۋاڭ يادنامە قىلىپ قالدۇرغان شاهانە ئۈزۈكنى ئامبالغا كۆرسەتتى. ۋالىداپ تۇرىدىغان ياقۇت كۆزلۈك بۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى قولىغا ئالغان ئامبال ئۇنى كۈن نۇرىغا تۇتۇپ قاراپ باققاندىن كېيىن:

— بۇ بالا جاپۇغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەفرىدۇن جۇنۋاڭنىڭ ئۆز ئوغلى — ۋەلىئەهدىسىكەن. مانا بۇ شاهانە ئۈزۈك

ئۇلۇغ چىلىڭ خانىنىڭ سوۋغىتى، بۇ ئۇزۇك كىمنىڭ قولىدا بولسا شۇ جۇڭغاڭلىققا ۋارىسلىق قىلالايدۇ. مەن خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ جۇڭغاڭلىق يارلىقى ئېلىپ بېرەي، — دېدى.

ئاسىم تەيجى ئامبالغا رەھمەت ئېيتىپ مەھكىمىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، كاھلاردىن بىرىنى ئالدىن لۇكچۇنگە ماڭدۇرۇپ، خۇشنارە خېنىمغا خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى.

خۇشنارە خېنىم ئاسىم تەيجىلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مەخسۇس مەپە بىلەن بىرنەچچە كاھىنىڭ ھەمراھلىقىدا لۇكچۇندىن تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئاسىم تەيجىلەر بىلەن بىجەنتۇر دېگەن جايدا ئۇچراشتى. خۇشنارە خېنىم ماموتنى كۆرگەندىن كېيىن كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇنى ئالدىغا تارتىپ، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. بالام، مەن سېنىڭ چوڭ ئاناڭ، سەن ئاتا ـ ئانا ياخشىلىقىنى كۆرمەي چوڭ بولدۇڭ. ئەمدى مۇشۇ كەڭ زېمىن سېنىڭ! سەن داداڭنىڭ ئىزىنى باس، كىچىككىدە جاپا تارتقان بولساڭمۇ ئەمدى ئويناپ كۈل! سەن مۇشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىسەن، ھەرگىز تارتىنىپ تۇرما! — دېدى. ماموت ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان ئېسىل كىيىم كىيگەن ئايالنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ، قىسىلاتتى، چىرايلىق بېزەلگەن مەپىگە بالىلىق قىزىقىش بىلەن قارايتتى. روزى بولسا ئۆزى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بوزەك قىلىپ كېلىۋاتقان ماموتتىن ئەمدى ھېيىقىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇياققا ماڭغۇچە ئاتىسى: «ئەمدى ئۇنى ئاغزىڭغا كەلگەنچە چاقىرىپ يۈرمە. ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانچىكى ئالالىساڭ سەنمۇ، بىزمۇ شۇنچە ياخشى كۈن كۆرىمىز. بولمىسا بېشىمىزغا بالا بولىسەن» دەپ كۆپ جېكىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

مامۇت بىلەن كۆرۈشۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خۇشنارە خېنىم ئاسىم تەيجىدىن ھال - ئەھۋال سوراپ، سەپەرنىڭ جەريانىنى قىسقا ئاڭلاپ، مېڭىشقا تەرەددۇت قىلدى. مامۇتنى مەيىگە چىقاردى - دە، لوكچوڭگە يورۇپ كەتتى.

يولدا كېلىۋېتىپ خۇشنارە خېنىم مامۇتنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ھەققىدە ئۇنى - بۇنى سورايتتى. مامۇت بولسا ياتسىرىغاندەك، پەقەت سورالغان سوئالغىلا جاۋاب بېرىپ، تازا ئېچىلىپ - يېيىلىپ كېتەلمىدى. خۇشنارە خېنىم بولسا كۆڭلىدە مامۇتنىڭ تېپىلغىنىغا ناھايىتىمۇ خۇشال ئىدى.

مامۇت مەيە دېرىزىسىدىن ئەتراپقا قارايتتى. توپا - چاڭلىق كارداڭ ھارۋا يولى بەزىدە قاقاسلىقلاردىن، بەزىدە بوك - باراقسان دەرەخلىك ئېچىدىن، بەزىدە تېرىلغان زىرائەتلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ باراتتى. ئەمما، مامۇت بۇنداق مەنزىرىلەرنى يەكەننىڭ يېزىلىرىدا كىچىكىدىنلا كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ئۇنىڭغا ئەڭ يېڭىلىق بىلىنىۋاتقىنى ۋە ھۇزۇر بېرىۋاتقىنى مەيە ئىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن مەيىنىڭ ماموق ياستۇقلىرىنى ئاستا تۇتۇپ قوياتتى.

يولدا ئۇچرىغان چوغراق كارىزدا مەيە توختىغاندا ئۇ مەيىدىن چۈشۈپ، كارىز تىلمىسىدىن[1] ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇغا ھەيرانلىقتا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئۇ كارىزنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ خۇشنارە خېنىمدىن كارىز توغرىسىدا ئاددىي چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاندىن سۈپسۈزۈك سۇدا يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، كارىز سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىپ راھەتلىنىپ، بالىلىقى بىلەن سۇنى چېچىپ ئويناپ كەتتى. ئاندىن سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقنى بويلاپ سۇ ئېقىپ چىقىۋاتقان تەشمە ئاغزىغىچە باردى - دە، ھەيران بولغان ھالدا بويىنى سوزۇپ، سۇ چىقىۋاتقان قاراڭغۇ تەشمىگە قارىدى ۋە كەينىدىن

---

[1] كارىز تىلمىسى — كارىز قۇدۇقلىرىنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق باشلاپ كېلىنگەن يەر ئاستى سۈيىنى يەر ئۈستىگە چىقىرىدىغان ئېرىق.

ئەگىشىپ كەلگەن ئاسىم تەيجىدىن:

— تەيجى ئاتا، بۇ سۇ نەدىن كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىگىم، كارىز دېگەن مۇشۇ، سۇنىڭ بېشى بۇ يەردىن ئىككى - ئۈچ يول يىراقتا. باشتا قۇدۇق چېپىپ سۈيى چىققاندىن كېيىن، تۆۋەنگە قاراپ 20 — 30 ماڭدامغا بىردىن قۇدۇق ئويۇپ، قۇدۇقنى تەشمە بىلەن تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، باشتىكى سۇ ئېقىپ كېلىدۇ. بۇ يۇرتتا تېرىقچىلىق ئاساسەن كارىز سۈيى بىلەن بولىدۇ، — دېدى. مامۇتنىڭ بۇ كاتتا سۇ بويىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. لېكىن خۇشنارە خېنىمنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن ئۇلار يەنە يولغا چىقتى.

— مەيگە چىقسىلا خان بالام، ماڭايلى، — دېدى خۇشنارە خېنىم.

— چوڭ ئانا، مەن ئات بىلەن ماڭاي، — دېدى مامۇت.

خۇشنارە خېنىم بىر نېمە دېمەكچىدى - يۇ، ئاسىم تەيجى:

— پۇجۇڭ ئاغىچام، مامۇت گاڭ زېرىكىپ قالمىسۇن، هازىر ئات مىنىۋالسا، ئوردىغا يېقىنلاشقاندا مەيگە چىقىۋالامدۇ، — دېدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، گاڭ بالام، ئاتتا ئېھتىيات قىلسىلا، كاھلار گاڭ بالامغا ئوبدان خەۋەردار بولۇڭلار، — دېدى خۇشنارە خېنىم.

مامۇت مەيدە قەپەسكە چۈشكەن قۇشتەك زېرىككەنىدى. ئەمدى ئاتقا مىنگەندىن كېيىن، روزى بىلەن ياندىشىپ مېڭىپ، ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى ئەسلەشتى. ئەمما، بۇرۇن ئۆزىگە گەپ بەرمەيدىغان روزىنىڭ ئەمدى تىلى كېسىلگەندەك جىممىدە بولۇپ قېلىپ، ئۆزىلا سۆزلەۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ ئۇنى گەپ قىلىشقا ئۈندىدى، بىراق روزى ئۇدۇق - بۇدۇق قىلىپ تۈزۈك سۆزلىگىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاسىم تەيجىدىن بۇ يۇرت ھەققىدە، ئوردا توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى سوراشقا چۈشتى. مەيكەش ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى تىڭشىغاچ بېشىنى

تۆۋەن سېلىپ مەپىگە قېتىلغان ئاتقا ياندىشىپ پىيادە كېلىۋاتاتتى. بىر چاغدا مامۇتنىڭ بۇ ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە ئىچى ئاغرىدىمۇ، ئاسىم تەيجىگە:

— تەيجى ئاتا، مەپىكەش پىيادە ماڭىدىغۇ، ھېرىپ كەتمەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بېگىم، بۇ ئوردىنىڭ قائىدىسى، دادىلىرى بېيجىڭ خانىغا سالامغا كىرگەندىمۇ مەپىكەش تولىسى پىيادە ماڭىدۇ. مەپىگە چىقىۋال دېمىگۈچە ئۇنىڭ ھەددى ئەمەس! — دېدى.

— چوڭ ئانامغا دېسەك مەپىنىڭ ئالدىغا چىقىۋالسىچۇ؟

ئەمما، بۇ سوئالغا ئاسىم تەيجى بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى.

— مەن دەپ باقاي ئەمىسە، — دېدى ـ دە، مامۇت ئېتىنى دېۋىتىپ مەپىگە ياندىشتى.

— مەپىكەش تاغا، توختىسىلا، — دېدى مامۇت.

— خوش، — مەپىكەش بېشىنى ئېگىپ قۇللۇق بىلدۈرگىنىچە مەپىنى سىلىق توختاتتى. مامۇت ئېتىدىن چۈشۈپ مەپە يوپۇقىنى ئاچتى ۋە خۇشنارە خېنىمغا:

— چوڭ ئانا، مەپىكەش مەپە ئالدىغا چىقىۋالسا قانداق؟ — دېدى.

— گاڭ بالام خالىسا چىقىۋالسۇن، ھەي چەڭخۇ[1] مەپىگە چىقىپ ئۇخلاپ قالما يەنە ـ ھە! — دېدى مەپىچىگە قاراپ. مەپىچى ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، مەپىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇنغا چىقىپ ئولتۇردى، ئاندىن يەنە يولغا يۈرۈپ كەتتى.

كۈن غەربكە قىڭغايدى. يولۇچىلار قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئوردىغا يېتىۋېلىشقا ئالدىراپ، ئاتلارنى دېۋىتەتتى. كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا يىراقتىن لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ ئېگىز ئوردىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— تەيجى ئاتا، ئاۋۇ كۆرۈنۈۋاتقان نېمە؟ — دەپ سورىدى مامۇت.

---

[1] چەڭخۇ — ھارۋىكەش، ھارۋا ھەيدىگۈچى.

— بىز بارىدىغان ھەم تۇرىدىغان ئۇردا ئاشۇ، — دېدى ئاسىم تەيجى.

— ئەجەب ئېگىز كىنە! ئۇ ئېگىز يەرگە قانداق چىقىدۇ؟

— تارتمىسى بار غوجام، بارغاندا كۆرىدىلا، — دېدى ئاسىم تەيجى.

تۆت چاسا شەكىلدىكى لۇكچۇن شەھىرىنىڭ ئەتراپى ئېگىز سېپىل بىلەن ئورالغان. بازارنىڭ تۆت تەرىپىگە تۆت چوڭ دەرۋازا قويۇلغان بولۇپ «قوۋۇق» دەپ ئاتىلاتتى. شەھەرگە كىرىش ئۇچۇن ئەنە شۇ تۆت قوۋۇقنىڭ بىرىدىن كىرمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شەرقىي قوۋۇقتىن كىرىسىڭىز تۈپتۈز كەتكەن تار كوچا، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار سودا دۇكانلىرى جايلاشقانىدى. سودا - سېتىقچىلار ئاپتاپتىن پاناھلىنىش ئۇچۇن ئىشىك ئالدىلىرىغا بەزىلىرى بورىدىن، بەزىلىرى بۆزدىن ياسىۋالغان كۆرۈمسىز لەمپىلەر يېنىك ئىسسىق شامالدا لەپەڭلەپ تۇراتتى.

غەربكە قاراپ 800 مېتىر ماڭغاندىن كېيىن، كوچا ھەيۋەتلىك چوڭ قارا ئىشىككە بېرىپ توسۇلىدۇ. ئاندىن بۇ يول بىلەن ئەتراپى ئېگىز قاشا تام بىلەن ئورالغان ئۇردا كۆرەسىنى ئايلىنىپ غەربىي قوۋۇققا بارغىلى بولىدۇ.

يەردىن يىگىرمە نەچچە مېتىر كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان ھەيۋەتلىك ۋاڭ ئوردىسى يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مانا بۇ مەشھۇر ئېگىز ئوردىدىن ئىبارەت.

شەرقىي چاغاتاي خانلىرىدىن خىزىر خوجا 1393 - يىلى ئىدىقۇت خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تۇرپان رايونىنىمۇ ئۆز خانلىقىغا قوشۇۋالىدۇ. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى قوچۇ شەھىرى تەدرىجىي ۋەيران بولىدۇ.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئەھمەد خان دەۋرىگە كەلگەندە شەرق ۋە غەرب بولۇپ ئىككىگە پارچىلىنىدۇ. خانلىقنىڭ ئوتتۇرا ۋە

شەرقىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەھمەد قوچۇ شەھىرى ۋەيران بولغانلىقى ئۈچۈن، پايتەختنى كونا تۇرپان ــ لۇكچۇنگە كۆچۈردى. مەنسۇرخان، سۇلتان سەئىدخان قاتارلىق 18 ئوغۇل ئەنە شۇ لۇكچۇندە تۇغۇلدى.

لۇكچۇننى پايتەخت قىلىشنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. يەنە لۇكچۇن ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە قوچۇدىن قالسىلا سىپىللىرى مۇستەھكەم، مەدەنىيەت، سودا، ئىقتىسادىي ئالاقە تەرەققىي قىلغان ئىككىنچى شەھەر بولغانلىقى ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئەپلىك جۇغراپىيەۋى شارائىتقا ــ شىمال ۋە شەرق تەرىپىدە ئىدىقۇت تېغى، شەرقىي جەنۇبتا قۇم تاغ، جەنۇبىدا قۇرۇق تاغ، غەربىدە ئادەم ئۆتكۈسىز شور سازلىق بولۇپ، دۈشمەندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە ناھايىتى ئەپچىل تەبىئىي شارائىتىنىڭ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئېگىز ئوردىغا كىرىش ئۈچۈن توققۇز ئىشىكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

ئوردىنىڭ بىرىنچى ئىشىكى قارا سىرلانغان چوڭ ئىشىك بولۇپ، ئىشىك ئۇدۇلىغا توساق تام قۇرۇلغان. بىرىنچى ئىشىكتىن كىرىپ توساق تامدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە تۆت موچە كېلىدىغان بوشلۇق بولۇپ، ئەتراپىدا ئاتخانىلار بار.

شەرققە قارىغان چوڭ ئىشىكتىن كىرىپ غەربكە ماڭسا ئىككىنچى ئىشىك دەپ ئاتىلىدىغان قوش قوۋۇقلۇق ئىشىك بار، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە دۈگىلەك پەنجىرە بولۇپ، بۇ قاراۋۇللار پوستا تۇرىدىغان ئورۇن.

ئىككىنچى ئىشىكتىن كىرىپ ئون مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، دىۋان بېگىنىڭ خانىلىرىغا كىرىدىغان ئۈچىنچى ئىشىك بار. بۇ ئىشىكتىن كىرىپ كارىدور بىلەن يەنە غەربكە ماڭغاندا توپ بېشىنىڭ خانىلىرىغا بارىدىغان تۆتىنچى ئىشىككە يەتكىلى بولىدۇ.

توپ بېشىنىڭ خانىلىرىدىن ئۆتكەندە يەردىن بىر مېتىرچە كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان 50 كىۋادرات مېتىردەك سۇپا ئۇچرايدۇ. بۇ گۇناھكارلارنى جازالايدىغان مەيدان. بۇ يەردە يەنە نەقىشلىك ياغاچ تۇۋرۇكلەر بىلەن تۇرغۇزۇلغان لەمپە بار. جازا مەيدانىنى ئايلىنىپ شىمالغا ئون مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئىشىككە دۇچ كېلىمىز. بۇ 41 تاش تارتمىغا تۇتىشىدىغان «قاراڭغۇلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان كارىدورنىڭ بەشىنچى ئىشىكى. بۇ كارىدورنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئالتىنچى ئىشىك بار.

ئالتىنچى ئىشىكتىن ئۆتكەندە، ئېگىز ئورۇنغا كىرىدىغان 41 تاش تارتما ئالدىغا كەلگىلى بولىدۇ. بىرىنچى ئىشىكتىن 41 تارتما ئالدىغىچە 200 مېتىردەك كېلىدۇ.

41 تاش تارتما بىلەن 14 مېتىر ئېگىزلىككە چىققاندا تاش تارتما بىلەن ئېگىز ئوردا ئارىلىقىدىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدىكى بوشلۇقنى ئۇچرىتىمىز. بۇ بوشلۇقتا ئاسما كۆۋرۈك ياسالغان بولۇپ، كۆۋرۈك كۇندۇزى چۈشۈرۈلۈپ، كەچلىكى غالتەك بىلەن تارتىۋېلىنىدۇ.

مۇشۇ ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن قوش قوۋۇقلۇق، ئىككى تەرىپىگە يۇمىلاق پەنجىرە قويۇلغان ئېگىز ئوردىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىمىز. ئىشىكتىن كىرگەندە نەقىشلىك تۇۋرۇكلەر بىلەن تۇرغۇزۇلغان كەڭلىكى 30 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 مېتىرلىق ھەيۋەتلىك لەمپە كۆزگە چېلىقىدۇ. لەمپىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىگە بەزىسى بىر قەۋەتلىك، بەزىسى ئىككى قەۋەتلىك قىلىنىپ ياپما، كېمىر ئۆيلەر سېلىنغان.

يەنە ئىككى ئىشىكتىن ئۆتكەندىلا خاننىڭ ھەرىمىگە كىرگىلى بولىدۇ.

سېغىز توپا بىلەن يەردىن 16 مېتىر كۆتۈرۈلگەن 15 كىۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى ئوردا چىڭداپ سوقۇلغان سوقما تام ئۈستىگە سېلىنغان. بەزىسى كېمىر، بەزىسى ياپما

بولۇپ 260 ئېغىز ئۆي بار. جۇنۇۋاڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى، كېنىزەكلىرى تۇرىدىغان خانىلار، تەيجىلەرنىڭ ئىش بېجىرىش خانىلىرى، خەزىنە، ھەرەمخانا، مەسچىت ۋە يەر تەكتىگە يىگىرمە نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلغان زىندان مۇشۇ ئوردىغا جايلاشتۇرۇلغان. ئوردا ئۈستىدىن ئوردا كەينىدىكى گۈلباغقا كىرگىلى بولىدىغان بىر يەر ئاستى يولىمۇ بار.

پەسكە چۈشۈپ ئوردا ئەتراپىنى ئايلانسىڭىز مۇستەھكەم مۇداپىئەنى كۆرىسىز: يىگىرمە نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى سىلىق سوقما تامدىن ھەرقانداق قىلىپمۇ ئوردا ئىچىگە كىرگىلى بولمايدۇ. پەقەت بىرى ئاسما كۆۋرۈك ئارقىلىقلا، يەنە بىرى گۈلباغقا تۇتىشىدىغان يەر ئاستى يولى بىلەنلا ئوردىغا كىرگىلى بولىدۇ.

تۇرپان رايونىنى بىر يۈز ئاتمىش نەچچە يىل سوراپ كەلگەن لۇكچۈن ۋاڭلىرى ئەنە شۇنداق ھەيۋەتلىك، پۇختا، بىخەتەر ماكاندا ياشاپ ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن.

ئازدىن كېيىن خۇشنارە خېنىم مەيىنى توختىتىپ، مامۇتنى مەيىگە چىقىرىۋالدى. مامۇت كۆڭلىدە ئاتلىق مېڭىشنى خالىسىمۇ، «بۇ ئوردا قائىدىسى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەچكە غىڭ قىلالمىدى. مەيىكەش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقىنىچە يەنە پىيادە يولغا چۈشتى. مامۇت مەيە دېرىزىسىدىن ئاشۇ ئېگىز ئوردىغا، ئەتراپلارغا قىزىقىش بىلەن قارايتتى. ئۇلار كۆز باغلانغان چاغدا لۇكچۈننىڭ غەربىي قوۋۇقىدىن كىرىپ كەلدى.

## 3

مەئىن تەيجى ئامبالنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن رەنجىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچلا بىلەلمىدى، ئۇنداقمۇ ئويلاپ باقتى، مۇنداقمۇ ئويلاپ باقتى، لېكىن ئۆزىنىڭ ياقۇپبەگكە ساداقەتمەن بولغىنىنى خۇشنارە خېنىمنىڭ ئالىلىقاچان ئامبالغا ئۇقتۇرۇپ بولغانلىقىنى قىلچىمۇ يادىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇ: «بېرىلگەن

پارىنىڭ كۆچى، مەن ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمىسەم» دەپ ئويلايتتى.

مەئىن تەيجى ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ئۆز يېقىنلىرى ھېسابلاپ ھېمىت كاھ، ئەئىلەم ئاخۇنلارنى يىغىپ مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر بىرلىككە كەلگىنى «جۇنۋاڭلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن خۇشنارە خېنىمنى كۆزدىن يوقىتىش» بولدى. بۇ ئىشتا زەينەپنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھېمىت كاھ مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

خۇشنارە خېنىمنىڭ ئوردىدىكى ئابرۇيى زور ئىدى. ۋاڭلىق تامغىسى ھېلىمۇ خۇشنارە خېنىمنىڭ خانىسىدىكى ئالتۇن نەقىشلىك ساندۇقتا ساقلىنىۋاتاتتى. ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا قول باغلىشىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن خۇشنارە خېنىمنى ئەفرىدۇن ۋاڭ ئورنىدا كۆرىدىغان بولدى. شۇ سەۋەبتىن مەيلى مەئىن تەيجى بولسۇن، مەيلى ھېمىت كاھ بولسۇن. خۇشنارە خېنىمغا ئاشكارا قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، نېمىشقىدۇر يېقىندىن بېرى خۇشنارە خېنىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قاسىم توپ بېشى ئوردا تەرتىپلىرىنى باشقىدىن چىڭىتىپ، خۇشنارە خېنىمنى قوغداش خىزمىتىنى چىڭ ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

مەئىن، ھېمىتلەر ئوردا ئىشىدىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىشى كېرەك، كەچتە ئوردىغا كىرىدىغان ئاسما كۆۋرۈك تارتىۋېلىنغانلىقتىن قانات ياساپمۇ ئېگىز ئوردا ئىچىگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئاخىر بولماي ئۇلار ئەئىلەم ئاخۇننىڭ ئۆتكەندىكى مەسلىھەتى بويىچە باش كېنىزەك زەينەپنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

بىر كۈنى ھېمىت كاھ زەينەپنى ئۆز خانىسىغا تەكلىپ قىلىپ، گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ ئۇنى چېكىپ باقتى. لېكىن زەينەپ:

— كاھ بېگىم، مەن بىر يېتىم قىز، پۇجۇك ئاغىچام ئۆز

ئانامدەك بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز ئۆزگە باشقا ئىش قىلالمايمەن، ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكلىرىگە رەھمەت، — دېدى.

— پۇجۇڭ ئاغىچام ياشىنىپ قالدى، ئۇ سىزدەك بىر سادىق خىزمەتكارغا موھتاج، ئۇنىڭ ئۇستىگە خاپىغان كېسىلى بار. بىز تەيجى بېگىم بىلەن مەسلىھەت قىلىپ پۇجۇڭغا ئوبدان قاراش، ئۇنى داۋالاشنى ئويلاشتۇق. بۇنىڭغا سىزنى نېمە دەركىن دەپ سوراپ بېقىشىم. مەئىن تەيجى بېگىم سىزنىڭ سادىقلىقىڭىزنى ئەلا بىلىپ، مانا بۇ ئازراق سوۋغاتنى سىزگە كىرگۈزدى، — دېدى - دە، بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا، بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ تاسادىپىي «ئىلتىپات»تىن ھەيران بولغان زەينەپنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى، ئەمما يۈزى قىزاردى. چۈنكى ئۇ بۇ سۈيىقەستچىلەرنىڭ مەقسىتىنى تېخى چۈشەنمەي، بۇنى ئۆزىنى ياتلىق قىلىش نىيىتىدە قىلىنىۋاتقان ئىشلار دەپ ئويلايتتى. شۇڭا:

— رەھمەت كاھ بېگىم، تەيجى بېگىمنىڭ ئىلتىپاتىغا كۆپ رەھمەت. مەن بۇ سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلالمايمەن. ھازىر تاللىق بولۇش نىيىتىممۇ يوق، — دېدى.

— بىزدىمۇ ئۇنداق نىيەت يوق زەينەپخان، ئەمدى سىزدىن ئۆمىدىمىز پۇجۇڭ خېنىمنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قىممەت باھالىق «مىشكى شېرىن» مەجۇندىن ئەكەلدۈرگەنىدۇق، خېنىم دورا يېيىشكە كاج، سىز بىر ئامال قىلىپ خېنىمغا كۆڭگە ئىككى كۈمىلاچتىن يېدۈرسىڭىز، سالامەتلىكى ياخشىلانسا بىز ئىنتايىن خاتىرجەم بولاتتۇق، — دېدى ھېمىت كاھ.

— بۇ ياخشى نىيەتلىرىنى پۇجۇڭ ئاغىچامغا يەتكۈزەي، ئاغىچا خېنىم نېمە دەركىن؟ — دېدى زەينەپ ساددىلىق بىلەن.

— بۇنى ئاغىچامغا دېمەيلا، سىز ئۆزىڭىز ئەكەلدۈرگەن بولۇڭ، ئاغىچامنىڭ سىزگە ئىخلاسى كۈچلۈك، — دېدى مۇغەمبەرلىك بىلەن ھېمىت كاھ.

— مېنى تولا خىجىل قىلمىسىلا كاھ بېگىم، پۈچۈك ئاغىچام ئالدىدا يالغان سۆز قىلالمايمەن، — دېدى زەينەپ.

— ئۇنداق بولسا بۇ گەپلەر مۇشۇ يەردە قالسۇن، تەيجى بېگىم بۇ ئىشنى ئۆزى مەسلىھەت قىلىپ باقۇر، بۇ سوۋغاتلارنى ئېلىپ قويۇڭ، بۇمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز، — دېدى ھېمىت كاھ.

ئەمما، زەينەپ ئۇ نەرسىلەرنى ئاستا ئورنىغا قويۇپ چىقىپ كەتتى. ھېمىت كاھ مەقسەتكە يېتەلمەي «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى.

ھېمىت كاھ ئالدىراپ مەئىن تەيجىنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىدە ئەئىلەم ئاخۇن، مىجىت بايلار پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. تاقەتسىزلەنگەن مەئىن تەيجى:

— كاھ بەگ، قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— تەيجى بېگىم، ئۇ جاھىل قانجۇقكەن، قولغا كېلىدىغاندەك ئەمەس، — دېدى.

— ھەي، يامان بولدى. ئاسىم دېگەن يالاقچى جەنۇبتىن بىر يوتقان تېشىنى ئەفرىدۇننىڭ بالىسى، دەپ تېپىپ كەپتۇدەك. خۇدايىم بۇ قېرى جادىنىڭ جېنىنى يا ئالمىدى، مۇشۇ قېرى جادىنى كۆزدىن يوقىتالىساقلا ئىش پۈتەتتى، — دەپ ھەسرەتلەندى مەئىن.

ئۇلار خۇشنارە خېنىمغا سۇيىقەست قىلىشنىڭ كۆپ يوللىرىنى ئويلاشتى، لېكىن بۇ ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئاخىرىدا ئەلىماخۇن:

— ھېمىت كاھ بېگىم، يوشۇرۇنچە ئوردىدا بىر كېچە قونسىلا، قېرى جادى ھاجەتكە چىققىنىدا، ھاجەتخانىدىلا جايلىۋېتىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىۋالسىلا ئىش تامام، ئەمدى شۇ مەئىن تەيجى بېگىم ئۈچۈن بىر كېچە ئۇيقۇلىرىنى ھارام قىلىدىلا، — دېدى ھىجىيىپ.

ھېمىت كاھ ئاغزىدا «ھە، ھە» دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە دېلىغۇللۇقا چۈشتى. بۇمۇ خېلىلا قىيىن ئىش ئىدى. ئۇ

كۆڭلىدە: «خۇشنارە خېنىم كېچىسى هاجەتكە چىقمىسىچۇ؟ چىققان هالەتتىمۇ زەيىنەپ بىللە بولىدۇ. ئىككىسىنى جايلىشۋەتكەندىمۇ ئۆزۈمنى نەگە يوشۇرىمەن؟ ئوردىدىن چىقىپ كېتىش مۇمكىن بولمىسا» دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ پىلانمۇ سۇغا چىلاشتى. ئاخىرىدا تازا كېلىشتۇرۇپ بىر پارچە خەنزۇچە ئەرزنامە يازدۇرۇپ بەش سەر ئالتۇن بىلەن قايتىدىن ئامبالغا سۇنۇپ باقماقچى بولۇشتى.

## ئۈچىنچى باب

# پادىچى «پادىشاھ» بولدى

## 1

ماموت ئوردىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئېگىز ئوردىدىن خۇشنارە خېنىم ئولتۇرغان ئۆيگە ياندىش، بىردىن يەنە بىرىگە كىرگىلى بولىدىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ئۆيلەر ئالىلىقاچان ئوردا كېنىزەكلىرى تەرىپىدىن ھەشەمەتلىك جابدۇلغانىدى.

تاملارغا كۆز چاقنىتىدىغان يىپەك گىلەملەر تارتىلىپ، كاڭغا تەكتىگە كىگىز، ئۈستىگە گىلەم ۋە يۇمشاق كۆرپە سېلىنغان، پەسكە قوش پۇرژىنىلىق سىم كارىۋات قويۇلۇپ، ئۇنىڭغىمۇ كارىۋات گىلىمى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماموق كۆرپە سېلىنغانىدى.

ياندىكى تەكچىگە گۈللۈك چىنە ـ قاچىلار، فارفور بۇيۇملار قويۇلغان بولۇپ، ئۆي شاھانە جابدۇلغانىدى.

ماموت بۇ ئۆيگە باشلاپ كىرىلىپ، «بۇ ھۇجرىلىرى» دېيىلگەندە، ئۇ: «ئوخۇممۇ ـ چۇشۇممۇ» دەپ ئويلاپ، يېگى، ئېسىل گىلەملەرگە دەسسەپ چىقىشقىمۇ ئەيمەندى. خۇشنارە خېنىم بۇنى سېزىپ:

— گاڭ بالام، مۇشۇ 260 ئېغىزلىق ئېگىز ئوردا سىزنىڭ، ھەرگىزمۇ تارتىنماڭ، ئاتىڭىزدىن قالغان مىراس، مانا بۇ ئىككى قىز مەخسۇس سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولىدۇ. گاڭلىق يارلىقى كەلگۈچە ئاسىم تەيجىنىڭ ھەمراھلىقىدا باغلارغا بېرىپ ئويناپ

كۇلۇڭ، — دېدى.

مامۇت بىلەن روزى خالىي قىلىپ بۇ تاسادىپىي ئامەتتىن ھەيران بولۇشاتتى.

— راستىمۇ بۇ - ھە؟ — دېدى روزى كۆزى ئالاچەكمەن بولۇپ. ئەسلىي «راستۇر بۇ - ھە، مامۇت ئاداش» دېمەكچىدى، بىراق دېيىشكە پېتىنالمىدى.

— راست بولمايزە، — دېدى مامۇت كېرىلىپ، — مانا ئوردا، مالايلار، كۇندە يەۋاتقان گۆش، چىرايلىق قىزلار، ئۇستىمىزدىكى كىيىملەرنىڭ ھەممىسى راست تۇرمامدۇ!

— راست، راست، — دېدى روزى ھاياجانلىنىپ.

قوش پۇرژىنىلىق سىم كارىۋاتنىمۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. مامۇت ئاستا كارىۋات ئۇستىگە چىققانىدى، پۇرژىنىلار لىغىلداپ يۇمشاق مامۇق كۆرپە بىلەن چۆكۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن روزى كارىۋاتنىڭ يېنىغا باردى. لېكىن ئۇستىگە چىقىشقا پېتىنالماي، قولى بىلەن ئاستا سىلاپ قويدى.

— ياتە، — دېدى مامۇت، — بەك راھەت ئىكەن.

ئەمما، روزى يېتىشقا يەنىلا جۇرئەت قىلالمىدى ...

ئۇلار ئىككىسى ئۆي ئىچىدىكى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان جاھاز، مۇلۇكلەرگە يېقىن بېرىپ، قوللىرى بىلەن سىلاپ جاھاندا ئاجايىپ نەرسىلەرنىڭ بارلىقىدىن ھەيران بولۇشتى.

بىر چاغدا خۇشنارە خېنىم مامۇتنىڭ خىزمىتىگە ئاجرىتىلغان ئىككى كېنىزەكنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ:

— مامۇت بەگ، ئورۇن - كۆرپىلەرنى سېلىش، يىغىش، ئۆينى تازىلاش ئىشلىرىنى بۇ قىزلار قىلىدۇ. ياتقۇچە ئىشىكنى ئىچىدىن سولاپ، خاتىرجەم ئارام ئېلىڭ بالام، ھە قىزلار، مامۇت گاڭنىڭ ياتقىنى تەييارلاپ بېرىڭلار، — دېدى.

قىزلار «خوش» دېگىنىچە ئەدەپ بىلەن كاڭغا چىقىپ دۇخاۋا كۆرپە - يوتقانلارنى ۋە مامۇق ياستۇقلارنى رەتلىك قويۇپ:

— بېگىم مەرھەمەت، ئارام ئالسىلا، — دېيىشتى.

روزىغا قارىغاندىمۇ مامۇتنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزاردى، ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ يوتقان - يېپىنچىلارنىمۇ قىزلارغا سالدۇرغۇچە ئۆزىمىزلا سېلىپ ياتمايمىزمۇ» دەپ ئويلايتتى. خۇشنارە خېنىم:

— ئوبدان ئۇخلاڭ گاڭ بالام، — دېگىنىچە ئىككى كېنىزەكنىڭ يۆلىشى بىلەن چىقىپ كەتتى. روزى بىر-بىر ئىشىكنى ئەتكەندىن كېيىن تەنلىرى قورۇنغاندەك بولۇپ كۆرپە ئۈستىگە چىقىشتى.

— روزى ئاداش، نېمىدېگەن يۇمشاق ياستۇق بۇ؟ قانداق قىلىپ بىز مۇنداق ئابرۇيلۇق بولۇپ كەتتۇق؟ ئارا يېقىن بولغان بولسا چوڭ دادامنى، ئاغىنىلەرنى ئەكەلگەن بولساق - ھە؟ — دېدى مامۇت.

— سەن ئاداش، ۋاڭنىڭ ئوغلىكەنسەن، مۇشۇ يەرلەر ھەممىسى سېنىڭ دەۋاتامدۇ؟ ئاداش، چوڭ ئاناڭغا دېسەك، يوتقان - يېپىنچىلارنى ئۆزىمىز سېلىپ، ئۆزىمىز يىغساق، ئادەم خىجالەت بولىدىكەن، — دېدى روزى.

— شۇ ئەمەسمۇ، بىز يا چولاق، يا قېرى بولمىساق، ئەتە يۇجۇڭ ئانامغا دەپ باقاي، مەنمۇ تازا خىجىل بولدۇم، — دېدى مامۇت.

شۇ گەپلەردىن كېيىن سەپەر ھارغىنلىقىدا ئۇلار يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى ...

مامۇت سەھەر ئويغىنىپ، روزىنى ئويغاتتى.

— قانداق، ئۇيقۇڭ قېنىپتىمۇ ئاداش؟ — دېدى مامۇت.

— يۇمشاق چۈشەكتە تازا ئۇخلاپتىمەن. ئۆيدە بولساق بۇ ۋاقلاردا كالا سېغىشقا ياردەملىشەتتۇق - ھە؟ — دېدى روزى.

— يۇر، سىرتقا چىقىپ كۆرۈپ باقايلى، — دېدى مامۇت.

ئۇلار ئوردا كۇرەسىگە چىقىقىنىدا كېنىزەكلەر كۇرەنى تازىلاۋاتاتتى. ئوردا ئىشىكى تېخى ئېچىلمىغان، ئىشىك يېنىدىكى دۇگىلەك پەنجىرە تۈۋىدە ئوردا قاراۋۇلى قىلىچىنى قۇچاقلىغىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى.

تازىلىق قىلىۋاتقان كېنىزەكلەر مامۇتنى كۆرۈپ ئىشنى توختىتىپ، سەپ بولۇپ ھەممىسى بىردەك ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى. مامۇت بۇ ئوردا قائىدىسىگە تونۇجى قېتىم دۇچ كېلىۋاتقاچقا، قانداق قىلىشنى بىلمەي ھودۇقتى.

— نېمە قىلىۋاتىدۇ بۇلار؟ — دېدى مامۇت روزىغا.

— ۋايتاڭ، — دېدى روزىمۇ چۈشەنمەي، — قولىدىكى ئىشنى قىلىۋەرمەي.

شۇنىڭ بىلەن مامۇت دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىدى. ئاندىن لوكچۇن بازىرىنىڭ سەھەر مەنزىرىسىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ دۆگىلەك پەنجىرە ئالدىغا كەلدى.

تۈپتۈز كەتكەن كوچا، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان زىچ ئۆيلەر، ئاندا ـ ساندا ئۆسكەن چىرايلىق چولۇك دەرەخلىرى كۆزگە چېلىقتى، تورخۇنلاردىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈنلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، يۇقىرىغا ئۆرلىشىدىن ئاسماننى تومان باسقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار پەنجىرە ئالدىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

ئۇلار ئوردىغا تېخى ئاخشاملا كەلگەچكە قەيەر بىلەن ئۆگزىگە چىققىلى بولىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى. شۇڭا كېنىزەكلەردىن سوراشقا تارتىنىدى. دەل شۇ چاغدا ئۆزلىرى بىلەن تەڭ قورام بىر بالا ئىككى چېلەك سۇ كۆتۈرۈپ پەيدا بولدى.

— ھەي ئاداش، تۆپىسىگە قەيەر بىلەن چىقىدۇ؟ — دەپ سورىدى روزى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كېنىزەكلەر ۋە ھېلىقى بالا تارتمىنى كۆرسەتكىنىچە:

— خوش خوجام، تارتما بۇ يەردە، — دېيىشتى.

ئۇلار تارتما بىلەن ئوردىنىڭ ئەڭ ئېگىز ئۆگزىسىگە چىقىشتى. يەردىن يىگىرمە نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە تۇرۇپ ئۇلار گويا ئۆزلىرىنى ئاسمانغا چىقىپ قالغاندەك ھېس

قىلىشتى. ئوردا ئۆگزىسىدە تۇرۇپ 800 مو كېلىدىغان لۈكچۈن بازىرىنىلا ئەمەس، خېلى يىراقلارنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى.

ئوردا كەينىدىكى بۈك - باراقسانلىق ئۇلارغا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەنزىرىلىك يېزىسىنى ئەسلەتتى. ئۇلار بىردەم تاماشا قىلغاندىن كېيىن قايتىپ چۈشتى. خۇشنارە خېنىم مامۇتنى ساقلاپ تۇراتتى:

— گاڭ بالام، تىنچ قوندىلىمۇ؟

— تىنچ ئانا، ياخشى ئۇخلاپتىمىز، — دېدى مامۇت.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن خۇشنارە خېنىم ئوردا تەرتىپلىرىنى چۈشەندۈردى:

— بۇنىڭدىن كېيىن بالام، ھەر ئەتىگىنى ئوردا ئەمەلدارلىرى جۇڭۋاڭدىن ئېھسانلىك سورايدۇ. گاڭدەك ئولتۇرسىلا بالام، دادىلىرى سەككىز يېشىدا گاڭ بولغان، گاڭ دېگەن مۇشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى. ھەممە ئىشلىرىنى ئوردا خىزمەتچىلىرى قىلىدۇ. ئەيمەنمىسىلە، تارتىنمىسىلا بالام، كىرىپىك كۆتۈرۈپ قارىغۇچىلار بولسا مەن بار. ناشتىدىن كېيىن قازى كالان، دىۋان بېگى، توپ بېشى، تەيجىلەر ئېھسانلىك سوراپ سالامغا كىرىدۇ. ھودۇقمىسىلا، گاڭغا مۇناسىپ ئولتۇرسىلا بالام، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاسىم تەيجى باغلارغا ئاچىقىپ ئوينىتىپ كەلسۇن، — دېدى.

ناشتىدىن كېيىن ئاسىم تەيجى مامۇتنى باشلاپ ۋاڭنىڭ قوبۇلخانىسىغا ئەكىردى. قوبۇلخانا سالاپەتلىك ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. مامۇت ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن سورۇن ئەھلى «دۇررىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىشىپ:

— بېگىمگە سالامەتلىك، بەخت - سائادەت تىلەيمىز، — دېيىشتى.

بۇ ھەيۋەتلىك ئىشتىن مامۇت ھودۇقسىمۇ، چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ كىشىلەرگە سالام بەردى.

ئۇ ئاسىم تەيجىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۆردىكى مەخسۇس ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكىلەرمۇ ئولتۇرۇشتى. قازى كالان باش بولۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

كېنىزەكلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن خۇشنارە خېنىم كىرىپ كەلدى، سورۇن ئەھلى يەنە بىر قېتىم ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۇمۇ مامۇتنىڭ يېنىدىكى مەخسۇس ئورۇنغا ئولتۇردى. ئاسىم تەيجى بۇ سەللىلىك، سالاپەتلىك كىشىلەرنى بىرمۇبىر مامۇتقا تونۇشتۇردى. قازى كالان، توپ بېشى، تەيجىلەر، دىۋان بېگى، تۇغ بېگى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ھېممەت كاھمۇ ئولگۇرۇپ كەلگەندى. تونۇشتۇرۇشتىن كېيىن قازى كالان:

— مامۇت بېگىم دادىسى ئەفرىدۇن جۇنۋاڭغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. ئەفرىدۇن جۇنۋاڭ كاتتا كىشى ئىدى. ئاللانىڭ نۇسرىتى بىلەن سەككىز ياش ۋاقتىدىلا ۋاڭ بولغان. كاتتا ئۆلىما ئەھمەد ئاخۇنلۇقۇمدىن ① تەلىم ئالغان، مولla زەيدىننىڭ مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلغان. شۇنداق قىلىپ يۇرتىمىزنى ئادىل سورىغان، ئەفرىدۇن بېگىم زامانىسىدا ئىلىم - مەرىپەت راۋاج تاپقان، قەشقەردىن ئۆلىما، ئالىم، شائىر كىشى ئابدۇرېھىم نىزارىنى تەكلىپ قىلىپ ئوردىدا كىتاب يازدۇرغان. بۇ ئۇلۇغ كىشىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ كۆڭلىمىز سۇنغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئىزىنى باسىدىغان پەرزەنتى بار ئىكەن. پۈجۈڭ خېنىم، تەيجىلەر ۋە ئوردا ئەھلىنىڭ ھەمدەملىكى بىلەن مامۇت بېگىمنىڭ جۇنۋاڭ بولۇپ دادىسىدەك يۇرتنى ئادىل سوراپ ئۆتۈشىگە تىلەكداشمىز. قېنى، ھەممىمىز يېڭى جۇنۋاڭنىڭ بەخت - تەلىيى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى، — دېدى.

«ئامىن» دەپ قوللار ئېگىز كۆتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ

---

① ئەھمەد ئاخۇنلۇق — لۈكچۈنلۈك شائىر ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قىسسۇرى (1827 — 1717) ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلىرىنىڭ بىرى «رەۋزاتۇلزوھرا» ناملىق داستانى بار. يەرلىك خەلق شائىرنىڭ دىنىي بىلىمىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئەھمەد ئاخۇنلۇقۇم» دەپ ھۆرمەتلەپ شۇنداق ئاتىغان.

تۇنجى قېتىملىق تونۇشۇش، ئېسەنلىك سوراش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھەممەيلەن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى.

مامۇت ئېسىنى تېپىپلا نامرات ئائىلىدە پادا بېقىپ چوڭ بولغاچقا، تېخى ساۋاتسىز ئىدى. شۇڭا خۇشنارە خېنىم ئوردا ئاخۇننى چاقىرىپ، مامۇتقا كۇندە خەت ئۆگىتىشنى تاپشۇردى. تېخى خانىدانلىقتىن جۇنۋاڭلىق يارلىقى كەلمىگەن بولسىمۇ، ئوردا ئەھلى مامۇتنى جۇنۋاڭ قاتارىدا كۆرۈشتى ...

## 2

ھېمىت كاھ نەچچە كۇندىن بېرى دېلىغۇللۇقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭكەندەك، قاتىراڭغۇ يۇزى بولسا بارغانسېرى قارىيىپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆرۈمسىز قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ دېلىغۇل بولۇشىدا ئىككى سەۋەب بار ئىدى: بىرى، مەئىن تەيجى، ئەلىماخۇنلار ئۇنى خۇشنارە خېنىمنى ئۇجۇقتۇرۇشقا قىستايتتى. ھېمىت بۇ ئىشقىمۇ تەۋەككۇل قىلىشقا تەييار ئىدى، لېكىن مەئىن تەيجىنىڭ ۋاڭ بولسا باش تەيجىلىكنى ئەلىماخۇنغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئاپتاپتا قېلىشىغا كۆزى يەتتى. يەنە بىر بولسا، قاسىم تەيجىنىڭ «ھېمىت كاھ قىڭغىر قەدەمنى ئازراق بېسىڭ، مېنىڭ جازا توقمىقىمنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ھەممىدىن ياخشىراق بىلىسىزغۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇشى ئىدى. ھېمىتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سەزگەن ئايالى خالىي چاغدا:

— كاھ بېگىم، كېسەل بولغاندەك مۇشۇ نەچچە كۇندىلا جۇدەپ كەتتىلە، ئوردىدا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئەمما ھېمىت كاھ جىممىدە ئولتۇرۇۋالدى.

— نەچچە كۇندىن بۇيان يۇرۇش - تۇرۇشلىرى باشقىچە، كېچىچە جۆيلۈپ چىقتىلا، ئەمدى مېنىڭدىنمۇ يوشۇرامىلا؟ مەن ئەقىلسىز بولسامۇ، بىرەر پايدىلىق مەسلىھەت بېرىشكە

يارارمەن، ــــ دېدى ئايالى يەنە.

ھېمىت كاھ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئايالىغا سۆزلەپ بېرىپ «ئۇھ» تارتتى:

ــــ ئۇ يەرگە قارىسام مەئىن تەيجى خۇشنارە خېنىمنى يوقات دەيدۇ، بۇ يەرگە قارىسام قاسىم تەيجى يانجىيمەن دەيدۇ، بۇ ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا مىجىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرەۋاتىمەن خوتۇن.

ــــ مۇشۇنىڭغىمۇ قايغۇرغۇلۇقمۇ، جۇنۇاڭلىق سىلىگە كەلمىگەندىن كېيىن، سىلىگە نېمە جاپا؟ «ئاپاڭنى كىم ئالسا ئاتاڭ شۇ» دېگەن گەپ بار. خۇدانىڭ بەرگەن كۈنىگە شۈكۈر قىلىپ، گۇناھلىق ئىش قىلمىسىلا. قاسىم تەيجى دېگەن بىر يەرگە كەلگەندە مەئىن تەيجىنى يەپ پۈركۈۋېتىدۇ، ئۇ توقچەننىڭ كەينىگە كىرىپ بالاغا قالمىسىلا، ــــ دېدى ئايالى.

ــــ ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمەن خوتۇن؟

ــــ گەدەنلىرىدىن ساقىت، قاسىم تەيجىگە بولۇنغان ئەھۋاللارنى ئاستا دەپ قويسىلا تۈگىمىدىمۇ؟

ــــ كېيىن مەئىن گاڭ بولۇپ قالسىچۇ؟

ــــ جۇنۇاڭنىڭ ئوغلى تېپىلغان تۇرسا، ئۇنىڭغىزە گاڭلىق تېگەمدۇ؟ ــــ دېدى ئايالى مەنىلىك قىلىپ.

قاسىم توپ بېشى ئوردىدا تەيجىلەردەك ھوقۇق يۈرگۈزەلمىسىمۇ، ئوردىنىڭ تەرتىپلىرى، جازالاش، زىندان ئىشلىرىنى، ئوردا قاراۋۇللىرىنى باشقۇراتتى. ئوردا ئىچىدىمۇ نۇرغۇن كىشى ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. ھېمىت كاھ باشقىلاردىن ئانچە تەپ تارتمىسىمۇ، قاسىم تەيجىدىن تەپ تارتاتتى. شۇڭا، ئۇ ئويلىنا - ئويلىنا بۇرۇنقى ئەسكى خىياللىرىدىن بىراقلا ياندى ۋە مەئىن تەيجىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، مەئىننىڭ خۇشنارە خېنىمنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش پىلانلىرى بەربات بولدى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ھېمىت كاھ ئوردىغا ئەتىگەن كېلىپ، ئوردا ئەھلى بىلەن ۋاڭدىن ئېسەنلىك سوراشقا قاتنىشىپ،

ئۆلارنىڭ ئىشقا بۆيرۇشىنى كۈتىدىغان بولدى. لېكىن بىرقانچە كۈنگىچە خۇشنارە خېنىم، ئاسىم تەيجىلەر ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ ئۇنى ئىشقا ئارىلاشتۇرمىدى. ھېمىت ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئاياللىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قاسىم تەيجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۆتكەنكى ئىشلىرىغا تۆۋە قىلىپ، خۇشنارە خېنىمغا ئەپلەشكەندە ئۆز ئەھۋالىنى دەپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ، ئازراق كۆز يېشىمۇ قىلدى.

مەئىن تەيجى ھېمىت كاھىنىڭ ئۆزىدىن قېچىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇنى بىر ـ ئىككى قېتىم چاقىرتسىمۇ كەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىر ھېمىت كاھىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەھدىت سالماقچى بولدى. ھېمىت كاھ ئۆيدە يوق ئىدى. شۇڭا مەئىن ھېمىتنىڭ ئايالىغا:

— «ئىتقا نان بەرسە قولىنى چىشلەپتۇ» دېگەندەك، مەن ھېمىتقا قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلدىم. ئەمدىزە مەندىن يۈز ئۆرۈپ، مەندىن قېچىپ نەگە بارماقچى؟ ھېمىت بىلىپ قويسۇن، مەن ئۇنىڭغا يۈز ـ خاتىر قىلمىسام ئاللىقاچان زىندانغا تاشلاتقان بولاتتىم. مەن باش تەيجى، مۇشۇ يۇرتنىڭ گېپى، ھېمىت ئويدانراق ئويلاپ باقسۇن! — دەپ چىقىپ كەتتى. ھېمىت كاھىنىڭ ئايالى بۇ گەپتىن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

مەئىن تەيجى ئەلىماخۇنلار بىلەن قىلىشقان مەخپىي مەسلىھەتنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. مۇشۇ تۇرقىدا قۇدرىتى يەتسە ھېمىتنى دەرھاللا كۆزدىن يوقاتقان بولاتتى. ئەمما ... شۇڭا ئۇ ئەمدى قانداق قىلىپ ھېمىت كاھىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش توغرىسىدا باش قاتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ۋاڭلىقنى تالىشىش توغرىسىدىكى ئوي ـ خىياللىرىنىڭ ئورنىنى ئەمدى سۇيىقەستنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئويلاش ئىگىلىۋالدى، بۇ ھەقتە ئويلىغانچە ئۇنى ئېغىر غەم ئىلكىگە ئېلىۋالدى. شۇڭا مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە مەئىننىڭ پاكار، دوغىلاق بويى تېخىمۇ پاكارلاپ كەتكەندەك

بولۇپ، پورلاشقان قوۋۇزلىرى تېخىمۇ بوشىشىپ، ئۇنىڭ تەلەتىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

## 3

لۇكچۇن ۋاڭلىقىنىڭ تۆت چوڭ بېغى بار ئىدى. باغلارنىڭ كىچىكلىرى قىرىق نەچچە مو، چوڭلىرى يۈز نەچچە مو كېلەتتى.

ئۇردا كەينىگە جايلاشقىنى گۈلباغ. بۇ باغدا ھەرخىل مېۋىلەر ئۆستۈرۈلۈشتىن باشقا بىر نەچچە مو يەرگە گۈل تېرىلاتتى. ئۇردىدا زېرىككەن خان ئاغىچىلار كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئېگىز ئۇردىدىن باغقا كىرگىلى بولىدىغان يەر ئاستى يولى بىلەن باغقا چىقىپ سەيلە ـ تاماشا قىلاتتى.

ئىككىنچى بېغى لۇكچۇن بازىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدىكى يازلىق ئۇردا سۈپىتىدە پايدىلىنىلىدىغان، چەتتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتىدىغان يۈز نەچچە مو كۆلەمدىكى دۆلەتباغ. بۇك ـ باراقسان باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا شىپاڭ سېلىنغان. شىپاڭلاردىن تارتىپ، ئۆي تورۇسىدىكى تاختايلارغا خىلمۇخىل مېۋە، گۈللەرنىڭ سۈرىتى سىزىلغان. تورۇسقا رەتلىك تاش ئەينەكلەر ئورنىتىلغان. يىراقتىن قارىغان كىشىگە شىپاڭ خۇددى مۇئەللەقتە تۇرغۇزۇلغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ باغ ئەنجۈرلۈك، ئانارلىق، نەشپۈتلۈك، جۈجەملىك دېگەندەك مەخسۇسلاشتۇرۇلغان بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن.

دەم ئېلىش ۋە تاماشا قىلىش ئۈچۈن باغنىڭ گۈزەل، باراقسان جايلىرىغا تۈۋرۈكلۈك ئايۋانلار قۇرۇلۇپ، خىش ياتقۇزۇلغانىدى.

دۆلەتباغ ــ نامىغا خاس ھەقىقەتەن گۈزەل، جەننەت ماكان ئىدى. ئۆز دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىر ئەھمەد خوجامنىياز قىسسۇرى دۆلەتباغنى تەرىپلىگەن بىر مۇخەممەسىدە مۇنداق يازغان:

ئۆگزىلەر ئۆتسە راۋاقى چەرخ تاقىدىن ئېشىپ،
قوببىئى ئايۋانى ئاي بىرلە قوياشقا ياندىشىپ،
ئۈستىدە گۈل مىخلىرى يۇلتۇز مىسەللىك ئورناشىپ،
ھەر يىغاچ ئۈستىدە گۈللەر بەرگىگە چىرماشىپ،
ھەۋزى كەۋسەردەك ئىچىدە ئابى جارى ئۆزگىچە.

مېۋىلەر بولمىش بۇ باغ ئىچرە ناھايەتسىز سىچۇك [1]
كۆرگەن ئەل بولغاي يېمەكلىككە بۇۋىلەردەك يۈرۈك،
ھەر تەرەپ ئەنجۈر، ئانارى، رەڭگارەڭ شاپتۇل، ئۆرۈك،
با - باشىق شېرىن قوغۇن، چىلگى، تاربۇزلار چۈرۈك،
خوبىلەر رۇخسارىدەك ئالما، ئانارى ئۆزگىچە.
......

ئۈچىنچى بېغى چاھارباغ. بۇ ئەللىك نەچچە مو كۆلەمدىكى مېۋە ئۈستۈرۈلىدىغان، ئادەتتىكى مېھمانلارنى كۈتىدىغان سەيلىگاھ. بۇ باغدا ھەرخىل مېۋىلەر بولۇشتىن تاشقىرى چەتتىن كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ تىكتۈرگەن چىنار دەرىخىمۇ بار.

تۆتىنچى بېغى نەزەرباغ. بۇ ۋاڭنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ يازلىق ئويۇن - تاماشا قىلىدىغان سەيلىگاھى بولۇپ، باشقا باغلاردىن ئالاھىدە ۋە ئۆزگىچە ئىدى.

خۇشنارە خېنىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئاسىم تەيجى بىرقانچە كاھلارنىڭ ھەمراھلىقىدا مامۇتنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان باغلارغا باشلاپ بېرىپ ئويناتتى. باغلارنى بىر قۇر ئايلىنىپ كۆرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دۆلەتباغدا لوكچۇننىڭ ئەنئەنىۋى مەشرەپلىرىدىن مېلىسنى خالىس ئورۇنلاشتۇرۇپ، مامۇتنىڭ كۆڭلىنى ئاچتى. مېلىس مەشرىپىدە بىرنەچچە داپەندە داپ بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ. مېلىسقا يىغىلغان قىز - چوكانلار بىلەن يىگىتلەر چىرايلىق ئايلىنىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن بىر -

---

[1] سىچۇك ـــ تاتلىق ـ شېرىن.

بىرىگە پوتا سېلىشىدۇ ۋە بېيىت ئېيتىشىدۇ. مەسىلەن:
پوتا سالغۇچى:

پوتا سالدىم سىز چوكانغا،
قوبۇل قىلغايلا.
كۆڭلۈم ئۈچۈن بۇ پوتىنى
ياندۇرمىغايلا.
دەپ بېيىت ئېيتسا،
پوتا ئالغۇچى:

كۆڭۈللىرى ئايان بولدى،
پوتىنى ئالدىم.
ئېگىلىپ ئۈچ تەزىم بىلەن
ياندۇراي ئاندىن.

دەپ بېيىت قايتۇرۇپ، ئېھتىرام بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرىدۇ، پوتىنى ئالغۇچى لايىقىدا بېيىت بىلەن جاۋاب قايتۇرالمىسا، بىرەر قىزىقارلىق گەپ بىلەن سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈرسىمۇ ياكى ئۇسسۇل ئويناپ پوتىنى قوبۇل قىلىپ ئالسىمۇ بولىۋېرىدۇ. پوتىنى ئالغۇچى ئاندىن خالىغان بىرسىگە يۇقىرىدىكى قائىدە بويىچە پوتا سالىدۇ.
مامۇت بۇ ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن دەسلەپتە خىجالەت بولۇپ مەخسۇس ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆردى. ئاسىم تەيجىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چىرايلىق، شوخ چوكانلار مامۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ئۇنىڭغا پوتا سالدى.

تەپسەم ساندۇق ئاچىلۇر،
گۈل باشىمغا سانجىلۇر.
بۇ مېنىڭ خەستە كۆڭلۈم،

سىزنى كۆرسەم ئاچىلۇر.

بۇ بېيتتىن مىلىسقا قاتناشقانلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

ئەمما، بۇ تۇنجى پوتا سېلىشتا ماموتنىڭ يۈزلىرى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ، تارتىنچاقلىق قىلدى. بىر ـ ئىككى قېتىم پوتا سېلىنىپ، ئۇمۇ ئاسىم تەيجى ئۆگىتىپ، يادلىتىپ قويغانلىرىنى دەپ، مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ خېلى قىزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەشرەپ ماموتقا بەك يېقىپ قالدى ...

ئوردىدا ئوردا ئاخۇنى ماموتقا خەت ئۆگەتكەندىن باشقا، خۇشنارە خېنىم ئوردا تەرتىپلىرى، يۈرتنى قانداق باشقۇرۇش، ئۆزىنى قانداق تۇتۇش، باشقىلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ماموتقا ئىش ئۆگىتەتتى.

ماموت مەيلى ئوردىدا بولسۇن، مەيلى سىرتقا چىقسۇن كىشىلەر قول قوۋۇشتۇرۇپ، باش ئېگىپ ئۆزىنىڭ ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۆت ئادەم ئارىسىدا خىجالەتتىن قىزىرىدىغان، تارتىنچاق چوڭ بولغان پادىچى ماموت، خۇشنارە خېنىمنىڭ تەربىيەسى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ۋاڭغا لايىق گىدىيىدىغان، تۇغۇشلۇق گەپ ـ سۆز قىلالايدىغان بولۇشقا باشلىدى. ھەتتا، ئۇ بىرنەچچە قېتىملىق مىلىسقا ئۆزى تەلەپ قىلىپ يۈرۈپ قاتناشقاندىن كېيىن، ئوردىدىكى كېنىزەكلەردىن چىرايلىقلىرىغا خالىي چاغلاردا چاقچاق قىلىشتىنمۇ ئۇيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

## 4

1881 ـ يىلى چىڭ خانلىقىنىڭ ماموتنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا جۇنۋاڭلىققا تەيىنلىگەنلىك يارلىقى كەلدى. شۇنداق قىلىپ 17 ياشقا يېقىنلاشقان چېغىدا ماموتنىڭ جۇنۋاڭلىق يېڭى ھاياتى

باشلاندى.

يارلىق كەلگەن كۈنى يىگىرمە نەچچە مىڭدىن ئېگىزلىكتىكى ئوردا ئۆگزىسىدە ناغرا ـ سۇناي چېلىنىپ، لۈكچۈن خەلقى ئېگىز ئوردا ئالدىغا توپلىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ شاھانە مەرىكە قىلدى.

مامۇتقا مەخسۇس چىڭ سۇلالىسى ئىلتىپات قىلغان جۇنۋاڭلىق كىيىمى كىيگۈزۈلگەندى. ئوردىدا جۇنۋاڭلىقنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مامۇت قوبۇلخانىدا تۆردىكى جۇنۋاڭلىق تەختىگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپكە ئۆز دەرىجىسى بويىچە تىزىلغان ئوردا ئەھلى ۋە بۇ يۇرتتىكى بايلار سەپ بويىچە قول قوۋۇشتۇرۇپ ئۆرە تۇرۇشتى.

ئاندىن قازى كالاننىڭ باشلامچىلىقىدا:

— جۇنۋاڭ بېگىمنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ۋاڭلىق تەختىگە بەخت ـ سائادەت تىلەيمىز! — دېيىشتى. مۇراسىمدىن كېيىن چوڭ زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلدى ...

شۇ كۈندىن باشلاپ پادىچى مامۇت — سۇلتان مامۇت دەپ ئاتالدى.

بۈگۈنكى بۇ چوڭ سورۇندا مەئمىن تەيجى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ۋاڭلىقنى ئاللىمغانلىقىنىڭ دەردىدىن ئاغرىپ يېتىپ قالدىمۇ ياكى كېيىنكى بولغۇسى ئىشلاردىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنى ۋاقىتلىق دالدىغا ئالدىمۇ، بۇنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمىدى.

ئىنانچىخانلىق يارلىقى كەلگەندىن كېيىن، خۇشنارە خېنىم مامۇتقا:

— گاڭ بالام، بىرىنچى ئىشلىرى تەيجىلەرنى تەيىنلەش، مەئمىن تەيجىنى ئوردىدىن قوغلاپ، ئورنىغا باش تەيجىلىككە ئاسىم تەيجىنى تەيىنلىسىلە، يۈرەكلىك بولسىلا بالام! — دەپ توپ بېشى، دىۋان بېگى، باش كاھ، توغ بەگلىرىنىڭ نامزاتلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

مامۇت بىر يىلدىن بېرى ئۇردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، قارا خەتلەرنى ئاز ـ تولا ھەجىلەپ ئوقۇيدىغان، چوڭ سورۇنلاردا ئانچە تارتىنىپىمۇ كەتمەيدىغان ھالغا كېلىپ، يۈرىكى خېلى توختىغانىدى.

مانا شۇ كۈندىن تارتىپ تۇرپان رايونىغا چىقىرىلغان يارلىقلار سۇلتان مامۇت نامى بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان بولدى.

مامۇت سۇلتان ئاتالغاندىن كېيىن، ئاغىنىسى روزىنىڭ ئۇردىدا ئەمىلى بولمىسىمۇ، مامۇتنىڭ يۈزىدىن روزىبەگ ئاتالدى.

بىر كۈنى مامۇت ئاغىنىسى روزىنى چاقىرىپ خالىي ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. مامۇت شاھانە كىيىملەر ئىچىدە ئولتۇرۇپ:

— روزى ئاداش، نەچچە ئاي بۇرۇن پادىچى ئىدى، مۇشۇنداق كۈنگە يېتىشىمىز خىيالىمىزغا كىرگەنمۇ؟ — دېدى.

— بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، ئاشۇ جاپا تارتقان كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالمىساق بولىدۇ جۇڭنۇاڭ، — دېدى روزى تۆۋەنچىلىك بىلەن.

— بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن يۇرتقا ئادەم ئەۋەتىپ چوڭ دادامىلارنى، تاغامىلارنى ئەكەلدۈرسەم قانداق؟

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، ئىبراھىم بوۋام بۇ كۈنىمىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن!

لېكىن، سۇلتان مامۇت ۋاقىتلىق ئىشلىرى، مەشرەپ، بەزمىلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ جەنۇبقا ئادەم ئەۋەتىشنى ئۇنتۇدى، ھەتتا بىللە كەلگەن ئاغىنىسى روزى بىلەنمۇ نەچچە كۈنلەردە بىر قېتىم كۆرۈشىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇنى سەزگەن روزى سۇلتان مامۇتقا ئۇ ئىشنى نەچچە قېتىم ئەسكەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما سۇلتان مامۇت «ھە» دەپ قويۇپلا ئۆز ئىشى بىلەن يۈرۈۋەردى. تولا سۆزلەپ روزىمۇ ھاردى. يەنە كېلىپ روزى بارا ـ بارا مامۇتنىڭ بۇرۇنقى قوي باقىدىغان تاز

ماموت ئەمەسلىكىنى، ھازىر ئۆزىنىڭ ھېچبىر گېپىنىڭ ماموتنىڭ قولاق سېلىپ ئاڭلىشىغىمۇ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى.

روزى ئامالسىز بويىنىنى قىسىپ قالدى. چۈنكى، ھازىر ماموت ھەممىگە گېپىنى ئاڭلىتالايدىغان، ئەمما ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان كاتتا ئىنانچىخان ئەمەسمۇ!

## تۆتىنچى باب

# ئىنانچىخاننىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى

## 1

ئوردىغا يېڭى كەلگەن چېغىدا، خىزمەتتىنى قىلىشقا بەلگىلەنگەن كېنىزەكلەرگە كىرپىك كۆتۈرۈپ قاراشتىن ئۇيۇلىدىغان مامۇت، جۇڭۋاڭ بولۇپ، ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە ئاجايىپ ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىلىرىنىڭ بىرى خانلىق مەدرىسەنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى بولدى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئەھمەدخان 1495 ـ يىلى 36 ئېغىزلىق ياتىقى بولغان ھەيۋەتلىك لوكچۇن خانلىق مەدرىسەسىنى پۈتكۈزۈپ ئۇنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى تارقىتىدىغان مەركىزىگە ئايلاندۇردى ۋە بۇ مەدرىسە «جاھاننەما مەدرىسەسى» دەپ ئاتالدى. ئەھمەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇر تەخت ۋارىسى بولدى. بۇنىڭغا ئەھمەدخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى سەئىدخان نارازى بولۇپ، نەۋرە ئاكىسى بابۇرشاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، 1514 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يەكەننى پايتەخت قىلىپ، يەكەن خانلىقىنى قۇردى. 1516 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مەنسۇرخان بىلەن سەئىدخان كېلىشىپ ئىككى خانلىق ئىچىدە مەنسۇرخان چوڭ خان بولدى. سەئىدخان ئاغىسى مەنسۇرخانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئىززەت ـ ئېكرام بىلدۈردى. ئۇ يەنە قۇتبىنى مەنسۇرخاننىڭ نامىغا ئوقۇشقا ۋە مەنسۇرخاننىڭ نامىدا پۇل

قويۇشقا قوشۇلدى. بۇ ئىككى ئىش ئەمەلىيەتتە ئەڭ يۇقىرى هاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ قېتىمقى كېلىشىش ئارقىلىق شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىرلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلدى. 1538 - يىلى مەنسۇرخان «جاھانىنەما مەدرىسەسى»نى كەڭ كۆلەمدە بىر قېتىم رېمونت قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ھەيۋەتلىك پەشتاق، پەشتاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىرى مەنسۇرخانغا، يەنە بىرى سەئىدخانغا سىمۋول قىلىنغان ئىككى مۇنار ياساتتى. بۇ مۇنارلار بۇخارادىكى مىرزىكالان مۇنارلىرىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكى 100 چى كېلەتتى. بۇ مۇنارلار تارىختا «لۈكچۈن مۇنارى» دەپ ئاتالغان.

ئەفرىدۇن ۋاڭ زامانىسىدا گۈللەنگەن بۇ مەدرىسە ئەمدىلىكتە ئۇنتۇلۇپ، مەدرىسەدە ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سۆھبەتلىرى ئۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى مەشرەپلەر، ئەيش - ئىشرەتلەر ئىگىلەپ كەتتى.

سۇلتان مامۇت يارلىق چۈشۈرۈپ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم دۆلەتباغدا مېلىس مەشرىپى قىلىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، مېلىسنى ئۇيۇشتۇرۇشقا مەخسۇس كاھلارنى تەيىنلىدى.

ھېمىت كاھ مەئىن تەيجىدىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، قاسىم تەيجىگە يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، خۇشنارە خېنىم ئالدىدا ئۆز گۇناھىنى تىلەپ تۆۋە قىلغاندىن كېيىن، سۇلتان مامۇتقا يېقىنلىشىپ، سۇلتان مامۇتقا خۇشياقىدىغان ھەرخىل ئىشرەت يوللىرىنى ئۆگىتىپ، سۇلتان مامۇتنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالدى.

بىر كۈنى ھېمىت كاھ شاپاشلاپ، چىرايىدىن مىڭ بىر كۈلكە تۆكۈپ ئوردىغا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا سۇلتان مامۇت پەرىشان ئولتۇراتتى.

— گاڭ غوجام، — دېدى ئاللىقاچان سۇلتان مامۇت بىلەن خېلى ئازادە سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغان ھېمىت كاھ بىر

نەرسىنى پەملەپ يۇمشاق تەلەپپۇزدا، — ھېرىپ قاپلا، تازا ئوبدان بىر مەشرەپ قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىۋالسىلا.

— بۇ مەشرەپ دېگىنىڭىزنىڭمۇ تازا قىزىقى قالمىدى، — دېدى سۇلتان مامۇت ھېمىت كاھنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— سىلىگە ياقمىغان قايسى شۇپتۇر [1]، — دېدى ھېمىت كاھ يالغان ئاچچىقلىنىپ.

— ياقىدىغان - ياقمايدىغان ئىش يوق، — دېدى سۇلتان مامۇت سەل جىلە بولۇپ، — قاچانلا قارىسام شۇ ئۇسسۇلچىلار. ئۇنىڭ ئۇستىگە قېرى. مېنىڭ ۋاڭلىقىمدا بولاردىن باشقا ئۇسسۇلچى - رەققاس يوقمۇ؟

سۇلتان مامۇتنىڭ ئىچىدىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان ھېمىت كاھ باياتىندىن بېرى خۇپسەنلىك قىلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ سۇلتان مامۇتنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپ چىقىشى بىلەنلا مەقسىتىنى ئاشكارىلىدى:

— بولمامدىغان خوجام، سىلىنىڭ بىر قاراشلىرىغا تەشنا بولۇپ تۇرغان نى - نى گۈزەللەر بار.

— قېنى شۇلار؟ — دېدى سۇلتان مامۇت ھومىيىپ.

— مەن تونۇيدىغان بىر خوتۇن بار. ئۇنىڭ كارامىتى ...

سۇلتان مامۇت تاقەتسىزلىنىپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— خوتۇن؟ ئۇ شۇنچىۋالا كېلىشكەن خوتۇنمۇ؟

— ياق، ياق، — دېدى ھېمىت كاھ، ھەم ھودۇقۇپ، ھەم كۈلگىسى كېلىپ، — ئۇ خوتۇننى سىلى كېرەك قىلمايدىلا. ئەمما، ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى قىزلار چىك - چىك ... مەي باغلاپ پىشىپ، سۈيى ئاقايلا دەپ قالغان ئاق ئۆرۈك ...

بۇ تەرىپىنى ئاڭلاپ سۇلتان مامۇت ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇ خۇددى شۇنداق بىر قاراپلا قويسا، ئاق ئۆرۈكتەك ئۇ قىزلار ئۇنىڭ بويىغا چىرمىشىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

---

① شۇپتۇر — پاسكىنا، مەينەت (تۇرپان شېۋىسى).

— ئۇنداق بولسا چاقىقان ئۇ خوتۇننى چاقىر!

— مەن دېمەكچى، ئۇ خوتۇننى ئوردىغا خىزمەتكە ئالساق، ماڭا ياردەملەشسە، سىلىنىڭ مەشرەپلىرى ھۆر - پەرىلەر سەيناسىغا ئايلىنىدۇ دېسىلە.

— بولدى، خىزمەتكە ئالدىم.

ھېمىت كاھ ئوردىدىن خۇشال چىقتى. يول بويى «ئەمدىغۇ يولۇم ئېچىلار، تاتلىق چۈشلىرىم ئوڭۇمدىمۇ بولار» دېگىنىچە ئۇدۇل سارىخان لولىنىڭ ئۆيىگە چاپتى.

سارىخان دېگەن بۇ خوتۇن ئەمەلىيەتتە شەھۋەتپەرەس باي - خوجاملارغا ئادەم بېدىكى بولۇپ جان بېقىۋاتقان ۋە شۇ سەۋەبتىن «دەججال» دەپ نام ئالغان، چىرايلىق قىز - چوكانلارنىڭ بېشىغا بالا بولۇۋاتقان بىر مەرەز ئىدى.

— ۋاي سارىخان، ۋاي سارىخان، ئىشلىرىنى ئوڭ قىلىپ كەلدىم، گاڭ قوشۇلدى!

ھېمىت كاھ ئىشىكتىن كىرىپلا توۋلىدى. ئوتتۇرا بوي، يۇزىگە بولۇشىغا ئەڭلىك سۈرتكەن، چىرايىدىكى شۇملۇقتىن، ھىيلىدىن بىر قارىغان ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنىدىغان سارىخان لولىنىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— ۋاي، ئاغزىلىرىغا ناۋات!

— بۇ گالۋاڭ مامۇت دامىمىزغا چۈشۈپ تازا ئوبدان بولدى. ئەمدىغۇ ئوردىدا بىر كىشىلىك مەرتىۋىگە ئېرىشەرمەن. شۇڭا ئۇنى گېپىمىزدىن چىقمايدىغانلا قىلىۋېتەيلى.

— ئەمدى تازا ھاردۇقۇم چىقىدىغان بولدى. نەچچە ۋاقتتىن ئالدى - ئارقامدىن كۆلگەنلەرگە تازا بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام، — دېدى سارىخان لولا زەھەرخەندىلىك بىلەن، — قىز - پىزغا قارايدىغان چېغى بارمۇ ئۇنىڭ؟

— ۋاي، نېمە دەيدىغانلا، — دېدى ھېمىت كاھ قوللىرىنى تاماخورلۇق بىلەن ئىشقىلاپ، — قىز دېسە ۋاڭلىقنىمۇ تېگىشىدۇ ئۇ. گەپ سىلىدە.

سارىخان لولا خۇشلۇقىدا داستىخان راسلىدى.
— مانا ئەمدى سىلىمۇ ئوردىدىن ئاش - نان يەيدىغان بولدىلا.
— سىلىنى قانداق رازى قىلسام بولىدىكىن؟ — دېدى سارىخان لولا سۇرتكەن ئەڭلىكلىرى قورۇقىنى يوشۇرالمىغان كۆزلىرىدىن شەھۋەت نۇرلىرىنى تۆكۈپ. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ھېمىت كاھ قاپىقىنى تۇردى، ئەمما سىلىق ئېيتتى:
— سىلى بىلەن بىر يوتقانغا كىرىشكە بېشىم ئون ئەمەس. شۇ ئەمدى ... ۋاڭغا تاپقان قىزلىرىدىن ئايدا بىرەرنى ...
سارىخان لولا كۈلۈپ كەتتى:
— چىشلەپ ئاغرىتىشتىن باشقىغا يارىمايدىغانلىرىغا ...
شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ سېسىق گەپ، مەسخىرىلىرىگە پەرۋا قىلماي، ھېمىت كاھ سارىخان لولا بىلەن ئوردىدا ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدىغان مېلىس مەشرىپىنى تەييارلاش ئىشىنى باشلىدى. ئىككىسى بىر مەپىگە ئولتۇرۇپ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، چىرايلىق قىز - چوكانلارنى تاللاپ ئوردا نامىدىن مېلىسقا «تەكلىپ» قىلاتتى. بۇنىڭغا قارشىلىق قىلغۇچىلارنى ۋاڭغا چېقىپ ئەدىپىنى بەرگۈزەتتى.
ھېمىت كاھ بىلەن سارىخان لولا تەشكىللىگەن بىر نەچچە قېتىملىق مېلىس سۇلتان مامۇتقا ياغدەك يېقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ياقىنى ئەدەپ - قائىدە بىلەن قىز - چوكانلارنىڭ نەپىس ئايلىنىپ بىر - بىرىگە پوتا سېلىشى ئەمەس، داپەندىلەرنىڭ مېلىس ناخشىسىنى كېلىشتۈرۈپ ئېيتىشىمۇ ئەمەس، بەلكى مېلىس سورۇنىغا يىغىلغان قىز - چوكانلارنىڭ تاللىنىشى ئىدى.
ئىككى - ئۈچ قېتىملىق مېلىس تىنچ ئۆتتى.
بىر كۈنى ھېمىت كاھ بىلەن سارىخان لولا يەنە كۇسۇرلاشتى:
— ۋاڭ ھەدەپ دېيىمىزغا ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ. ئۇنى يەنىمۇ

قىزىقتۇرۇپ سۆيۈنچە ئالساق بولاتتى، — دېدى ھېمىت كاھ.
— مەنمۇ شۇ ئويدا، بىزگىمۇ پايدىسى تېگىدىغان ئىش قىلىلى كاھ بەگ، — دېدى سارىخان لولا تاماخورلۇق بىلەن.
بۇ گەپ ھېمىت كاھقىمۇ ياقتى:
— قانداق قىلساق بولار؟
— بۇنىڭ ئىشى ئاسانغۇ، — دېدى سارىخان لولا، — سىلى يوتقاننىڭ ئىچىدە ئىشلىتىدىغان ھېلىقى مەجۇنلىرىدىن مۇسەللەسكە قوشۇپ ئىچۈرۈۋەتسىلە ... قاراپ تۇرسىلا، بىزدىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدۇ.
بۇ گەپتىن ئىككىسى كۈلۈپ كېتىشتى.
ھېمىت كاھ يەنە بىر قېتىملىق مېلىس بولىدىغان كۈنى سۇلتان مامۇتنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
— شاھىئالەم سۇلتان مامۇت بېگىم، پېقىرنىڭ بىر ئەرزى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، جانابلىرىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئېچىش. بىر - ئىككى قېتىملىق مېلىستە بېگىمنىڭ كۆڭلىنى ئالالىدۇق. بۇ قېتىم مېلىسقا بارغۇچە بېگىم بىز تەييارلىغان مەيدىن ئېغىز تەگسە، كۆڭلى تېخىمۇ شادلىنىپ، چىرايى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كۈچ - ۋۇجۇدى تېخىمۇ ئۇرغۇپ، پېقىر قۇللىرىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولارمىكىن، دېگەن ئۈمىددىمىز، — دېدى.
— ھا - ھا ... جاھاندا كۆڭۈل ئېچىلىدىغانلا نەرسە بولسا قىلىپ باقاي، مەينى تەييار قىلىڭلار، — دېدى سۇلتان مامۇت.
ھېمىت كاھ «خوش» دېگىنىچە چىقىپ، تازا يىللىغان مۇسەللەستىن كەلتۈرۈپ، كاۋاپ تەييارلاتقۇزدى. سۇلتان مامۇت تۇنجى قېتىم كاۋاپ بىلەن مەي ئىچتى. ھېمىت كاھ ئۇنىڭ ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ:
— بېگىم، يەنە بىر پىيالە، بۇكى پېقىر قۇللىرىنىڭ ئىلتىماسى. يەنە بىر پىيالە ئىچكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كەيپىنى سۈرگىلى بولىدۇ، — دېدى.

— ئەكەل! — دېدى سۇلتان مامۇت ۋە قوش قوللاپ تۇتۇلغان مەينى كۆتۈرۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان مامۇت مېلىسقا ماڭغۇچە خېلىلا تەڭشەلدى، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، هاۋايى هەۋىسى قوزغالدى. هېمىت كاھىنىڭ كۇتۇۋاتقىنىمۇ شۇ ئىدى.

سۇلتان مامۇت مېلىس سورۇنىغا چىققۇچە هېمىت كاھ مېلىس ئەهلىگە:

— مېلىس قاتناشچىلىرى، بېگىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن مېلىسنى ياخشى ئوينىڭىزلەر، سۇلتان مامۇت بېگىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولسىڭىزلەرمۇ ئەجەب ئەمەس، مەن مېلىستە «بېگىمىزنىڭ كۆزى چۈشتى، بېگىم خىرىس قىلىدۇ» دەپ جاكارلىسام هەممىڭلار بېشىڭلارنى پەس قىلىپ ئىتائەتتە تۇرۇڭلار، بېگىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكۈچى چاقىرىلىپ، هەرەمخانىغا كەتكەندىن كېيىن، مېلىس يەنە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلار توقماق جازاسى يەيدۇ، — دەپ جاكارلىدى.

سۇلتان مامۇت مەست هالەتتە مېلىس سورۇنىغا چىقتى. ئۇ، قاتار ئولتۇرغان بىر - بىرىدىن چىرايلىق قىز - چوكانلارغا قاراپ ئۆزىنى باسالمىدى. بىراق قايسىسىنى تاللاشنى بىلەلمەي قالدى.

مېلىس باشلاندى. مامۇتنىڭ كەيپى خۇش ئىدى. ئۇ مەينىڭ كۈچى بىلەن هايانى ئۆزىدىن هەيدەپ، بىچارە قويلارغا ئېتىلىشقا تەييارلانغان بۆرىگە ئايلاندى. قىز - چوكانلارنىڭ پوتا سېلىشىپ، نەپىس ئايلىنىشلىرىدىن مامۇت ئولتۇرالماي قالدى. ئاخىر 20 ياشلاردىكى ئانار يۈزلۈك، كېيىك كۆزلۈك، ئۇزۇن چاچلىق، خۇش پىچىم بىر جۇۋانغا كۆزى چۈشتى، مەست مامۇتقا ئۇ قىز پەرىزات بولۇپ كۆرۈندى. مامۇت قارىغانسېرى ئۇنىڭدىكى هاۋايى هەۋەس شەيتىنى ئۇنى ۋەسۋەسىگە سالغىلى تۇردى. ئاخىر چىدىمىدى، يېنىدىكى هېمىت كاھقا هېلىقى جۇۋاننى كۆرسىتىپ پىچىرلىغاندىن كېيىن ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن

ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارامخانىسىغا ماڭدى، ھېمىت كاھ:
— بېگىمنىڭ كۆزى چۈشتى، بېگىم خىرىس قىلىدۇ، — دەپ تووۋلىدى. مەشرەپ توختاپ ھەممەيلەن كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە بېشىنى پەس قىلدى. سارىخان لولا ئاستا بېرىپ ھېلىقى جۇۋاننى چاقىردى. ھېلىقى جۇۋان نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي سارىخان لولىنىڭ كەينىدىن كەتتى. ھېمىت كاھ:
— مېلىسنى باشلاڭلار، — دېگەندىن كېيىن ھەممە بېشىنى كۆتۈرۈپ كىمنىڭ «ئىلتىپاتقا» سازاۋەر بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك يانلىرىغا قاراشتى. مېلىس يەنە باشلاندى.
ئالاھازەل بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتىمىكىن، ھېلىقى جۇۋان چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايلىرى سولغۇن ھالەتتە پەيدا بولدى. ئەمما ئۇ ئارامخانىدا بولۇنغان ۋەھشىيلىكلەرنى كىمگىمۇ سۆزلىيەلىسۇن؟! ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن ئېرى، قېيىنئانا، قېيىنئاتىسى بار، بۇ گەپلەر ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، بۇ جۇۋان قانداق كۈنلەرگە قالىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىزا - ئاھانەت دەردىدە يۈرىكى مۇجۇلۇپ ئۆلەيلا دېدى، ھۆڭرەپ يىغلىغۇسى كېلەتتى ...
مېلىس تارقالدى. سۇلتان ماھۇت بوگۇن ھېمىت كاھ، سارىخان لولىدىن بەكمۇ رازى بولدى.

## 2

بىر كۈنى قاسىم تەيجى قازى كالاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن روزى بەگنى چاقىرىپ:
— روزى بەگ، سىز سۇلتان ماھۇت بېگىمنىڭ يېقىن قەدىناسى، يۇرت ئەھلى سۇلتان ماھۇت بېگىمدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدى. لېكىن، بېگىم پۇقرا بىلەن كارى يوق، ئويۇن - تاماشىغا بەك بېرىلىپ كەتتى، مېلىستە قىز - چوكانلارنى ئاياغ ئاستى قىلدى، دەپ خەلق ئىچىدە گەپلەر تولىراۋاتىدۇ. سىز بېگىمنىڭ خۇشۋاق ۋاقتىنى تېپىپ بىزنى

دەيدۇ دېمەي، نەسىھەت قىلىپ قويسىڭىز، — دېدى.

— بىز بۇ يەرگە ماڭغۇچە ئىبراھىم بوۋام ناھايىتى ئۇبدان نەسىھەت قىلغان، لېكىن مامۇت ئاداش ناھايىتى ئۇڭاي ئۇنتۇپ قالدى، مەنمۇ كۆڭلۈمدە خاھى ئاڭلىسۇن - ئاڭلىمىسۇن بىر دەي دەپ يۈرەتتىم. بۇ مەسلىھەتلىرى ياخشى بولدى، مەن كىچىكتۇرمەيلا دەيمەن، — دېدى روزى.

شۇنداق قىلىپ، سۇلتان مامۇت يالغۇز خانىسىدا ئولتۇرغان چېغىدا روزى كىرىپ كەلدى.

— كەل روزىبەگ، كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى سۇلتان مامۇت.

— بېگىمنىڭ دۆلىتىنىڭ سايىسىدا ئۇبدان كېتىۋاتىمەن. بېگىمنىڭ ئىشلىرىغا مالاللىق يەتمىسۇن دەپ ئالدىلىرىغا كىرمىدىم، — دېدى روزى ئوردا قائىدىسى بويىچە.

— مۇنداق خالىي چاغلاردا تولا تەكەللۇپ قىلىپ كەتمە! ئەلنىڭ ئىچىدە شۇنداق سۆزلىسەڭمۇ، ئىككىمىز لا قالغاندا سەن - مەن دېيىشسەكمۇ مەيلى، — دېدى سۇلتان مامۇت.

— ئۇنداق بولسا ئاداش، ساڭا دەيدىغان بىرنەچچە ئېغىز گېپىم بار، «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۇشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن گەپ بار. سەن جۇڭۋاڭ بولغاندىن كېيىن تېز ئۆزگىرىپ كەتتىڭ. يۇرتىمىزدا پادا بېقىپ جاپا تارتقان كۈنلەرنى، ئىبراھىم بوۋامنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالساق بولماس. مېنىڭچە، پۇقرانى كۆپرەك ئويلاپ، ئويۇن - تاماشىدىن ئۆزۈڭنى سەل تارتساڭ دېمەكچىمەن. مەنمۇ كەم ئەقىل ئادەم، لېكىن ئويۇن - تاماشاڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، مەن بۇ گەپلەرنى قانچە قېتىم ئەپلەپ ناھايىتى مۇشكۇلدە ساڭا دەۋاتىمەن، — دېدى روزى.

— ھەي روزى، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن؟! قوي بولۇپ مىڭ يىل ياشىغۇچە، بۆرە بولۇپ بىر كۈن ياشا! مۇنداق بولمىغۇر گەپلەر يەنە ئاغزىڭدىن چىقمىسۇن! مەن مۇشۇ زېمىننىڭ

پادىشاھىمەن، — دېدى سۇلتان مامۇت گىدىيىپ.
— خوش، بېگىمنى رەنجىتكەن بولسام كەچۈرگەيلا، مەن چىقاي، — دېدى روزى.
— بىردەم ئولتۇر، پاراڭلىشايلى.
— خوش، بېگىمگە مالاللىق يەتمىسۇن، — دېگىنىچە روزى مەيۇس ھالدا چىقىپ كەتتى.
ئازدىن كېيىن ھېمىت كاھ ئالدىراپ كىرىپ سۇلتان مامۇتقا سالام بەردى. ئۇ بىرەر نەرسىنى ئىپتىماقچى بولاتتى - يۇ، ۋاڭدىن ئەيمىنىپ دېيەلمەيۋاتاتتى. بۇنى سەزگەن سۇلتان مامۇت:
— ھېمىت كاھ، بىرەر ئىش بىلەن كىردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— پېقىر قۇللىرىنى كەچۈرسىلە، دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.
— ھە، قېنى دېگىن!
— ئۆتكەنكى مېلىستا ھەرەمخانىغا ئەكىرگەن جۇۋان «ئوغلاپپاق» دېگەن داپشاق خوتۇننىڭ كېلىنى ئىكەندۇق، ئاڭلىسام بۇ خوتۇن سارىخانىنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ، مېنىڭ ياقامنى يىرتىمەن، دەپ غەلۋە قىلىۋاتقۇدەك. مۇشۇنداق بولسا مېلىسنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ھېمىت كاھ.
— سېنىڭ ئامالىڭ بارمۇ؟ — دېدى سۇلتان مامۇت كاتتا ئويۇندىن قۇرۇق قېلىۋاتقاندەك مەيۇسلىنىپ.
— بېگىم «ئىت ئاغزىغا سۆڭەك» دېگەن گەپ بار، ئازراق بىر نېمە بىلەن «ئوغلاپپاق» نىڭ ئاغزىنى ئەتمەيمىزمۇ؟
— ئۇ خوتۇنغا تۆت كۇرىلىك ئوردا يېرى ئىلتىپات قىلدىم، دىۋان بېگىنى چاقىرساڭ مۆھۈر قىلىپ بەرسۇن. يەرنى بېرىپ، «تولا كاپشىما» دەپ قويۇڭلار، ئىلتىپاتقا ئۇنىمىسا جازاغا ئۇنار.
ھېمىت كاھ ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ:
— بېگىمنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت، مەن ئۇ خوتۇننى ئەمدى ھەرگىز ئېغىز ئاچۇرمايمەن، — دېدى.
ھېمىت كاھ دېگىنىدەك قىلدى. سۇلتان مامۇت بىر

قېتىملىق ھاۋايى ھەۋەس ئۈچۈن تۆت كۈرلىك (سەككىز مو) ئوردا يېرىنىڭ مېھرىدىن كەچتى. ئوغلاپپاقىنىڭ دەۋاسىمۇ شۇنىڭ بىلەن قۇدۇقتا چۈشكەن تاشتەك جىمىپ كەتتى.

سۇلتان مامۇت توي قىلىپ ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆز نىكاھىدا تۆت خوتۇن يەڭگۈشلىدى. ئاتىسى ئەفرىدۇن جۇڭۋاڭ مەدرىسە، مەسچىتلەر، ئاجىز ـ يېتىملار ئۈچۈن ۋەخپە قىلىپ بەرگەن يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تارتىۋېلىپ قايتىدىن ئىلكىگە ئالدى. كۈندە قانچىلىغان بىگۇناھ كىشىلەر سۇلتان مامۇتنىڭ جازا توقمىقىغا بېسىلىپ زىندانغا تاشلىنىدىغان بولدى. ئانىسى خۇشنارە خېنىمنىڭ ئەسكەرتىش، ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئۇنتۇپ، ئوردىدا تىلى شېرىن ـ شېكەر كىشىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ھەتتا مەئىن تەيجىنىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىپ خۇشنارە خېنىمنىڭ زەردىسىنى ئۆرلىتىپ، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بۇ خوتۇننى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن خۇشنارە خېنىم ئۆزىنىڭ جان قايغۇسىدا قېلىپ، سۇلتان مامۇتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماس بولدى.

كېنىزەكلەر بېشى بولۇۋالغان سارىخان لولا بولسا، شۇ كۈنلەردە توي ـ تۆكۈن ئارىلاپ كىشىلەرنىڭ چىرايلىق قىز ـ كېلىنلىرىنى دۆلەتباغدا ھەپتىدە بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان مېلىسقا تاللاپ ئاۋارە ئىدى.

ئۈچكۆۋرۈك ① مەھەللىسىدە بىر توي بولماقچى بولۇپ، سارىخان لولا ئەنە شۇ تويغىمۇ بېرىپ بىرقانچە قىز ـ چوكانلارنى سۇلتان مامۇت ئۈچۈن مېلىسقا تاللىدى.

لېكىن، سۇلتان مامۇتنىڭ ئويۇن ـ تاماشىسى ئۆزى چەكلىگەن، ئەمما ياڭخىيدىكى بىر تويدا ئوينالغان قەيت مەشرىپى سەۋەبلىك ھارام بولدى.

---

① ئۈچكۆۋرۈك ـــ لۈكچۈندىكى جاي ئىسمى.

## بەشىنچى باب

# ئىككى باتۇر

## 1

ئاخىرقى ئۈجمە پىشىشقى مەزگىلىدىكى تۇرپاننىڭ ئىسسىقى ئادەمنىڭ تېرىسىنىلا ئەمەس، ئىچكى ئەزالىرىنىمۇ كۆيدۈرگۈدەك لاۋۇلداپ تۇراتتى. تاقىر ھالەتتە يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىدىقۇت تېغى بۇ ئىسسىقنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقارماقچى بولغاندەك، قۇياش تەپتىدە تاۋلانغان ۋۇجۇدىدىكى ئوتنى ئىسسىق شامالغا قوشۇپ ئۆز باغرىغا ئۇراتتى. يول بويىدىكى ئۈجمە ئاستىدا ئاق شاپاق دوپپىسىنى بېشىنىڭ كەينىگىرەك سۈرۈپ قويۇپ، ماتادىن تىكىلگەن يەكتىكىنىڭ ئالدىنى يېرىم ئېچىۋېتىپ، ئۆزىنى دەممۇدەم يەلپۈپ ئولتۇرغان بوۋاي بولۇۋاتقان ئىسسىقتىن قاقشىدى. ئاندىن تاغ باغرىغا قاراپ قويۇپ: «بىز ياڭخىلىقلار ئاران غەيرەت قىلىۋاتساق، تۇيۇقلۇقلار نېمە بولۇۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويلاپ كەتتى ۋە: «مۇشۇ ئىسسىقتا گەمىدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ ئادەمنىڭ كۈنى» دېدى ئۆز - ئۆزىگە. بوۋاينىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە كونا سېۋەت بولۇپ، ئۇ قېرىغىنىغا باقماي قوللىرىنى ئەپچىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سېۋەتنىڭ بوشاپ، شالاڭلاپ قالغان يەرلىرىگە ئۈجمىنىڭ پىشقان تېلىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىنچىكە تانا بىلەن باغلاپ سېۋەتنى پۇختىلاۋاتاتتى. نېرىدا بىرنەچچە بالا ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ لاي ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى. بوۋاي

ئۇلارغا قاراپ:

— يوق ئويۇننى ئوينىغىچە، ئۆي ياساپ ئوينىساڭلار، — دېدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى زېرىكتۈرمىگىنىگە خۇش بولغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ھېلىقى قوغۇننىڭ چۆچىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ئاندىن ئوينايمىز، — دەپ چۇۋۇرلاشتى بالىلار. بوۋاي بالىلارنىڭ شۇ سۆزىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك چۆچەكنى باشلىدى:

— قەدىمكى زاماندا لوكچۇن خەلقى ئوۋ ئوۋلاشقا ھېرىسمەن ئىكەن.

— ۋاڭ تۇرىدىغان يەرمۇ؟ — سورىدى بىر بالا.

— ھەر قېتىمدا سوراپلا تۇرامسەن؟ — دەپ ئالايدى يەنە بىر بالا. بوۋاي سۆزلەشنى داۋام قىلدى:

— لوكچۇن ئەتراپىدا ياشايدىغان بىر ئوۋچى بولۇپ، ئۇ بىر كۈنى ئوغلى بىلەن ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. نەچچە كۈنلەپ يول يۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاپتۇ. كېيىن ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر بۇلاق بويىغا بېرىپ چۈشكۈن قىلىپتۇ. ئاتلىرىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ ئۆزلىرى قورسىقىنى تويغۇزۇۋۇشۇپتۇ. بوۋاي قايتىشىدا، ئېتىغا مىنگۈچە بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپتۇ. قارىسا ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا ئون - يىگىرمىچە سوزۇنچاق نەرسىلەر تۇرغۇدەك. ئوۋچى ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنى دەسسەپ، چەيلەپ، مىجىقىنى چىقىرىۋېتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. كېلەر يىلى شۇ مەزگىلدە بۇ ئوۋچى يەنە ئوغلى بىلەن ھېلىقى بۇلاق بويىغا چۈشكۈن قىلىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئالدىنقى يىلى ئۆزى دەسسەپ مىجىقۋەتكەن نەرسىلەر بىرىنىڭ ئورنىغا ئون بولۇپ، سايىنىڭ تېشىدەك بۇلاق بويىنى بىر ئاپتۇدەك. ئوۋچى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ: «نېمىشقىمۇ دەسسىۋەتكەن بولغىيتتىم، بۇ بىر خاسىيەتلىك نەرسە ئوخشايدۇ. يانجىۋەتسە بىرىنىڭ ئورنىغا ئونى پەيدا بولىدىكەن. بۇ تەڭرىنىڭ زېمىندىكى ھېكمىتى ئوخشايدۇ» دەپ ئالدىنقى يىلى بۇ

نەرسىلەرنى دەسسىۋەتكەنلىكىگە مىڭ بىر پۇشايمانلارنى قىپتۇ. ئوغلى ئاتتىن چۈشۈپ، ھېلىقى سوزۇنچاق نەرسىلەرگە يېقىن بېرىپ سىنچىلاپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قانچىسى سارغىيىپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغۇدەك. بىرنەچچە چاشقان ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ تومشۇقىنى تېشىپ، مەززە قىلىپ يەۋاتقانىكەن. ئوۋچىنىڭ ئوغلى بۇنى كۆرۈپ: «چاشقان يېگەن نەرسىنى ئادەم يېسە ئۆلۈپ قالامتى» دەپ ئويلاپ سارغىيىپ خۇش پۇراق چېچىۋاتقان بىرنى ساپىقىدىن ئۈزۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن دادىسى ئوغلىغا تېرىكىپ:

— قويغىن، بۇ تەڭرىنىڭ ھېكمەتلىك نەرسىسى، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— دادا، بۇ نەرسە بەكمۇ پۇراقلىق، بەكمۇ شېرىن ئىكەن، تېتىپ باقايلى، — دەپتۇ ئوغلى.

— قويغىن دەيمەن، قويغىن! — دەپ ئاچچىقلاپتۇ دادىسى.

ئوغلى يېنىدىكى تاش پىچاق بىلەن ھېلىقى «قويغىن» نى يېرىپ شۇنداق مەززە قىلىپ يەپتۇكى، دادىسىنىڭ ئاچچىقىغىمۇ پىسەنت قىلماپتۇ. دادىسىمۇ ئوغلىنىڭ ئۇ نەرسىنى يېگەندىن كېيىن ھېچنېمە بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ ئازراق يەپتۇ ۋە ناھايىتى لەززەتلىنىپتۇ. ئۇلار قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى يەنە بۇلاق بويىغا قويۇپ، پىشقانلىرىنى ئۈزۈپ ئۆيىگە ئالغاچ كېتىپ باشقا بالىلىرىغا بېرىپتۇ. كېلەر يىلى ئۇلار بۇ ئۇرۇقلارنى ئۆيى ئەتراپىغا تېرىغانىكەن، تېخىمۇ ئوخشاپتۇ. ئۇلار بۇ نەرسىگە دادىسىنىڭ بۇلاق بويىدا دېگەن سۆزىنى ئىسىم قىلىپ «قويغىن» دەپ ئاتاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قويغىن» دېگەن نام «قوغۇن» دېگەن نامغا ئۆزگىرىپتۇ.

— يەنە بىلەلمىدۇق، — دېيىشتى باللار.

— ئۇنداق بولسا بېرىپ ئويۇنۇڭلارنى ئويناڭلار، — دېدى بوۋاي ئۇلارنىڭ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ.

شۇنىڭ بىلەن باللار تېخىمۇ كۆپرەك لاي ئەكېلىش ئۈچۈن ئېرىق تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

— دولانلىقلار كەلدى، ئالتىشەلىكلەر كەلدى!

باللار شۇنداق دەپ ۋارقىراشقىنىچە بوۋايدىنمۇ ئۆزۈن تارتقا گۇۋاھچى بولۇپ ياشناپ تۇرغان قېرى ئۈجمىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىشتى.

بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ سالپىيىپ كېلىۋاتقان ئىككى كىشىنى كۆردى. ئۇلار ئىسسىقتىن چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، پەقەت ئۆزۈن چاپىنىنىڭ مەيدىسىنىلا ئېچىپ قويغان، تۇمىقىنى بولسا تېخىمۇ چۆكۈرۈپ كىيىشىۋالغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — بوۋاي ئورنىدىن سەل مىدىرلاپ سالام قىلدى، — سەپەر قاياق؟

ئۇلار جاۋابەن ئېگىلدى ۋە:

— تۇيۇقتىكى ئەسھابۇلكەفكە تاۋاپقا كەلگەن. يۇرت كۆرۈپ كېتىلى دەپ ... — دېيىشتى. ئۇلار بوۋايدىن ئىككى قەدەم ئۆزىغاندىن كېيىن باللارغا قاراپ قولىدىكى تاياقنى دالىيىپ قويدى. بوۋاي باللارغا ھاي دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، يەنە بىر سالام ئاۋازى ئۇنى ئالدىغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بوۋاي ئالدىدا تۇرغان كىشىگە قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئالدىدا بولسا بەستى بوۋاينى قېرىتقان ئۈجمە دەرىخىنىڭ غولىدەك يوغان، پۇت ـ قولىنىڭ قاۋۇللۇقىدىن كۈچ ـ مادارى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بىر كىشى سالام بەرگەن ھالەتتە تۇراتتى. بوۋاي دەرھال ئېسىنى يىغىپ جاۋاب سالام قىلدى.

— بوۋا، ماشا لىگالارنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويغان بولسىلا؟ — دېدى يىگىت تۆۋەنچىلىك بىلەن.

— نېمە ئىشلىرى بار؟ — دەپ سورىدى بوۋاي قىزىقىپ.

— ئاڭلىسام، ئۇلارنىڭ مەجېلىل زور ئىسمىلىك ئوغلى بار

ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر سىنىشىپ باقاي دەپ كېلىشىم.

— ئۆزىلىرى كىم بولىلا؟ — سورىدى بوۋاي.

— مەن سۇبېشىدىكى [1] سالى زور بولىمەن. مەجىلىنىڭ نامىنى خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىشىپ باققۇم بار ئىدى. بىراق، باي ئاكام: «بىرەر رەسمىي سورۇن بولغاندا سېنى بىللە ئاپىرىمەن» دەپ ئۇنىماي كېلىۋاتقان، ئىچىم پۇشۇپ بولماي بۇگۈن ئۆزۈملا كېلىشىم.

بوۋاي يىگىتكە يەنە بىر قارىۋېتىپ، ئۇنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ بالىلاردىن بىرىنى چاقىردى:

— هەي، قاهار!

يالىڭاچ پۇتىنى تىزىغىچە لاي قىلىۋالغان بالا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە سالى زورغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— مۇنۇ ئاكاڭنى جىنلىق ئۇجمە يېنىدىكى ئېتىزلىققا باشلاپ بار. بايا مەجىلىل زورلار قوناق تېرىپ قالغان.

بالا بېشىنى لىڭشىتىپ قالغان هەمراھلىرىنى چاقىرىپ مېڭىپ كەتتى. سالى زور بولسا يەرنى گۈرسۈلدىتىپ دەسسىگىنىچە بالىلارغا ئەگەشتى.

لۈكچۈن تەرەپتە تارىختا چېلىشتا ئەڭ ئاخىرىغىچە يېڭىپ كالا بېشى ئالغان چېلىشچى پۇتۇن يۇرت خەلقى تەرىپىدىن هۆرمەتلىنىدۇ، ئېگەرلىك ئات، مال - دۇنيا بىلەن تارتۇقلىنىدۇ، مەشرەپ قىلىنىپ تەبرىكلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا «زور» (چېلىشچى پالۋان) دېگەن نام بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە زور سۆزىنى قوشۇپ ئېيتىش ئادەتكە ئايلانغان.

ئېتىزغا يانداش يول بويىدىكى ئۇجمە سايىسىدە بىرنەچچە كىشى تەرلىرىنى سۇرتكەچ ئاتتىن سۆرەم سېلىش ئۇچۇن ئىشلەتكەن تۇلۇقنى چىقىرىپ تۇرۇشاتتى.

سالى زور ئەمدى بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقان بالىلارنىڭ

[1] پىچان ناهىيە تۇيۇق يېزىسىدىكى بىر كەنت.

ئالدىغا ئۆتۈپ سالام بەردى. سايىدىكىلەرمۇ جاۋاب سالام قىلىشتى ۋە بارغانچە تىكىلىشىۋاتقان كۆنگە قاراپ قويۇشۇپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇشتى.

— مەن بىر سىنىڭ ئۆيىنى سورىماقچىدىم، — دېدى سالى زور ئۇلارنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن، بۇ گەپ بىلەن ئۇلار ئىشلىرىنى توختىتىشتى.

— كىمنىڭ ئۆيىنى؟ — دەپ سورىدى تۇلۇقنى بوشىتىپ بولغان يىگىت. بۇ يىگىت تۇلۇقنى نېرى - بېرى قىلىش ئۈچۈن قامالىلاپ تۇتقاندا تومۇرلىرى كۆپۈپ، بولجۇڭ گۆشلىرى تارتىشىپ كېتەتتى. سالى زور بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپىغا قارىدى ۋە ئېرىق بويىدىكى باللارنىڭ بىلىكىدەك كېلىدىغان ئۇجمە كۆچىتىنى يوغان بارماقلىرى بىلەن تۇتتى ۋە قاراپ تۇرغانلار ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، دەرەخنى يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇپ ئالدى. بۇنى كۆرگەن باللار «ھوي» دەپ قېلىشتى.

— مەجىلىل لىگالارنىڭ ئۆيى قاياقتىكىن؟ — دەپ سورىدى سالى زور قولىدىكى دەرەخنى ئۇيان - بۇيان پۇلاڭلىتىپ. شۇندىلا تۇلۇقنى چىقىرىۋاتقان يىگىت چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئارتۇقچە سۆزلىمەيلا يەردىكى تۇلۇقنى بىر قوللاپ لىككىدە كۆتۈرۈپ سالى زورنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق يانداپ ئۆتكەن يېقىنلا يەردىكى قورۇنى كۆرسىتىپ:

— ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغىنى لىگالارنىڭ قورۇسى، — دەپ قولىنى مىدىر قىلماي تۇردى. بۇنى كۆرگەن سالى زور قولىدىكى كۆچەتنى ئاستا يەرگە قويۇپ:

— يىگىت، سىلى كىم بولىلا؟ — دەپ سورىدى.

— مەن، مەجىلىل لىگانىڭ ئىنىسى مەترېھىم لىگا، — دېدى ئۇ يىگىتمۇ قولىدىكى تۇلۇقنى ئاستا يەرگە قويۇپ.

— ھە! — دېدى سالى زور ھەيران بولۇپ، — ئۇنداقتا مەن قايىل بولدۇم.

سالى زور شۆنداق دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى.

— ئۆيگە بېرىپ بىر چىنە ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ماڭمامىلا؟ — دېدى مەترېھىم.

سالى زور كەينىگە بۇرۇلۇپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— رەھمەت، ھەشقاللا، — دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

سالى زور مېڭىشىغىلا باللار يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇلۇقنى تۇتۇپ بېقىشقا باشلىدى. مەترېھىملار «بۇ كىمدۇر؟» دەپ تۇرۇشىغا يولدىن بىرى ئات چاپتۇرۇپ ئۆتتى:

— پەنجەن كارىز [1] دا ئۇزۇمنىڭ ھوسۇلى ئۇچۇن چېلىشىش بولىدۇ. مەردنى مەيداندا سىنا. نوچاڭ بولساڭ بار!

يىگىتلەر بۇنى ئاڭلاپ بىر چەتتە ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان يىگىتنى ئىشارە قىلىشىپ پىچىرلىشىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن مەترېھىم ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردى. يىگىتلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ئاكا، — دېدى مەترېھىم، — بۇ دورەم ئۆزۈڭ ئوتتۇرىغا چۈشمىسەڭ بولمايدۇ.

— شۇنداق، — دېيىشتى يىگىتلەرمۇ تۇشمۇتۇشتىن، — مەجىلىلكا، سىلى چېلىشىشقا چۈشۈپ باقمىغىلى خېلى زامانلار بولدى. سىلى چېلىشمىسىلا زادى خۇمارىمىز بېسىلمايدىكەن. بۇ دورەم كۆزىمىزنى ئېچىپ قويمىسىلا بولمايدۇ.

مەجىلىل ئۇلارغا قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى. بۇنى كۆرگەن مەترېھىمنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. يىگىتلەرمۇ كۆڭۈللىرى ئارام تېپىشىپ ئىشىغا تۇتۇندى. چىرايىدىن تەمكىنلىك، بەستىدىن كۈچ - قۇۋۋەت تېمىپ تۇرغان مەجىلىل ئورنىدىن تۇرۇپ يەرنى گۈرسۈلدىتىپ دەسسەپ بېرىپ ئېرىقتىكى سۇدا لاي بولۇپ كەتكەن يوغان، چىڭ تارتىشىپ تۇرغان پاقالچىقنى يۇيدى.

---

[1] تۇيۇق يېزىسىدىكى جاي ئىسمى.

ئۇلار قورۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، جىددىيلەشكەنچە يېتىپ كېلىپ ئالدىراپ سالام قىلدى ۋە:

— مەجبىلىل زور، بېگىم سىلىنى ئۆگۈنلۈككە جابدۇنۇپ تۇرسۇن دەپ بۇيرۇدى، — دېدى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى مەجبىلىل كەڭ ئالقانلىرى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ.

— بېگىمنىڭ ئاستانىدىكى[1] ئاغىنىسى ئوغلىنىڭ تويىنى قىلغۇدەك. شۇنىڭغا چېلىشىش ئۆتكۈزگۈدەك. سىلىنى بېرىپ يۈزۈمنى يورۇق قىلسۇن دېدى.

يىگىتلەر بىر - بىرىگە قاراشتى. مەجبىلىل بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مەترېھىمگە قارىدى.

— مەن پەنجەن كارىزدىكى چېلىشىشقا قاتنىشىمەن. ئاستانىگە مەترېھىم بارسۇن، — دېدى مەجبىلىل ئۇكىسىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ.

— بۇ ... بۇ ... — دېدى كەلگەن ئادەم شالاڭلاپ قالغان ساقىلىنى يالغاندىن سىلاپ.

— بېگىم غەم قىلمىسۇن. مەترېھىممۇ يەرگە قاراپ قالغۇدەك ئىش قىلمايدۇ.

كەلگەن كىشى مەجبىلىلنىڭ تەمكىنلىكىگە ۋە قەتئىيلىكىگە قاراپ بېقىپ ئارتۇق گەپ قىلالمىدى.

— بولىدۇ، مەن شۇنداق دەي، — دېگىنىچە يولىغا ماڭدى ھېلىقى كىشى.

— قورقما، يۇرتتىن چىقىپ باق، — دېدى مەجبىلىل قورۇغا مېڭىپ. ئاكىسىنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان گەپلىرى بىلەن مەترېھىم ئۆزىنى تېخىمۇ كۈچكە تولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

---

[1] ئاستانە — تۇرپان شەھىرىنىڭ بىر يېزىسى. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

## 2

سالى زور ئۆجمىلىك يېنىدىن ئۆتكەندە بىر خىلدا ئىشنى داۋام قىلىۋاتقان بوۋاينى كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى.

— مەجېلىل زور يوقمىكەن؟ — سورىدى بوۋاي.

— بار ئىكەن.

بوۋاي ئارتۇق گەپ قىلماي ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— ھەقىقەتەن زور دېگەنگە تۇشلۇق يىگىتلەركەن. مەن قايىل بولدۇم، — دېدى سالى زور چىن نىيىتى بىلەن. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي: «نىيىتى دۇرۇس، مەرد يىگىتكەن» دەپ ئويلىدى. مېڭىشقا تەمشەلگەن سالى زور سوراپ قالدى:

— بوۋا، نېمىشقا ئۇلارنى لىگا دەپ ئاتايدۇ؟

بوۋاي خۇددى ئۇزۇن بىر ھېكايىنى باشلىماقچى بولغاندەك قولىدىكى ئىشنى قويۇپ رۇس ئولتۇردى:

— لىگا دېگەن ياڭخىيدا چىقىدىغان قوغۇننىڭ ئىسمى. مەجېلىللارنىڭ ئاتىسى ياڭخىينىڭ دورغىسى ئۆمەر دورغا. ئۇ 28 بالا تاپتى، ھەممىسىنى ئەي قىلدى. لىگا قوغۇن بىر پەلەكتە نۇرغۇن قوغۇن چۈشىدىغان، ئۇرۇقىمۇ كۆپ بولىدىغان قوغۇن. كىشىلەر شۇنىڭغا ئوخشىتىپ شۇنداق ئاتىشىۋالغان. بولمىسا ئۆمەر دورغا بۇ يەرگە دورغا بولۇپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ لەقىمى «سالجا» ئىكەن.

سالى زور ئېرىقتىكى سۇدىن قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يولىغا ماڭدى.

ئەمدى بىز پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى ياڭخي كەنتى تەۋەسىدىكى لىگالار جەمەتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

لىگالار جەمەتىنىڭ ھازىرچە مەلۇم بولغان ئەڭ چوڭ پەدەرىنىڭ ئىسمى سېلىم ھاجىم بولۇپ، ئەسلىدە لۈكچۈن

تۆۋەنكى ئامانشادا ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئۇ ئائىلە ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قەدەر ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن تەخمىنەن 1640 - يىللىرى ئەتراپىدا شۇ زامانىنىڭ بېگى، ياچى بەگ (كېپىش بەگ)نىڭ چوڭ دادىسى مۇقاتىل بەگنىڭ ئىجازەت بېرىشى بىلەن لۈكچۈندىن دىغار يېزىسىغا چىقىپ ساي كارىزنى چاپتۇرۇپ دېھقانچىلىق قىلغانىكەن.

شۇ چاغلاردا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرۈش روھىغا ئىگە لىگالار جەمەتىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھەبىبۇللا دېگەن كىشى دىغاردىكى ساي كارىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، كارىزنىڭ سۈيىنى غوللىتىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنى كېڭەيتىپتۇ. زىرائەت تۈرلىرىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قوشۇمچە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشىنى باياشات ئۆتكۈزگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەسمەتۇللا دورغا قاتارلىقلار ساي كارىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ساي كارىزنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يارداڭ دېگەن جايغا كىچىك بىر كارىز چېپىپ دېھقانچىلىق قىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تېخىمۇ كېڭىيىپ، چارۋىلىرى كۆپىيىپ، تۇرمۇشى باياشاتلىشىپ خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەسمەتۇللا دورغا يۇرمۇڭ (دىغار يېزىسىدىكى بىر مەھەللە)دە يەنە بىر كارىز چېپىپ، ئۇ كارىزنى سىڭلىسى سېكىنە خېنىمغا مىراس قىلىپ بېرىپتۇ. سېكىنە خېنىمنى مەزايىت قورۇلچى (مەرگەن) ئەمرىگە ئالغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ كارىز ھازىر «قورۇلچىلار كارىزى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئەسمەتۇللا دورغىنىڭ يەر - زېمىنى كېڭىيىپ، پۇل - مېلى كۆپىيىپ ئەل ئىچىدىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەچكە، شۇ دەۋرنىڭ ئامبال، بەگلىرى بىلەن قويۇق ئارىلىشىدىغان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەسمەتۇللا دورغىنىڭ ئوغۇللىرىدىن

يۇنۇس ئاتىسىنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتى لۈكچۈن ئامانشادىن 500 تۇپ تەك، 40 مودەك ئۈلكە يېرى (باغرى يېرى) سېتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇپ، يۇرت ئىچىدە يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن بولۇپ ئۆتۈپتۇ. يۇنۇستىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپ دورغا دىغاردىكى كارىزلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىنىسى مۆيدىن ھاجىم ئامانشادىكى مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلغانىكەن.

شۇ دەۋردە يۇسۇپ دورغا ئەمەل تۇتۇش بىلەن بىرگە بەلگىلىك دەرىجىدىكى مال - دۇنياغىمۇ ئىگە بولغان كىشى بولغىنى ئۈچۈن، لۈكچۈن بەگلىكى ۋە لۈكچۈندىكى پۇل - مال ئىگىلىرى بىلەن دوست تارتىشىپ ئۆتۈپ، لۈكچۈندىكى تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ ياشاپتۇ.

1694 - يىلى تۇرپاننىڭ ئاستانە دېگەن يېرىنىڭ يېڭىتۇر مەھەللىسىدىكى بىر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە ئىمىن ئىسىملىك بىر بالا دۇنياغا كەلدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئوماق، زېرەك ھەم ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن بالا بولۇپ، ئۇ مەدرىسەلەردە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇستازلىرى بىلەن ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ياخشى ئوقۇپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك ساۋاقداشلىرى ئىمىننىڭ زېھنى ئۆتكۈرلۈكىگە باركاللا ئوقۇپ، ئۇنىڭغا بولغان قايىللىق ھەم مايىللىق ھېسسىياتى بىلەن ئۇنى ئۆزلىرىگە خەلپەت (ياردەمچى ئوقۇتقۇچى) قىلىپ سايلىۋاپتۇ. كېيىن ئۇ تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ بەش مىڭدىن ئارتۇق ئېتىقادچان سوپىغا خەلپە (باشلىق) بولۇپ سايلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمىننىڭ نام - شۆھرىتى تۇرپان دىيارىغا پۇر كېتىپتۇ.

ئىمىننىڭ تەسىر دائىرىسى بارغانچە كېڭىيىۋاتقان شۇ كۈنلەردە لۈكچۈن بېگى ياچى بەگ (كېپىش ۋاڭ) بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە پۇقرالار قوزغىلىپ ئۇنى تەختتىن

چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ ئوردا ئۆلىمالىرى ۋە مۇنەججىملەرنى چاقىرىپ چۈشىگە تەبىر بېرىشنى ئېيتىدۇ. ئۇلار: «بەگلىككە قاراشلىق يەرلەردىكى نام ـ ئاتىقى بولغان كىشىلەردىن كۆپرەك خەتەر كېلىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياچى بەگ پەرمان چۈشۈرۈپ بەگلىك تەۋەسىدىن يەتتە يۈزدەك ئادەمنى تۇتۇپ قاماپتۇ. كېيىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلار ئىمىن سوپىنىڭ تۇتۇلمىغانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياچى بەگ ھىيلە ئىشلىتىپ مەخسۇس بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ زىياپەتكە ئىمىن سوپى «ئالاھىدە» تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپتۇ. ياچى بەگنىڭ كىچىك خانىشى روشەن خېنىم ياچى بەگنىڭ ئىمىن سوپىنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالغاچقا، ئۇ ئىمىن سوپىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا قولىنى ئۆز بوينىغا سۈركەپ ئىشارەت قىلىدۇ. ئىمىن سوپى روشەن خېنىمنىڭ بېشارىتىدىن ئۆزىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى سېزىۋېلىپ قېچىپ كېتىدۇ ۋە بىرەر يىلدەك مۆكۈنۈپ يۈرگەندىن كېيىن ئاتىسى نىياز خوجىنىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە بەزى دوستلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ياچى بەگكە قارشى چىقىپ «چوڭ ئىش» تەۋرەتمەكچى بولىدۇ. قولايلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر، زېرەك ئىمىن سوپى تۇرپان ۋاڭلىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىتائەتمەن مۇرىتىدىن بەش يۈزنى تاللاپ ئىشقا سېلىپ، تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە قىزىل شەلپەر باغلاپ، خۇددى نۇرغۇن قوشۇن مەشئەل كۆتۈرۈپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان قىياپەت بىلەن ۋاڭ ئوردىسىغا يۈرۈش قىلىدۇ.

بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرگەن ياچى بەگ ھودۇقۇپ قورقۇپ كەتكىنىدىن ئوردىنى تاشلاپ قاچىدۇ. ئىمىن سوپى قوشۇنلىرى بىلەن كەينىدىن قوغلىغاندا، ياچى بەگ سىركىپتىكى تۇر (مۇنار)غا چىقىۋېلىپ بېكىنىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئىمىن سوپى كېلىپ ياچى بەگنى تۇردىن چۈشۈشكە

ئۇندىگەندە ياچى بەگ چۈشمەپتۇ. ئەمما ئاخىرىغا كەلگەندە ياچى بەگ ئىلاجىسىز قېلىپ تۇردىن چۈشمەكچى بوپتۇ ۋە ئىمىن سوپىغا ئۆزىنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئىمىن سوپى بۇ شەرتكە شۇئان ماقۇل بوپتۇ. ئاللىقاچان بىر ئەقىلنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغان ئىمىن سوپى دەرھال تۇر يېنىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىر داستىخان سوراپ ئېلىپ، ھويلىدىكى يېرىم كېسەكنى داستىخانغا ئوراپ ئاچىقىپتۇ ۋە تۇر تۈۋىگە كېلىپ داستىخاننى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم «قەسەم» بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ياچى بەگ خاتىرجەم بولۇپ تۇردىن چۈشۈپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ پۇتى يەرگە تېگىشى بىلەنلا نۆكەرلەر چاققان ھەرىكەتلىنىپ ئۇنى باغلاپتۇ ۋە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، 1731 ـ يىلى ئىمىن سوپى تۇرپاننىڭ ۋاقىتلىق تامغىسىنى ھەمدە ياچى بەگنىڭ ساھىبجامال خانىشى، ئۆزىنىڭ نىجاتكارى روشەن خېنىمنى ئەمرىگە ئاپتۇ ۋە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ناغرا ـ سۇناي چالدۇرۇپ ئۆزىنى تۇرپان ۋاڭى دەپ ئېلان قىپتۇ.

شۇ چاغلاردا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئومۇميۈزلۈك ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىشقا تىرىشىۋاتقان مەزگىلى بولغانلىقتىن، ۋەزىيەتنى كۆزىتىشكە ماھىر، مېڭىسى سەگەك ئىمىن خوجا ھەدەپ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مانجۇلارنىڭ شىنجاڭغا تولۇق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىگە ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن، مەنچىڭ خانى 1733 ـ يىلى ئىمىنغا «ھەزرەت ۋاڭى» دېگەن نامنى ئىنئام سۈپىتىدە ئاتا قىپتۇ. 1756 ـ يىلىغا كەلگەندە چيەنلۇڭ خان ئىمىن خوجىنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «دۆلەتنى تىنچلاندۇرغۇچى ھەزرەت ۋاڭى» دېگەن ئۇنۋاننى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭلىق ئىمىن ۋاڭنىڭ بالىلىرىغا مىراس بولىدىغان بوپتۇ. روشەن خېنىم

ئىمىن ۋاڭدىن سۇلايمان (تۇرپانغا ۋاڭ بولغان)، ئىسكەندەر (قەشقەرگە ھاكىم بەگ بولغان)، مۇسا گوڭ (ئىلىغا ھاكىم بەگ بولغان) قاتارلىق ئۇچ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغانىكەن. ئىمىن ۋاڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى مانجۇچە ئۇسۇلدا تەربىيەلەپ ئۇلارغا ئۆزۈن بىر تال ئۆرۈمە چاچ قويغۇزۇپ، مەيدە ۋە قولتۇقىدىن تۈگمىلىنىدىغان ئۇزۇن چاپان كىيگۈزىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن تۇرپان خەلقى بۇ خىل قىلمىشقا نارازىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن:

بەگ بالىلىرى ئەخمەق ئىكەن،
بەللىرىدە چاقماق ئىكەن.
ئاتىسىنى سورىساق،
جالاسى بار قالماق ئىكەن.

دېگەنىكە ئوخشاش قوشاقلارنى توقۇشقانىكەن (بەگلەرنىڭ بېلىدىكى ئالتۇن كەمەرنى چاقماققا ئوخشاتسا، شۇ زاماندىكى مەنچىڭ فورمىسىنى قالماق فورمىسى دەيدىكەن).

ئىمىن ۋاڭنىڭ بالىلىرى قىران يىگىت بولغان چاغلاردا ئۇلارنى ئەسلىدىكى «ئاقسۆڭەك» دېيىلىپ كەلگەن تۇرپاننىڭ سابىق بېگى ياچى بەگنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۆيلەندۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. چۈنكى ياچى بەگ ئەۋلادلىرى بىلەن يېڭى ۋاڭ ئىمىن سوپى ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىشتىن ئىبارەت زىددىيەت كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان ئېغىر زىددىيەت ئىدى. شۇڭا ياچى بەگ ۋە ئىمىن ۋاڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا «جاپۇدا بار» (خاننىڭ تىزىمىدا بار)، «جاپۇدا يوق» (خاننىڭ تىزىملىكىگە چۈشمىگەن) دېگەنلىك بىلەن ئىزچىل تۈردە بىر - بىرىنىڭ بەگ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشىپ كەلگەن.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ بەگلەر بىر - بىرىنى چەتكە قېقىشقان ۋە بىر - بىرى بىلەن قىز بېرىشىپ قۇدا

چۈشۈشمىگەن. شۇنداق بولغانلىقتىن ئىمىن ۋاڭ ئوغۇللىرىنى توي قىلىشتا ئىلگىرىكى ياچى بەگ ئەۋلادلىرىدىن لايىق ئىزدىمەي، شۇ دەۋرنىڭ قول - ئىلكىدە بار يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن لايىق ئىزدەشكەن. شۇنىڭ ئۇچۇن چوڭ ئوغلى سۇلايماننى بىر باي پۇقرانىڭ قىزىغا ئۆيلەندۇرۇپتۇ. ئىككىنچى ئوغلىنىمۇ قەشقەردىكى ئەمەل تۇتقان ھەم پۇل - ماللىق بىر چوڭ باينىڭ قىزىغا ئۆيلەندۇرگەنىكەن. ئەپسۇسكى، ئۇ خېنىم ئون يىل ئۆي تۇتۇپمۇ بالىلىق بولالماي سىل كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىمىن ۋاڭ نەۋرىسى مۇھەممەد سېيىتكە شۇ دەۋردە مال - دۇنياسى ۋە ئەمىلى بار، ئەل ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە يۇسۇپ دورغىنىڭ ساھىبجامال، ئوقۇمۇشلۇق قىزى خۇشنارە خېنىمنى كىچىك خانىشلىققا ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ دورغىنىڭ ئائىلىسى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئائىلىسى بىلەن تۇغقان بولۇپ قاپتۇ ۋە يېقىن مۇناسىۋەت قىلىپ ئۆتىدىغان بوپتۇ. مانا بۇ قۇدىلىقنىڭ يۈز - خاتىرىسىگە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يارلىقى بىلەن خۇشنارە خېنىمنىڭ ئاكىسى ئۆمەرنى لۇكچۇن دىغاردىن ياڭخىيغا دورغا قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئۆمەر دورغىنىڭ ئىنىلىرى رەھمىتۇللا، ئەخمەتلەر دىغاردىكى يەر - سۇغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ قاپتۇ. ئۆمەر ياڭخىيغا دورغا بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا پەرزەنتلىرى كۆپىيىپ 28 نەپەرگە يېتىپتۇ. ئۇ بالىلاردىن 22 نەپىرى ئوغۇل، ئالتە نەپىرى قىز ئىكەن. ئۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى ساغلام چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ پەرزەنتى مانا مۇشۇنداق كۆپ بولغاچقا، يۇرت خەلقى بۇنى بىر پىلەكتە كۆپ قوغۇن چۈشىدىغان ۋە ئىچىدە ئۇرۇقى كۆپ بولىدىغان لىگا قوغۇنىغا ئوخشىتىپ ئۆمەر دورغىغا «لىگا» دەپ لەقەم قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جەمەتنىڭ ئەسلىدىكى «سالجىلار» (يېپىشقاقلار) دېگەن لەقىمى «لىگا» دېگەن لەقەمگە ئۆزگىرىپ كېتىپ تا ھازىرغىچە شۇ لەقەم بىلەن ئاتىلىنقلىق.

# 3

هاياتقا شىپا زەمزەم سۈيى قىشمۇياز جىمجىت ئېقىپ تۇرىدىغان كارىز بويى بۈگۈن سەھەردىلا قىزىپ كەتكەنىدى. كىچىك باللار كارىز بويىدىكى ئەلۋەك قۇملۇقتا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، بىردەم ئۇنىڭ بىلەن، بىردەم بۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ چېلىشىش سورۇنى ئۈچۈن تەييارلانغان مەيداننى بېشىغا كىيىشىپ ئويناۋاتاتتى.

مەيداننىڭ كۆنچىقىش تەرىپىگە راسلانغان گىلەم ئۈستىگە قات - قات كۆرپە سېلىنغان، قارىغۇجا پالسى بىلەن سايىۋەن قىلىنغان سورۇنغا يۇرت چوڭلىرى ۋە كاتتىلىرى ئورۇنلىشىپ بولمايلا ئەتراپقا ئادەم تولۇپ كەتتى. ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدا بۈگۈن قايسى پالۋان - زورنىڭ مەيدانغا چۈشىدىغانلىقى، قايسى باينىڭ چېلىشچىسىنىڭ كىملىكى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى گەپ توختاۋسىز ئېيتىلىپ تۇراتتى، تالاش - تارتىش بولاتتى.

يۇرت چوڭلىرى ئورۇنلىشىپ بولۇپ تۇرۇشىغا ئالىمان دەۋرەپ كەتتى ۋە ھەممىسى كىچىك باللار يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان تەرەپكە قاراشتى. يول تەرەپتىن بىر نەچچە يىگىت بەردەم قەدەملىرى بىلەن تەمكىن ھالدا سالاپەت بىلەن كېلىۋاتاتتى.

— ھوي، ياڭخىلىق مەجىلىل لىگاغۇ!

— ۋاھ، بۈگۈن چېلىشىش راسا قىزىيدىغان بولدى جۇمۇ!

— مەجىلىل زور - دە.

مەجىلىل زورلار مەيدانغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولغۇچە كىشىلەر ئۆزلىرى بىلگەنلىرىنى دەۋىلىشقا ئۈلگۈردى.

جاكارچىنىڭ بۈگۈنكى چېلىشىشنىڭ مەقسىتى ھەققىدىكى قىزىقچىلىق ئارىلاش سۆزلىرى ۋە يۇرت چوڭلىرى ھەققىدىكى ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان خۇشامەتكە تولغان كاپشىشلىرىدىن كېيىن چېلىشىش باشلاندى.

چېلىشىش ئۆز قائىدە ـ رەسمىيىتى بويىچە باشلىنىپ كەتتى. ئالدى بىلەن ئەمدىلا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان 15 ـ 16 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ياشلار مەيدانغا چۈشتى. ئۇلار ئۆز بەستى ۋە يېشىغا يارىشا ئاددىي چىرماق سېلىش پەنتلىرىنى ئىشلىتىپ چېلىشتى. شۇنداق بولغاچقا كىشىلەر دەسلەپتە ئۇلارغا ئانچە ـ مۇنچە مەدەت بېرىپ قويۇپلا جىم بولۇپ قېلىشتى ۋە زېرىكىش ھېس قىلىشتى. شۇنداق بولسىمۇ ياشلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇچەيلەن ئىككىدىن رەقىبىنى ئىككى مەرتەمدىن يىقىتىپ قائىدە بويىچە ھەربىرى بىر گەزدىن قىزىل تاۋار بىلەن تارتۇقلاندى. ئاندىن 18 ياش ئەتراپىدىكى چېلىشچىلار مەيدانغا چۈشۈۋىدى، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىدا بىرئاز جانلىنىش بولدى. ئەمما ئۇلار ھەدېسە تەتۈر چىرماق سېلىشىپ ئۇزاق تىركىشىپ تۇرۇۋالغاچقا كىشىلەر «ھەي ئۇنداق قىل، ھەي مۇنداق قىل»، «پەيتنى كەتكۈزۈپ قويدى، قارشى تەرەپ كۆچىگەندە ئۆزىنى قويۇۋەتمەي، ھەي ...»، «تېخى خام ـ دە، بۇلار، ھەقىقىي زورلار بولىدىغان بولسا ئۇنداق پۇرسەتنى ئالتۇندەك بىلىدۇ» دېيىشىپ تىت ـ تىت بولۇپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭمۇ چېلىشىشى ئاخىرلىشىپ، ئىككىدىن رەقىبىنى ئىككى مەرتەمدىن يىقىتقانلار بىردىن قوي بېشى بىلەن تارتۇقلاندى. گەرچە، كىشىلەر ئۇلارغا قاراپ باش لىڭشىتىپ «كېيىنچە ھەقىقىي چېلىشچى بولۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ» دېيىشكەن بولسىمۇ، ئەمما يېڭىپ چىققان يىگىتنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر قىيقاس ـ سۈرەن سېلىشىپ مەيداننى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. شۇ مەھەللىنىڭ چوڭلىرىمۇ ئۇ يىگىتلەرگە يانلىرىدىن ئورۇن بېرىشىپ، باشقا مەھەللىنىڭ چوڭلىرىغا ساقاللىرىنى سىلاپ گىدىيىپ قاراپ قويۇشتى.

جاكارچى چىقىپ بىردەم ئارام ئېلىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، كىشىلەر ئۇنىماي تۇرۇۋېلىشتى:

— ياق بولمايدۇ، ئادەم تىتىلداپ تۇرغاندا ...

— چېلىشىش ئەمدى قىزاي دەۋاتسا، نېمە قىلغىنىنى بىلالىدىڭ.
— ئۆزىمىز چېلىشىپ تۇرىمىزمۇ - يە.
— كىم بىلەن چېلىشىسەن؟ ھاشىم بېگىم بىلەنمۇ؟
كىشىلەر ئارىسىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھاشىم بېگىم دېگىنى ياش ۋاقتىدا قىمار سورۇنىدىن بىرى كېلەلمەي يۈرۈپ كېيىن قاق سەنەم بولۇپ، تىكىدىغان نەرسىسى قالماي ئاخىر سول پۇتىنىڭ بەش بارمىقىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئادەم ئىدى. بارماقلىرى بولمىغاچقىمۇ ئۇنىڭ يول مېڭىشىمۇ نورمالسىز ئىدى.
ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ھەر ئىشلاردىمۇ بۇ «يالاڭتۆش» دېھقانلارنى «ئۆھھۆ»مۇ دېگۈزمەيدىغان، ناۋادا جېنى بار گەپ قىلىپ سالسا قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان بۇ باي - غوجاملار بۈنداق چېلىشىش سورۇنلىرىدا نېرى - بېرى دېيەلمەي قېلىشاتتى. شۇڭا جاكارچى بەگلەرنىڭ ئىشارىتىنى كۆرگەندىن كېيىن سەۋەبىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى:
— جامائەت، پىچان ھوشىدىن كېلىدىغان چېلىشچى كېلىپ بولالمىدى. شۇڭا ...
ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقۇچە بىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:
— ئۇنى ساقلىغان بىلەن بىردەمدىلا ئىسسىقتا مېڭىمىز قاينايدۇ.
— كىم بىلىدۇ، ئۇ چېلىشچى شۆگىدىنلا كەينىگە ياندىمۇ تېخى.
شۇنىڭ بىلەن چېلىشىش يەنە داۋام قىلدى. بۇ قېتىم چېلىشچىلار مەيدانغا چۈشۈۋىدى، كىشىلەر «ۋاھ، ۋاھ، ئەمدى قىزىيدىغان بولدى» دېيىشىپ كەتتى. ئەمدى ياڭخىيدىن، سۇ بېشىدىن، شۆگەدىن، لۈكچۈندىن تاللىنىپ كەلگەن چېلىشچىلار سۇر - ھەيۋە بىلەن مەيدانغا چۈشۈشتى. چېلىشىش ھەقىقەتەن قىزىدى. كىشىلەر قىسقا - قىسقا باھا بېرىشىپ ئۇلارنىڭ

كۆچتۆۋگۆرلۈكى، تېز - تېز ئىشلىتىۋاتقان پەنتلىرىگە قايىل بولۇپ بۇ قېتىمقى چېلىشىشنىڭ قانداق ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قېلىشتى ... شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا مەجبۇلىل بىلەن لەڭگەردىن كەلگەن بويى شۇنداق ئېگىز، شۇ سەۋەبتىن لەڭگەر تەرەپلەردە داۋۇت «دۆك» دەپ لەقەم ئالغان چېلىشچى تاللىنىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن يۇرت چوڭلىرى جاكارچىغا ئىشارەت قىلىپ ئويۇننى قىزىقىدا داۋام قىلىۋېرىشنى بۇيرۇدى. بۇنى بىلگەن كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن دۇررىدە تۇرۇشۇپ كەتتى. كىچىك باللار بولسا بويىنىنى سوزۇپىمۇ كۆرەلمەي، ھەرنېمە قىلىپ قىستىلىپمۇ كىرەلمەي دەرەخ باشلىرىغا يۈگۈرۈشتى. بەزى كىچىكرەك باللار بولسا ئاتىسىنىڭ مۈرىسىگە چىقىۋېلىشتى.

ئۇلار دەسلەپتە ئۇيان - بۇيان ئىتتىرىشىپ بىر - بىرىنىڭ كۈچىنى دەڭسەپ بېقىشتى، ئاندىن بىر ياقتىن كۈچ ئىشلىتىپ، بىر ياقتىن پەنت ئىشلىتىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا چېلىشىشنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى پەللىگە چىقىرىۋېتىشتى. شۇڭا كىشىلەر پاراڭغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، بىر - بىرىگە قاراشنىمۇ ئۇنتۇشۇپ مەيداندىكى ئىككى پالۋانغا قاراپ قېلىشقانىدى. داۋۇت زور بويى ئېگىز بولغاچقا مەجبۇلىل زورنىڭ بېلىنى قورۇپ يىقىتىشقا تىرىشتى، ئەمما مەجبۇلىل زور بەل قورۇش پەنتىدىن قۇتۇلۇپ تۇرۇشىغا داۋۇت زور يانپاشقا ئېلىپ يىقىتىدىغان ئالامەتنى كۆرسىتىپ مەجبۇلىل زورنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى. دەرۋەقە، مەجبۇلىل زور بەل قورۇش پەنتىدىن قۇتۇلۇپ داۋۇت زورنىڭ يانپاشقا ئېلىش پەنتىنى سېزىپ ئۇنىڭغا قارشى بىر تەدبىر قوللىناي دەپ تۇرغاندا، داۋۇت زور ئويلىمىغاندا، يانپاشقا ئېلىش پەنتىنى كۆتۈرۈپ ئايلاندۇرۇپ يىقىتىش پەنتىگە ئۆزگەرتىپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە مەجبۇلىل زورنى ئۆزىنىڭ چوڭ بەستىگە قوشۇپلا يەرگە تاشلىدى. مەجبۇلىل زور داۋۇت زورنىڭ ئېغىر بەستىنىڭ بېسىمى بىلەن قۇمغا پېتىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن

كىشىلەر داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى. بۇ ۋاقىتتا ئىككى زورمۇ ياتقان پېتى يېتىپ قالغان، كىشىلەرمۇ بىر تىنىقتا قېتىپ قالغانىدى. شۇ ۋاقىتتا چېلىشىشنى باشقۇرغۇچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خالايىق، ئوبدان كۆرۈڭلار، مەجبىلىل زورنىڭ غولى يەرگە تەگمەپتۇ!

شۇندىلا كىشىلەر مەجبىلىل زورنىڭ يانچە يىقىلغانلىقىغا دىققەت قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن سورۇننى «ئۇھ» دېگەن سادا بىر ئالدى.

چېلىشىش قايتا باشلاندى. ئۇلار ئىككىسى شۇنداق ئۇزاق تىركەشتى. ئارىدا داۋۇت زور يەنە بىر قېتىم رەسمىي يوسۇندا بەل قورۇش پەنتىنى ئىشلىتىپ كەينىگە بىر قەدەم ئېلىپ مەجبىلىل زورنى ئالدىغا سۆرەپ تەتۈر چىرماق سالماقچى بولغاندا، ئويلىمىغاندا مەجبىلىل زور پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئالدىغا كۆچەپ ئىتتىرىپ تاشلىنىۋىدى، داۋۇت زور ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەيداندا يەنە بىر قېتىم داۋالغۇش بولدى.

چېلىشىش داۋام قىلىۋاتاتتى. ھەر ئىككى زورنىڭ كۈچى خوراشقا باشلاپ، پەنت ئىشلىتىشى ئازلىدى. بولمىسا پەنتنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، كۈچى يېتىشمەي پەنت يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالسا، پەنت قىلغۇچىغا خەتەر كېلىپ چىقاتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن چېلىشىۋاتقاندا مەجبىلىل زور جامائەتمۇ ئويلىمىغان، ھەتتا داۋۇت زورنىڭمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان بىر پەنتنى ئىشلەتتى: مەجبىلىلنىڭ «ياپىر» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن كىشىلەر شۇنچىلىك تېزلىكتە داۋۇت زورنى مەجبىلىل زورنىڭ يەردىن ئۈزۈپ كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈشتى. بۇ ھەقىقەتەن كۈتۈلمىگەن ئىش بولغانىدى. چۈنكى، داۋۇت زورنىڭ بەستىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى مەجبىلىل زورنى كۆتۈرۈپ يىقىتىش پەنتىنى ئىشلىتىدۇ، دەپ

ئۆلمايتتى. دىمىسىمۇ بۇ «ئىگىز، چوڭ دۆڭ»نى كۆتۈرۈش، يەردىن پۇتىنى ئۈزۈپ ئېلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا كىشىلەر «هاڭ ـ تاڭ» بولۇپ قېلىشتى. بۇنى پەقەتلا كۈتمىگەن داۋۇت زور بولسا نېمە قىلىشنى بىلمەي قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا مەجىلىل ئۇنى چار پۇتلاپ ئۆگدىسىغا يىقىتىۋەتسىمۇ بولاتتى. لېكىن، مەجىلىل زورنىڭ يەنە بىخەستەلىك قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي، چاقماق تېزلىكىدە هەرىكەت قىلىپ داۋۇت زورنىڭ پۇتىنى يەرگە تەگكۈزگەن هامان داۋۇت زور پۇتىنى رۇسلاپ بولغۇچە، يەنە بىر «ياپىر» دېگەن ئاۋاز بىلەن ئۇنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. تېخىچىلا هوشىنى تاپالمىغان داۋۇت زور ئېغىر بەستى بىلەن قومغا پاتقانچە يېتىپ قالدى. مەيداننى قىيقاس ـ سۈرەن قاپلىدى.

ياشلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مەجىلىل زورنى كۆتۈرۈۋېلىپ، يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا قويۇلغان كالا بېشى، ئېسىل تون ۋە ياندا چاپچىپ تۇرغان ئىگەر ـ توقۇملۇق ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئەمما، مەجىلىل زور پۇتى يەرگە تېگىشى بىلەن كىشىلەرنى هەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر ئىشنى قىلدى: ئۇ كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك تارتۇقلىنىدىغان نەرسىلەر بار تەرەپكە ماڭماي، كەينىگە يېنىپ قومدا زوڭزىيىپ ئەلەم بىلەن ئولتۇرغان داۋۇت زورنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرغۇزدى:

— داۋۇت ئاكا، مەن سىزنىڭ كۈچىڭىزگە قايىل بولدۇم. پەنت ئىشلەتمەيدىغان ئىش بولسا مەن سىزگە هەرگىز تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن.

بۇنىڭدىن داۋۇت زورنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى.

— ياق، مەجىلىل زور، — دېدى ئۇ هاياجانلىنىپ، — مەن ساڭا تېخىمۇ قايىل بولدۇم. سېنىڭدە كۈچمۇ، ئەقىلمۇ، پەزىلەتمۇ بار ئىكەن. بىز سېنىڭدىن ئۆگەنسەك بولغۇدەك. كېيىن سېنى چوقۇم يوقلاپ بارىمەن.

ئۇلار چىرايلىق گەپلەر بىلەن خوشلىشىپ كىشىلەرنى قايىل ھەم مايىل قىلىپلىۋالدى.

بىر توپ كىشى زور تەنتەنە بىلەن پەنجەندىن ياڭخىيغا قاراپ ماڭدى. ئوتتۇردا ئاتقا مىنگەن مەجىلىل ھەۋەسلىك، قايىللىق نەزەر ئىلكىدە مەغرۇر كېتىپ باراتتى.

ئۇلار ياڭخىيغا چىققاندا يىگىتلەردىن بىرى:

— ئاغىنىلەر، تويۇقمۇ بىرىپلا كەلمەيمىزمۇ؟ — دەپ قالدى.

— نېمىشقا ئەمدى، يۇرتتىكىلەر بىزنى ساقلاۋاتسا ...

— بۇگۈن بەك پەيزى كۈن بولدى. بۇرۇن رەقىبلەر ئۆچەكىشىپ خوشلىشىدىغان، بۇگۈن داۋۇت زورنىڭ سۆزنى ئاڭلىدىڭلارغۇ ... شۇڭا بۇگۈن خۇشلۇقۇم ئىچىمگە سىغمايۋاتىدۇ.

بۇ گەپ باشقىلارنىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— بارساق باردۇق. تويۇقلۇقلار چېلىشچى ئەۋەتەلمىگەن بىلەن قانداق بولغاندۇ، دەپ ئىچى پۇشۇپ تۇرغاندۇ، — دېدى يەنە بىر يىگىت ئۇلارنى قىزىتىپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تويۇققا قاراپ يول ئالدى.

ئۇلار كارساڭ مەھەللىسىگە كەلگەندە بىر توپ كىچىك بالا ئۇلارغا ئەگىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ داغدۇغىسىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ ئۇلارنى مۇبارەكلەشتى. تەنتەنە قوشۇنى تارخېيزىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇل شىمالغا قاراپ ئېقىن بويلاپ ماڭدى ۋە ئەسھابۇلكەھف مازىرىغا يېتىپ بېرىشتى. ئۇ يەردىكى شەيخلەر ۋە تاۋاپقا كەلگەن كىشىلەر زور تەنتەنە بىلەن كېلىۋاتقان يىگىتلەرنى كۆرۈپ ئۇلارنى ئورىۋېلىشتى ۋە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن مەجىلىل زورنى تەبرىكلەشتى. شۇ چاغدا مازارنىڭ كۆك گۈمبىزى تەرەپتىن يېتىپ كەلگەن نىياز شەيخ ئۇلارنى كۆرۈپ:

— ھە، مەجىلىل زور يەنە كالا بېشى ئاپتۇمۇ، نېمە؟ — دەپ

سورىدى.

— ھەئە.

— ئاپىرىن، ھەشقاللا، — دېدى شەيخ، ئاندىن يانچۇقىنى كولىدى، — ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتقان ئىككى تال ھەرەم خورمىسى بار. مە ئوغلۇم.

يىگىتلەر تەنتەنە قىلىشتى. ئاندىن شەيخنىڭ تەكلىپى بىلەن تاغ باغرىدىكى مازارغا چىقىپ تاۋاپ قىلىپ قايتماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىدىقۇت تاغ تىزمىسىنىڭ تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان «ئەسھابۇلكەھف» مازىرىغا چىقىش ئۈچۈن يول ئالدى ۋە «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ مازارغا چىقىدىغان پەلەمپەيگە دەسسىدى.

# ئالتىنچى باب

## مەشرەپنىڭ «پادىشاھ»

### 1

1886 ـ يىلىنىڭ ئۆزۈم پىشىشقى، ياڭخىيدا كىشىلەر ئۆزۈم ئۈزۈشتىن بۇرۇنقى ئويۇن خۇشلۇقىغا چۆمۈلۈپ يۈرۈشەتتى.

دەرۋەقە، ئارىدىن ئۇچ كۈن ئۆتۈپ مەھەللىدىكى بەكرى «خىلىڭ ـ خىلىڭ» دېگەن كىشىنىڭ ئوغلىنىڭ تويى بولۇپ، كىشىلەر تويى سەۋەبى بىلەن بولىدىغان مەشرەپنىڭ كويىدا قېلىشتى.

قىز كۆچۈرۈلۈپ كېلىپ، توي ئىگىلىرى ئۇھ دەپ بولغۇچە يىگىتلەر قورۇدىكى بارلىق ئاستىغا كىگىزلەرنى سېلىشىپ، شىرەلەرنى جايلاشتۇرۇپ تەخ قىلىپ قويۇشتى. يىگىتلەرگە، ھەم ئىنتىلىپ، ھەم ئۇلاردىن تارتىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ ئىپادىلىنىپ تۇرغان، چىرايلىق ياسىنىۋېلىشقان قىزلار شىرەلەر ئۈستىگە چاقچاق ھەرىكەتلىرى بىلەن قەنت ـ گېزەكلەرنى تىزىشتى. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، «لاتا قۇببى»گە ئېرىشكەن يىگىتلەر (مەشرەپكە قاتنىششقا سالاھىيىتى توشقانلار) ئۆز ئەھۋاللىرى بويىچە سورۇندىن ئورۇن ئېلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، توي مەشرىپىنىڭ قىزىقچىلىقى ئاستا ـ ئاستا باشلىنىپ مەشرەپ باشقۇرغۇچىلارنى تاللاشقا كەلگەندە ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئىش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن

كېيىن مەشرەپ ئەھلى ئۆزئارا كېڭىشىپ مەشرەپنى ئوبدان باشقۇرۇپ، دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان، يۇرتتا خەلقنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشكەن ياشلاردىن پادىشاھ، ۋەزىر تاللاشقا باشلىدى. ئەمما، ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمايلا ھەممە بىردەك مەجبىلىل زورنى «پادىشاھ» قىلىپ سايلاشتى. شۇنىڭغا مۇناسىپ باشقا يىگىتلەرمۇ ۋەزىر، قازى، مۇپتى، بازار بېگى (سورۇن رەتلىگۈچى)، ئەڭگىزە (قوزغاتقۇچى، قىزىقچى)، خەزىنە بېگى، چايچى، ئۆرۈمىچى (پەتنۇس ئۆرۈگۈچى)، قىيقاسچىلىق ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلەندى. بۇ يىگىتلەرگە مەشرەپ ئەھلى ئاساسەن قوشۇلۇشتى.ئەمما، ئارىدا بىر كىشى ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكەنچە تۇرۇپلا قالغانىدى.

يەرلىك يېڭى چەكمەندىن يەكتەك، تامبال كىيگەن، بېشىغا قارا بېغىررەڭ دۇخاۋىدىن گۈللۈك دوپپىنى چىڭ باستۇرۇپ كىيىۋالغان بۇ ئورۇق كىشىنىڭ ئىسمى سادىر بولۇپ، سۇلتان مامۇت ئوردىسىدا يايى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى ئىدىيەسىگە سىغدۇرالماسلىقى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. تۇرپاننىڭ كۆپ قىسىم يېزىلىرىدا توي مەشرەپلىرىنى تەشكىللىك، رەتلىك، كۆڭۈللۈك، قىزغىن ئويناش ئۈچۈن شۇ يۇرتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن يىگىتلىرىدىن بايىقىغا ئوخشاش پادىشاھ، ۋەزىر قاتارلىقلارنى سايلاپ، مەشرەپ ئويناش ئادەتكە ئايلانغان. ئەمما ۋاڭلارنىڭ ۋاڭلىق ئىدىيەسى تۈپەيلىدىن لۈكچۈندە مۇنداق مەشرەپ ئويناش چەكلەنگەن.

شۇڭا، سادىر يايى «يەنە نېمە ئالامەت ـ كارامەتلەر بولۇر؟» دەپ بىر چەتتە جىممىدە قاراپ ئولتۇردى.

مەشرەپ باشلاندى. ئەڭگىزە پادىشاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەشرەپ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن قىزىقچىلىق ئارىلاش ئېلان قىلدى:

— سۇنايچى بارمۇ سەن؟ نەرىڭ بىلەن پۇۋلىسەڭ پۇۋلە،

سۇنىيىڭنى ياڭرات!

كۇلكە ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان سۇنايچى يىنىك ئاھاڭغا چېلىپ مەشرەپ ئەھلىنى تىنچلاندۇردى. سەلدىن كېيىن سۇناي ئاھاڭىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بىردىنلا ناغرا ئاۋازى ياڭراپ پۈتۈن قورۇنى بىر ئالدى. شۇنىڭ بىلەن سورۇن قىزغىن، شوخ كەيپىياتقا تولدى. شۇنىلا كۈتۈپ تۇرۇشقان ئۇسسۇلچىلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ گۈزەل، چاققان، ئەپچىل ئۇسسۇل ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىشقا تىرىشتى. بۇلارغا قاراپ ناغرا - سۇنايچىلارمۇ جانلىنىپ كېتىشتى. كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ ھالغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ قولىدىن ئۆرۈم - چۆرۈملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. بىر مەيدان ئۇسسۇللۇق مەشرەپ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەشرەپ ئەھلى مەزەلەرگە ئېغىز تېگىشكە باشلىدى. سادىر يايى بولسا تېخىچىلا بۇ ئىشلارنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي ئولتۇرغاچقا، مەزەلەرنى يېيىشكە كۆڭلى تارتمىدى.

شۇ چاغدا بىرى ۋارقىراپ ئوتتۇرىغا چىقىپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى:

— داد پادىشاھىئالەم! پۇقرالىرى روزى «بىكارچى» مەشرەپ قائىدىسىگە بويسۇنماي، سورۇن ئەھلى ۋە پادىشاھىئالەمنىمۇ كۆزگە ئىلماي چاپىنىنىڭ بىر يېڭىنى ساپماي ئولتۇرۇپتۇ. خەلقنىڭ بۇنىڭغا نارازىلىقى بەك كۈچلۈك، قاتتىق جازا بېرىشلىرىنى سورايمىز!

پادىشاھ سۇرلۇك بۇيرۇدى:

— كەلتۇرۇڭلار بۇ ئەدەپسىزنى!

ئىككى يىگىت چاپىنىنىڭ سول يېڭىنى ساپمىغان بىر كىشىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى.

پادىشاھ سورىدى:

— ئېيتە، نېمە گۇناھ سادىر قىلدىڭ؟

— پادىشاھىم، مەن ئىسسىپ كەتمەي دەپ ...

— ئۇ ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن تېرىسىنى تەتۈر سويۇش جازاسى بېرىلسۇن!
بۇنى ئاڭلىغان ئەڭگىزە دەرھال جاكارلىدى:
— پادىشاھىمىزنىڭ پەرمانى: روزى «بىكارچى» شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تېرىسىنى تەتۈر سويۇش جازاسى بېرىلدى. دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن!
شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچىلىغان كۈلكىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن گۇناھكارغا تېرىسىنى تەتۈر سويۇش جازاسى بېرىلدى — ئۇنى قىيناپ تۈرۈپ چاپىنى تەتۈرگە قايرىپ تۈرۈپ سالدۇرۇلدى. ئاندىن يەنە بىرقانچىسىگە رەسىمىنى تامغا تارتىش، سامسا يېگۈزۈش، پاختەك ئۈچۈرۈش قاتارلىق جازالار بېرىلگەندىن كېيىن، يەنە بىر پەس ناغرا - سۇنايىنىڭ شادىيانە ئاۋازى كىشىلەرنىڭ خۇشلۇقىغا جور بولدى. پەقەت سادىر يايىلا ھېچنېمىگە كۆڭلى تارتماي بايىقىدەك ئىشلارنى تەپسىلىي بىلىۋېلىش ئىستىكىدە تىتىلداپ ئولتۇردى.
بىر چاغدا ئەڭگىزە ئوتتۇرىغا چۈشتى:
— ئېغىزى چاقان، ئەقلى يۈگۈرۈكلەر، سورۇن سىلەرنىڭ!
گەپ ئاخىرلاشمايلا بىر يىگىت ئوتتۇرىغا چۈشتى:
— مەن ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز يىگىتنى سىناپ باقاي:

ئۇل نەدۇر كىم يۇزدۇر ئۇنىڭ بارمىقى،
سەككىز ئاياغ ئۈستىدە تۇرمىقى.
بەش بېشى بار، بەش تېنى بار، تۆت جېنى،
نەئەجەبتۇر بەش بېرىپ تۆت يانمىقى؟
بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟

بۇ يىگىت كۆرەڭلەپ ئەمدى ئەتراپىغا قارىۋىدى، بىر يىگىت ئورنىدىن تۇردى:

— بۇ ئەخمەت باقى ئاخۇنلۇقۇمنىڭ مۇئەمماسى. مەن يېشىپ بېرەي: بۇ ئۆلگەن ئادەمنى تاۋۇتقا سېلىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدۇر. بىر ئادەمدە پۇت ـ قول قوشۇپ ھېسابلىغاندا 20 بارماق بولسا ئۆلۈك ۋە تىرىك ئادەملەرنىڭ بارمىقى جەمئىي 100 بولىدۇ. تاۋۇت كۆتۈرگەن تۆت ئادەمدە سەككىز ئاياغ، ئۆلۈكنى قوشقاندا بەش باش، بەش تەن بولىدۇ، تىرىك ئادەم تۆت، ئۆلۈكنى دەپنە قىلىۋېتىپ قايتقان ئادەم تۆت بولىدۇ.

ھېلىقى يىگىت كىشىلەرنىڭ «راست، راست» دېگەن گەپلىرى ئىچىدە ھەييارلارچە ھىجىيىپ قايتماقچى بولۇۋىدى، ئەڭگىزە توسۇپ قويدى ۋە ھەييارلىق بىلەن دېدى:

— ئەمدى پوچىلىق قىلغان گۇناھلىرىنى يۇيالا. ئەقلىمىزنى سىناپ قويۇپ شۇنداقلا چۇشۇپ كەتسىلە بولماس؟

پوچى يىگىت ئەڭگىزە بىلەن باشتا كېلىشىۋالغاندەكلا دەرھال تەييارلاندى ۋە «ماقۇل» دەپلا سۆزىنى باشلىدى:

— تاققا ـ تۇققا، زەنجىر ھالقا، ھالقىدىن بۇقا، يۇگۇرۇپ چىقتىم شاختىن شاخقا، ئېگىزدىن قارىسام يىراقتىن كۆرۇندى بىر ئىننەك بىلەن توققۇز بۇقا، مەنمۇ بېرىپ قوشۇلۇپ بولدۇق ئون بۇقا، بىر ئىننەكنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كەتتۇق جاقىلاق ـ جۇققا، شۇئان بەدەنلىرىم زىڭىلداپ ئوت كەتتى، قارىسام يىقىلىپ چۇشۇپتىمەن بىر ياتاقلىققا، شۇ يەردىن ئاران قېچىپ كېلىۋالدىم 30 ئوغۇل، توققۇز قىز ئولتۇرۇشىغا.

ئۇنىڭ سۆزمەنلىكى كىشىلەرنى كۇلدۇردى. پادىشاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن يەنە نەغمە ـ ناۋا باشلاندى. سادىر يايى بولسا ئەڭگىزە ھەربىر قېتىم مەجىلىس زورنى «پادشاھ ئالىيلىرى» دەپ ھۆرمەت بىلدۇرگەندە يۇرەكلىرى جىغىلداپ، «توۋا، توۋا» دەپ ئولتۇردى.

بىر چاغدا ئەڭگىزە يەنە ئوتتۇرىغا چۇشتى:

— ھۆرمەتلىك پادشاھ ئالىيلىرى، بىر پوچى باياتىندىن بېرى «بىر پو ئېتىۋالسام» دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

روخسەتمىكىن؟

پادىشاھ بۇيرۇدى:

— قېنى، ئاتقان پورىنى ئاڭلاپ باقىلى.

غەلىتە بۇرۇت قويۇپ، بىردەم ـ بىردەم بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى تولغايدىغان بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ نازۇك ھەرىكەت بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سوزۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن پورىنى باشلىدى:

— مەن بىر زامانلاردا بىر ئەر ئىدىم، بارنى يوق قىلىدىغان، يوقنى بار قىلىدىغان، قېيىنئانام قاراپ تۇرسا ئەتىدىن كەچكىچە مۇشتۇمدەك لاي قىلىدىغان، قوڭغۇزنىمۇ دۆڭگە تارتماي مىنەلەيدىغان، بىر شىلىڭ كېپەكنى بىرسىگە يۆلەتكۈزمەي كۆتۈرەلەيدىغان، كەسلەنچۈككە يۈگەن سالماي مىنەلەيدىغان، چاشقاننى ئېگەر توقۇماي مىنىپ كۆندۈرەلەيدىغان، زىرائەتلەرنى ئۇرۇق سالماي ئۇندۇرەلەيدىغان، توققۇز ناننى «ھاپ» قىلىپ يەپ بولۇپ يەنە بارمۇ دەيدىغان، بۇ پوچىلىق بىلەن سورۇن ئەھلىنى مانا مۇشۇنداق كۇلدۇرەلەيدىغان.

كىشىلەرنىڭ كۇلكىسى ئۇزۇلمەي تۇرۇپلا ھەرقانداق جايدا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگۈدەك يالغان ئېيتىپ كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرالايدىغان يالغان گەپچى تەكەللۇپسىزلا ئوتتۇرىغا چىقتى:

— ھۆرمەتلىك 30 ئوغۇل، توققۇز قىز، مەشرەپ ئەھلى، كەمىنە ئۆزگىچە كەچۈرمىشلىرىدىن ھەرقايسىلىرىغا قىسقىچە زىكىر قىلىپ بەرمەكچىمەن، — دېدى ۋە جانلىق، تېتىك ھەرىكىتى بىلەن يالغان سۆزىنى باشلىدى، — مېنىڭ سۆزلەيدىغىنىم «41 يالغان» ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تا مۇشۇ كەمگىچە بىزگە مىراس بولۇپ ساقلىنىپ قالغان. تاقىقا ـ تۇقىقا زەنجىر ھالقا، پاقا دەرەخكە چىقتى، قۇيرۇقى شاخقا. كىگىز ئۆتۈككە نال قاقا، خورۇم ئۆتۈككە پاختىلىق ياقا. پەشمەت چاپانغا بۆرەك ياقا، قاپ كۆڭلەككە ئۆرە ياقا. ياش چوكانغا كۇمۇش ھالقا، قېرى خوتۇنغا ئالتۇن ھالقا. بوجەنتۇردىن خوتۇن ئالسام بېشىنىڭ بىر

تەرىپى سوقا، بىر تەرىپى دوقا، كەينىگە ئۆتۈپ قاراپ باقسام پېشانىسى ئېگىزرەك چوققا. مەن بىر كۈنى ئېشەككە تەتۈر مىنىپ كېتىۋاتسام تۆت سوقما ھاڭراپ يۈرىدۇ. «بۇ نېمە بولغان سوقمىلاركەن» دېسەم، «كۆرسۆكقا كىرگەن سوقمىلاركەن» دەيدۇ. مەن ئۇلارغا 13 تال چەڭزە ئېلىپ بۇسۇرۇپ بىرىۋېدىم، 14 تال كاڭماڭزا چىقاردى. 12 تال كاڭماڭزىنى 12 دانە پاختىلىق ئىشتانغا تېگىشەي دەپ كېتىۋاتسام ۋاي ئەمەت، ۋاي سەمەت ھېكىم پايپاقنىڭ مۇزخانىسىغا ئوت كەتتى، دەيدۇ. ئۇنىڭغا 12 ھارۋا گۈڭگۈرت، 14 ھارۋا يانتاق ئاپىرىپ قالاۋەردىم ـ قالاۋەردىم، بىردەمدىن كېيىن ئۆچتى. شۇنداق كەينىمگە يېنىپ مۇزنىڭ ئاستىغا قارىسام، مۇز دېگەن قۇرتلاپ كېتىپتۇ ۋاي ـ ۋاي. 6 ـ ئاي ۋاقتىدا ئۇسساپ كېتىپتىمەن. سۇ دېگەننى شۇنداق ئىچىپتىمەن. شۇنداق بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام بېشىمنىڭ يېرىمى يوق. بۇ نەگە كەتكەندۇ دەپ قارىسام ئارغىبۇلاقنىڭ نېرىسىدا، ئۇششاقتالنىڭ بېرىدا غىر ـ غىر مۇز تېپىلىپ يۈرىدۇ. ئۇنى تۇتۇپ ئەكېلىپ جاڭگىدە بىرنى قويۇۋىدىم، تۇتۇپلا قالدى. شۇنداق كەينىمگە يېنىشىمغا ئۈنمىگەن بىر لوقاق تۈۋىدە توغۇلمىغان بىر توشقان بالىسى يېتىپتۇ. ئۇنى كەسمىگەن ھاسا بىلەن بىرنى قويۇۋىدىم، كولىمىغان ئورىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنى ئالتە ئادەمگە باستۇردۇم، يەتتە ئادەمگە سويدۇردۇم. ئالتە پاتمان يېغى چىقتى، يەتتە پاتمان چاۋىسى. ئاشۇ دەمدىن ھازىرغىچە يەۋاتىمىز ھېلىمۇ بار تەڭ يامىسى. ھەرقايسىلىرىغىمۇ ئەپ قويدۇم ئۆيدە بار بىر چاتىسى. ئىشەنمىسەڭلار، قاراپ بېقىڭلار، ئىشىكتە ئېسىقلىق كالللىسى.

بىز بىر ۋاقتىدا شۇنداق ئەرلەر ئىدۇق. تام بېشىغا چىقىۋالساق ئىتتىن قورقمايدىغان، جۇۋا ـ جەنتۇڭنى سېلىۋەتسەك پىتتىنمۇ قورقمايدىغان ئەرلەر ئىدۇق. بىز بىر ۋاقىتلاردا شۇنداق ئەرلەر ئىدۇق، بىر تونۇر نان يېقىۋالساق يوقتىن قورقمايدىغان، جۇۋا ـ جەنتۇڭنى كىيىۋالساق سوغدىنمۇ قورقمايدىغان ئەرلەر ئىدۇق. بىز بىر ۋاقىتتا شۇنداق ئەرلەر

ئىدۇق، ئورمانلىقتا ئۆي سېلىۋالساق ئوتتۇندىن قورقمايدىغان، ئۆيدىن تالاغا چىقىپىلىۋالساق خوتۇندىن قورقمايدىغان ئەرلەر ئىدۇق.

ۋاق ـ ۋاق، ئالته توخۇيۇم بار ھەممىسى ئاق. كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، ئاخشىمى گەپ قىلساڭ ئېغىزنى قۇلاققا ياق. مۇنداق گەپنى ئاڭلايمەن دېسەڭ مېنىڭدەك پاراڭچىنىڭ ئاغزىغا باق.

ئۇنىڭ يالغان سۆزى تۈگىشى بىلەن بىر كىشى داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ سورۇنغا يۈگۈرۈپ چىقتى:

ـــ داد پادىشاھىئالەم، دەردۇ ئەرزىم بار ... قازى دەردىمگە يەتسۇن!

ـــ ئىجازەت!

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قازى ئاخۇنۇم، قوشنىمىزنىڭ ئوغلى غەرب تەرەپكە تۆگە بىلەن سودىغا كەتكەنىدى. يېقىندا ئۇ ئاتىسىغا بىر نامە ئەۋەتىپتۇ. نامىدە: «تۆگە ئۆلدى جۇدەڭلىكتىن، يېغى ئۇنىڭ تولىلىقىدىن. ئۇزۇن چۆلنى بېسىپ ئۆتتۇق، تاڭ سەھەردە شامغا يېقىن» دېيىلىپتۇ. قوشنىمىز: «قازىدىن سوراپ باقساڭ، بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟» دەپ گەپ ئەۋەتكەن. سىلى نامىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرگەن بولسىلا.

«قازى» كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

ـــ ئۇ بالىنىڭ تۆگىگە يۈكلىگىنى ماي ئىكەن. يۈك ئېغىرۇ، تۆگە قوتۇر. بۇ ئوغۇل تاڭ سەھەر ۋاقتىدا شام دېگەن شەھەرگە يېقىنلاشقاندا تۆگە ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

جاۋاب تۈگىگىچە يەنە بىرى داد ئېيتىپ چىقتى:

ـــ داد، پادىشاھىئالەم ...

ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان تۇنجى گەپتىنلا سادىر يايى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى ۋە ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ ئالدى ـ كەينىگە قاراپمۇ قويماي، ھەتتا ئۆزىنى تويغا چىللىغان كىشىلەر بىلەن خوشلىشىپمۇ قويماي لۈكچۈن تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

# يەتتىنچى باب

# ۋاڭغا «سوۋغا»

## 1

شۇ كېچىسى سادىر يايىنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ قاپ يۈرەكلىكىگە ھەيرانۇ ھەس بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خەۋپلىك ئىشتىن سۇلتاننى خەۋەردار قىلىپ سۆيۈنچە ئېلىشنىڭ كويىدا قالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتىسى ناشتىمۇ قىلماستىن ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ يول ئالدى. ئېگىز ئوردا ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا شۇ ھەيۋىتى ۋە سۈرلۈكلۈكى بىلەن «سەن قىزغۇچ نۇر چاچساڭ، مەن قىزىل قان چاچىمەن» دەۋاتقاندەك تۇراتتى. سادىر يايى تونۇش كاھلارنىڭ سالىمىغىمۇ ئېرەن قىلماي، جىددىي تۈستە سۇلتان مامۇتنىڭ قوبۇلخانىسىغا قاراپ كېتىۋەردى. سالىمى بىكار كەتكەن كاھلار ھەيران بولۇشۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن غۇدۇراپ قاراپ قويۇشتى.

ھەشەمەتلىك، سۈرلۈك قوبۇلخانىدا سۇلتان مامۇت ئاخشامقى كەيپىنىڭ تەسىرىدىن ۋە ئەيش ـ ئىشرەتلىك ئۇيقۇسىزلىقنىڭ دەستىدىن زەپىران چىراي ھالدا روھسىز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تەختىنىڭ كەينىدىكى يوغان شىرمىغا خاقانىي چىن تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنغان جەركە ـ ئوتۇغات پەرمانلىرى، ھەربىي، مەمۇرىي ئۇنۋان نىشانلىرى قاتار ئېسىلغان. شىرمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چيەنلۇڭ خان ئۆز قولى بىلەن ئىمىن خوجىنىڭ

خانلىق ئۆچۈن كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە بىغىشلاپ ھۆسنخەتچىلەپ يېزىپ بەرگەن مۇنۇ نەزمى ئېسىلغانىدى:

جەمەتىنى تۇرپاندىن دەپ بىلىڭ،
بۇرۇنلا توغرا يول تۇتقان بۇ زات.
ھەمدەم بوپ ئۆتتى ئۆمرى چىرىكلىككە،
خىسلىتىدىن زاھىر قىلدى كۆپ مۆجىزات.

بىر ئوبدان تونۇش ئاڭا ھال ـ ئەھۋالى،
غەربىي يۇرتتىكى ئەھلى ئۇيغۇرنىڭ.
ساپ ۋىجدانلىق، قەتئىيدۇر بۇ زات،
زەررىچە تۇگۈنى يوقتۇر يۇرىكىنىڭ.

بۇ نەزم ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان نەقىشلىك رامكىغا ئېلىنغان، چۆرىسىگە ئالتۇندىن ھەل بىرىلگەچكە خانىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن يازغان، گاھى بېلىقلارنىڭ ئۇزۇشىگە، گاھى قۇشلارنىڭ پەرۋازىغا، گاھى بىر ـ بىرىنى قوغلاۋاتقان دولقۇنلارغا ئوخشايدىغان خەتزۇ يېزىقىدىكى بۇ نەزمىسى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئەمما بۇ «ھەيۋەتلىك» كۆرۈنۈش بىلەن سۇلتان ماھۇتنىڭ شۇ تاپتىكى سالپايغان ھالى پەقەت ماسلاشمايتتى. شۇڭا سۇلتان ماھۇت ئۆزىگە يوللىنىۋاتقان مەلۇمات ۋە چوڭ ـ كىچىك تەيجىلەرنىڭ يۇرتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى مۇگدەپ ئولتۇرۇپ شەكىلگە ئاڭلاپ «ھە» دەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان قېرى تەيجى «قېرىغان جېنىمدا بۇنداق ۋاڭلىق نېمە بولسا بولمامدۇ» دەۋاتقاندەك مۇكچىيىپ، كۆزىنى يېرىم يۇمۇۋېلىپ تۇرغان بولسا، سول تەرىپىدە تۇرغان قابزات بەگ بىلەن سۇلتان ماھۇتنىڭ كەينىدە تۇرغان تەيجى ئابدۇللا بەگ خۇددى ئىچىگە نۇرغۇن گەپ توشۇپ كېتىپ بىرىنىمۇ

دېيەلمەيۋاتقان ئادەمدەك تىتىلداپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا قارىشىپ تۇرۇۋاتتى. بىر تەيجىنىڭ سۆزى يېرىم ـ يارتا ئاخىرلىشىشى بىلەنلا سادىر يايى سۆز نۆۋىتىنى تارتىۋالدى:

— سۇلتان مامۇت بېگىم، دەرھال مەلۇم قىلمىسام بولمايدىغان بەك جىددىي ئىش بار.

كۆزىنى «لەپپىدە» ئاچقان سۇلتان مامۇت سادىر يايىنى كۆرۈپ يەنە يۇمۇۋېلىپ، بېشىنى سۇس لىڭشىتىپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدىن ئاخشامقى ئەمدىلا رەسىدە بولغان قىزنىڭ بىلىقتەك سىلىق ۋە نازۇك بەدەنلىرىنى قوپال بارماقلىرى بىلەن قانداق سىلاپ ھۇزۇر ئالغانلىقى كېچىۋاتاتتى.

سادىر يايى نېرى ـ بېرىسىنى ئويلىمايلا ئالدىراپ سۆزىنى باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك ۋاڭ خوجام ئالىيلىرى، ئاخشام مەن ياڭخىيدىكى بىر توينىڭ مەشرىپىگە قاتناشقان. ئۇ يەردە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر مەشرەپ ئوينايدىكەن. مەشرەپنى باشقۇرۇش ئۈچۈن جانابلىرىدىن ئىجازەت ئالمايلا يىگىتلەر ئارىسىدىن بىرىنى پادىشاھ، بىرىنى ۋەزىر، بىرىنى قازى، مۇپتى يەنە ئەڭگىزە، بازار بېگى، خەزىنە بېگى قىلىپ سايلاپ، شۇلارنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن مەشرەپ ئوينايدىكەن. جانابلىرىدىن باشقىمۇ پادىشاھنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق تەئەججۈپلەندىم. ئۇلار قىلچە تەپ تارتماي «پادىشاھ ئالىيلىرى» دەپ ئاتايدىكەن. ئىنشائاللا، بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتى ئالىيلىرىنىڭ ئوردا خاتىرجەملىكىگە مالال يەتكۈزۈپ قويارمىكىن، دەپ بەك ئەنسىرىدىم. شۇل سەۋەبتىن ...

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ سۇلتان مامۇت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— پادىشاھ؟ مەندىن باشقىمۇ پادىشاھ بارمىكەن تېخى؟

— شۇ، شۇ ... ئۇلار، — سادىر يايى «بار ئىكەن» دېيەلمەي دۇدۇقلىدى، — ئۇلار بىر يىگىتنى شۇنداق چاقىرىدىكەن ھەم

ئۇنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىدىكەن.

— يۇرتىنى دىۋىنىڭ يۇرتىدەك قىلىۋالغان قايسى بەتنىيەت ئۇ؟ — سۇلتان مامۇتنىڭ ئۇيقۇسىز كۆزلىرى سەت چەكچەيدى.

— ئۇلار مەجبۇلىمىز زور دېگەن يىگىتنى «پادىشاھ» قىلىپ سايلىدى.

بۇنى ئاڭلىغان كۆپىنچە ئوردا ئەھلى ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇشتى. ئەمما ئۆزىدىن باشقا ئىنسانلارنىلا ئەمەس، بەلكى جانلىق ـ جانسىز نەرسىلەرنىمۇ ئويلىماس بولغان، ھەممىنى «مەن» ئۈچۈن دەپ چۈشىنىدىغان سۇلتان مامۇتنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ تۇرالماي قالدى ۋە ھېچقانداق ئوردا مەسلىھەتسىزلا بۇيرۇق چۈشۈردى:

— پەرمان، سەن بېرىپ بۇگۇن چۈشكىچە ئۇ مەلئۇننى تۇتۇپ كەل، مەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، سۇلتاننىڭ كىملىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن.

سادىر يايى دەسلەپ بۇ پەرماندىن خۇش بولۇپ تېز قەدەملەر بىلەن، ئەمما سەل گىدەيگىنىچە ئوردىدىن چىقتى. بىراق يېرىم يولغا كەلگەندە بىرئاز ئەنسىرەپ قالدى. ئەسلىي ئۇ «بۇ ئىشنى سۇلتانغا مەلۇم قىلسام چېرىك ئەۋەتىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ جاجىسىنى بېرىدۇ ۋە مېنى تارتۇقلايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن مانا ئەمدى ئۇنى يالغۇزلا ... بىردىنلا ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىلىدى، ئىككىلەندى، قورقتى. ئارقىدىن «نېمىدىن قورقىمەن، مەن دېگەن سۇلتاننىڭ يارلىقى بىلەن كېتىۋاتىمەن. ماڭا ھۆرت ـ پۈرت دەيدىغانغا كىمنىڭ ھەددى!» دەپ ئويلاپ ئۆزىگە مەدەت بەردى.

ئۇ ياڭخىيغا يېقىنلاشقاندا بىر ئېتىزغا كىرىۋاتقان سۇدا يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئۆزىنى بىرئاز ئوڭشاپ روھلىنىۋالدى. ئاندىن دادىل قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى، چىرايىغا سۈر بېرىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى.

## 2

ئۇ مەجىلىس زورلارنىڭ ھويلىسى ئالدىغا بارغاندا، ئۇلار ئەتىگەنلىك ئەمگەكتىن يېنىپ باراڭلىق ھويلىسىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇلار چىرايىدىن بوران ئۇچۇرۇپ ھويلا ئىشىكىدىن كىرىپ كەلگەن سادىر يايىنى كۆرۈپ مەڭدەپ قېلىشتى. مەترېھىم زور بولسا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى. ئەمما سادىر يايى سۇسلا كۆرۈشۈپ قويۇپ سوغۇق تەلەپپۇز بىلەن ئاخشامقى ئىشلارنى ۋە ۋاڭنىڭ غەزىپىنى بايان قىلغاندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن جاكارلىدى:

— سۇلتان مامۇت ۋاڭ خوجامنىڭ يارلىقى: مەجىلىس زور ئوردىغا بارسۇن، داتاڭ سورىقى قىلىنىدۇ!

بۇنى ئاڭلىغان مەجىلىس زورنىڭ مۇشتى چىڭ تۈگۈلدى، ئاياللار ۋە باللار بولسا قورقىنىدىن يىغا ـ زار قىلغىلى قىل قالدى. شۇ چاغدا مەترېھىم زور ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى ۋە ئاكىسىغا ئىشارەت قىلىپ قويغاندىن كېيىن سادىر يايىغا:

— بىز ھەرقاچان جانابىي ئالىيلىرى سۇلتان مامۇتنىڭ يارلىقلىرىنى بەجانىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئىجرا قىلىۋاتىمىز. بىزدە «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا سىلى ئاۋۋال تاماق پىشقۇچە باغقا كىرىپ مېۋە ـ چېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەچ ئارام ئېلىپ تۇرالا. تاماق يەپ بولۇپ سۆزلىشەرمىز، — دېدى تەكەللۇپ بىلەن.

ئۇلارنىڭ بېغى خىلمۇخىل مېۋىلەر پەسىل قوغلىشىپ پىشىپ تۇرىدىغان، تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىنىغان، كىرگەن كىشىگە مېۋىلىرى بىلەنلا ئەمەس، گۈزەللىكى بىلەنمۇ باشقىچە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان باغ بولۇپ، يۇرتتا داڭقى بار ئىدى. باغنىڭ ئەتراپى يۇرتنىڭ يوسۇنى بويىچە ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە سوقما سوقۇلۇپ، ئۈستىگە بىر قۇر كېسەك تىزىلىپ ئىھاتە

قىلىنغانىدى. سادىر يايى بۇ باغنىڭ داڭقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولغاچقا ھەم يىراقتىن جىلمىيىپ تۇرغان مېۋىلەر ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلىغۇدەك بولغاچقا، «بەرىبىر قېچىپ كېتەلمىگەندىكىن، بىردەم ھوزۇر قىلمايمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپ، يالغاندىن «تېزرەك» دەپ قويۇپ باغقا يول ئالدى.

مەجىلىل زور ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ باغقا ماڭدى، مەترىھىم زور بولسا باغنىڭ سىرتىغا ماڭدى. قالغانلار نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي باغقا بويۇندىغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى.

سادىر يايى ئالدى بىلەن قايسى مېۋىگە ئېغىز تېگىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، مەجىلىل كېلىپ:

— يۇرسىلە، سوقما تەرەپتە ئەزىز مېھمانلارغا دەپ ئېلىپ قويغان ئېسىل ئۆرۈك بار، — دەپ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كەتكەن سادىر يايىنى باشلاپ ماڭدى. ئەمما، سوقما تۈۋىدە ئۆرۈك تۇرماق تۇزۇكرەك مېۋە دەرىخىمۇ يوق بولۇپ، بوش يەرگە زىچ يالپۇز تېرىلىپتىلگەنىدى. سادىر يايى «قېنى ئۆرۈك؟» دەپ سوراپ بولغۇچە مەجىلىل زور «ياپىرىم» دەپلا ئۇنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ سوقمىنىڭ ئۇ تەرىپىگە تاشلىدى. سادىر يايى «ھاي، ھاي» دەپ بولغۇچە سوقمىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان مەترىھىم زورنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇ يەردە ئاغزىغا گەپ كېلىپ بولغۇچە مەترىھىم زور «ياپىرىم» دەپ بىر ۋارقىراپلا، يەنە ئۇنى باغنىڭ ئىچىگە تاشلىدى. مەجىلىل زور ئۇنى تۇتۇۋېلىپلا يەنە باغ سىرتىغا تاشلىدى ... ئۇلار ئۇنى ئەنە شۇنداق ئۈچ مەرتەم تاشلىغاندىن كېيىن بولدى قىلدى. بۇ چاغدا سادىر يايىنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، دېمى تۇتۇلۇپلا قالغانىدى. ئۇ يۇرىكىنى چىڭ باسقىنىچە يەردە ئولتۇرۇپلا قالدى. مەجىلىل زور ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ھويلىغا چىقتى - دە، پىچاقنى ئېلىپ ئېغىل تەرەپكە ماڭدى. سىرتتىن كۆلۈپ كىرىپ كەلگەن مەترىھىم زور بولسا يەڭگىلىرىگە قازان بېشىغا ئۆتۈشنى

ئورۇنلاشتۇردى.

سادىر يايى غەزەپ بىلەن ھويلىغا چىقىپ ئاغزىنى بۇزاي دەپ تۇرۇشىغا مەترىھىم زور ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئاچچىقلانمىغايلا، سىلى بىلەن ئوينىشىپ شۇنداق قىلىپ قويدۇق. مانا سىلىنىڭ ئىززەت - ھۆرمەتلىرى ئۈچۈن بىر قوي، — دېدى. دەرۋەقە، بۇ چاغدا مەجىلىل زور قوينىڭ تېرىسىنى ئاجرىتىپ بىر چەتكە تاشلاپ بولغانىدى. بۇنى كۆرۈپ غەزەپتىن ئۆتى تېشىپ تۇرغان سادىر يايىنىڭ يەنە ئاچچىقى ياندى. ئۇ ئېسىل زىلچا سېلىنغان سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تەخسىلەرگە قويۇلغان مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەچ گۆشنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا جازالىنىش ئالدىدا تۇرغان مۇنۇ كىشىلەرنىڭ بۇ قەدەر مېھماندوستلۇقى ئەخمەقلىقتەك بىلىندى ...

سادىر يايى تازا بىر تويۇنغاندىن كېيىن مەجىلىل زور:

— بىز ۋاڭ خوجامنىڭ ھۇزۇرىغا بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزىمىز بارىمىز. سىلى بېرىپ ۋاڭ خوجامغا بىزنىڭ ئىتائەتمەنلىكىمىزنى يەتكۈزۈپ قويغايلا، — دېدى. سادىر يايى چىرايىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ بىر نېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، بايىقى چەۋەندازلارنىڭ تالىشىشىدا قالغان ئوغلاقتەك تاشلىنىشىنى يادىغا ئېلىپ قورقۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ پېتىنى بۇزماي:

— بوپتۇ، بۇنداق قىلىپ ۋاڭ خوجامنىڭ ئېغىر غەزىپىگە قالسىلا مەندىن ئاغرىنمىسىلا، — دەپ يولىغا راۋان بولدى.

ئەمما، يولغا چىقىپلا سادىر يايىنىڭ بېشى قاتتى: «بېرىپ ۋاڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ بولغان ئەھۋالنى دېسە كۈلكىگە قالىدىغان گەپ. كۈلكىگە قالسىلىغۇ مەيلى، ناۋادا ۋاڭ ئاچچىقىدا غەزەپ قىلىپ قالسا، ئۇنىڭغا نېمە كەلگۈلۈك بۇ؟ شۇڭا ئالدى بىلەن ۋاڭنىڭ غەزىپىدىن نېرى تۇرۇش كېرەك ...»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ كۆزىنى يۇمۇپلا

يالغان ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ، سۇلتان ماموتقا ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان گەپنى كۆپتۈرۈپ دېدى:

— ئۇلارنىڭ يۈرىكى ھەقىقەتەن قاپتەك بار ئىكەن. ھەتتا ۋاڭ خوجامنىڭ يارلىقىنىمۇ كۆزگە ئىلماي، بوگون بارالمايمىز، ئەتە ئۆزىمىز بارىمىز، دېدى. بىر تۇتۇشاي دېسەم، مەھەللىسىدىكى ياشلارنى يىغىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن يېنىپ كەلدىم.

بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان ماموتنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى:

— مەندىن پەرمان: ئۇ بەتنىيەتكە 17 پالاق ئۇرۇش جازاسى بېرىلسۇن!

## سەككىزىنچى باب

# جازا ۋە غەزەپ

### 1

سۇلتان مامۇتنىڭ گۇناھكارغا بىۋاستە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقۇقى بولمىغاچقا، ئۇ «17 پالاق جازاسى» نى ئويلاپ تاپقان بولۇپ، بۇ ئىنسان قىلىدىغان ئىش ۋە خىيال ئەمەس ئىدى.

بۇ جازادا بامبۇكتىن ياسالغان كەڭلىكى ئون سانتىمېتىر، قېلىنلىقى يەتتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۇزۇن توت قىرلىق كالتەك ئىشلىتىلەتتى. بۇ قاتتىق جازا بولۇپ، بۇنداق جازاغا ئۇچرىغان گۇناھكارنىڭ يوغان يوتىسىغا ئاشۇنداق پالاق بىلەن 17 پالاق ئۇرۇلاتتى. ئەگەر، گۇناھكار 17 پالاق ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسە، بۇنىڭ سورىقى قىلىنمايتتى. ناۋادا، گۇناھكار 17 پالاق ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆلمەي قالسا، ئۇنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭ كەلگىنى ھېسابلىنىپ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىناتتى.

دېمەك، مەجبۇلىي زورغا بېرىلگەن بۇ جازاغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئوردىدىكى ئاق كۆڭۈل بەگلەر ئاستىرتىن ئادەم ئەۋەتىپ مەجبۇلىي زورغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ ئۇنى قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىشتى.

ئەمما، ئىككىنچى كۈنى ئاشۇاقتى بىلەن مەجبۇلىي زور ئوردا ئىشىكىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغان سۇلتان مامۇت

جاللاتلىرىنى تەخ قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا مەجىلىل ئوردا ئىچىگە كىرىشى بىلەنلا بىرنەچچە ئوردا نۆكىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى يەرگە بېسىۋالدى. مەجىلىل زور بولسا ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدەك قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمىدى. سۇلتان مامۇت بولسا ئېگىز ئوردىنىڭ پەشتىقىدا قومۇل ۋاڭىنىڭ پۇشتىدىن بولغان خانىشى سارە پۇجۇڭ بىلەن جازانى تاماشا قىلىپ تۇرۇشتى. بۇنداق جازانى يۇرتنىڭ يىگىت باشلىرىغا ئىجرا قىلىپ باقمىغان جاللات يۈرىكى ئۇيغان ھالدا مەجىلىل زورنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى جان ئالغۇچى پالاق كۈن نۇرىدا سوغۇق نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى.

— توختا! — دېدى سۇلتان مامۇت كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ، — سادىر يايى، جازانى سەن ئىجرا قىل!

سادىر يايى پالاقنى قولىغا ئالغاندا قولى بىرئاز تىترىدى. مەجىلىلنىڭ جەسۇر قامىتىدىن قورقۇنچ ھېس قىلدى. ئاندىن نەچچە كۈن بۇرۇنقى باغنىڭ سوقما تېمىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئېتىشلار كۆز ئالدىغا كېلىپ قولىغا كۈچ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە كۈچ - مەدەت بېرىپ پالاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەجىلىل زورنىڭ يوغان يوتىسىغا بىر پالاق ئۇردى. چىداپ بولغۇسىز بىر ئاچچىق ئاغرىق سىزىمى مەجىلىل زورنىڭ يوتىسىدىن باشلىنىپ تېز سۈرئەتتە مېڭىسىگە چىقتى. مەجىلىل زور ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ لېۋىنى چىڭ چىشلىدى. سۇلتان مامۇتمۇ، ئەتراپتىكىلەرمۇ ئۇنىڭ غىڭ قىلىپ ئاۋاز چىقارمىغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ جىممىدە تۇرۇپ قېلىشتى. «مېنى بوش ئۇرۇپتۇ دەپ ئويلاپ قالغاندىمۇ؟» دەپ يۈرىكى سۇ بولۇپ قورقۇپ كەتكەن سادىر يايى كۈچەپ ئىككىنچى پالاقنى ئۇردى، ئۈچىنچى پالاقنىمۇ ئۇردى. دەھشەتلىك ئاغرىق سىزىمى مەجىلىل زورنىڭ كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتتى.

تۆت قىرلىق پالاق ھەربىر قېتىم يۇمشاق گۆشكە تەگكەندە قىپقىزىل ئىز قالدۇراتتى. بۇ ئىز سۇسلاپ بولغۇچە رەھىمسىزلەرچە يەنە ئۇرۇلاتتى. ئونىنچى پالاق ئۇرۇلغاندا مەجىلىل زور سېزىمىنى يوقاتتى. قاراپ تۇرغانلار ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقاشتى. سۇلتان ماھۇت زەر تۇتۇلغان رومىلىنىڭ ئۇچىنى چىڭ چىشلىۋالغان سارە خېنىمغا مەسخىرىلىك كۇلۇپ مەجىلىلنى ئىشارە قىلدى. 12 ـ پالاق ئۇرۇلغاندا ئاغرىق تۈپەيلىدىن مەجىلىل ھوشىغا كەلدى. سادىر يايى 14 ـ پالاقنى ئۇرۇپ بولۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە قورققىنىدىن قولىدىكى پالاق يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. چۈنكى كۆچەپ ئۇرۇلغان 14 ـ پالاقتا پالاق پۈچىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئاجرالغان ئۇزۇن بىر تال قىيىندى خۇددى ئىنچىكە ۋە ئۆتكۈر نەشتەردەك مەجىلىل زورنىڭ گۆشلىرى تىلىنىپ، قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن يوتىسىغا سانجىلىپ قالغانىدى.

بۇنى كۆرگەن كىشىلەر «تۇگەشتى» دېيىشتى، ئەمما سەلدىن كېيىن مەجىلىل زور قىمىرلاپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە سۇلتان ماھۇت تۇرغان ئېگىز ئوردىغا بىر نەچچە دەقىقە قارىدى. بۇنى كۆرگەن سادىر يايى خۇددى مەجىلىل زور ئەمدى ئۆزىگە قاراپ شۇ قارىشى بىلەن جېنىنى ئالىدىغاندەك ساراسىمىگە چۈشۈپ پالاقنى تۇتقان پېتى تۇرۇپلا قالدى، ئۇرۇشقا پەقەت جۈرئەت قىلالمىدى.

مەجىلىل زورنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن سۇلتان ماھۇت قېتىپ تۇرۇپ قالغان سادىر يايىغا ۋەھشىيلەرچە ۋارقىرىدى:

— ھەي، سادىر، نېمىشقا ئۇرمايسەن! لىگالار ئاپاڭنى ئالغانمۇ ـ يا! ئۇر!!!

سۇلتان ماھۇتنىڭ غەزەپلىك ۋارقىرىشىدىن قورقۇپ كەتكەن سادىر يايى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ 15 ـ، 16 ـ، 17 ـ پالاقلارنى ئۇرىۋەردى. پالاقلار سانجىلىپ قالغان قىيىندى ئۈستىگە ئۇرۇلۇپ يوتا گۆشلىرىنى لەختە ـ لەختە قىلىۋەتتى. گۆشلەر تىتىلىپ،

پالاقىنىڭ قىرى تەگكەن يەرلەر تىلىنىپ تىلىم ـ تىلىم بولۇپ ساڭگىلاپ قالغانىدى. 17 ـ پالاقنى ئۇرۇپ بولغان سادىر يايى قولىدىكى پالاقىنىڭ قانداق چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن پېتى گۆشلىرى تىتىلىپ كەتكەن يوتىغا قادىلىپ قالغانىدى. مەجىلىل زور بېشىنى يەرگە چىڭگىدە تىرەپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئورنىدىن تۇردى.

بۇنى كۆرگەن جاكارچى ئۆزىمۇ تۇيماي ۋارقىرىدى:

— مەجىلىل زورنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىندى!

مەجىلىل زورنىڭ ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا تۇرۇپمۇ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان مامۇت ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

مەجىلىل زور مىڭ تەستە مېڭىپ ئىككىز ئوردىنىڭ پەشتىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سۇلتان مامۇتقا بىگىزدەك قادالدى. بۇ خىل جاسارەت ئالدىدا 41 تارتىملىق بۇ ئىگىز ئوردا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەجىلىل زور سۇلتان مامۇتقا ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى ۋە پۇتكۇل غەزەپ ـ نەپرىتىنى تەلەپپۇزىغا مۇجەسسەم قىلىپ:

— ۋاڭ خوجام، ھەممەتلىرىگە رەھمەت! — دېدى، ئاندىن «شارتلا» قىلىپ يېنىدىكى پىچاقنى چىقاردى. بۇنى كۆرگەن ئوردا نۆكەرلىرى، كاھلار جىددىيلىشىپ مەجىلىل زورغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئەمما مەجىلىل زور پىچاقنى سۇلتان مامۇتقا ئاتمىدى، ئەكسىچە يوتىسىدا ساڭگىلاپ تۇرغان گۆشىدىن بىر تۇتامنى كېسىپ ئالدى. بۇنى كۆرگەن نۆكەر، كاھلار جايىغا مىخلىنىپ قالدى. باياتىندىن بېرى دەممۇدەم كۆزىنى يۇمۇۋېلىشقا، بارمىقىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرغان سارە خېنىم مەجىلىل زورنىڭ ئۆز گۆشىنى ئۆزىنىڭ كېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدى قاراپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالمىدى ۋە كۆزىدىن ئىختىيارسىز تامچىلاۋاتقان كۆز يېشىنى

سۇلتان ماموۇتنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئېگىز ئوردىدىكى خانىسىغا كىرىپ كەتتى.

مەجىلىل زور قولىدىكى گۆشكە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ:

— خوجام، ئاز بولسىمۇ بۇ گۆشلەرنى تايغانلىرى يېگەي، دەپ سۇلتان ماموۇتقا ئاتتى. بۇنى كۈتمىگەن سۇلتان ماموت قورققىنىدىن كەينىگە داجىپ تەختىراۋاندىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

مەجىلىل زور مەغرۇرانە كەينىگە بۇرۇلۇپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ يىقىلىپ چۈشتى ۋە هوشىدىن كەتتى. بۇنى كۆرگەن سۇلتان ماموت كاهىلىرىغا بۇيرۇدى:

— دەرهال هارۋا تەييارلاپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىڭلار!

مەجىلىل زورغا ياردەم قىلغۇسى كېلىپ سۇلتان ماموۇتنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ قىمىرلىيالماي تۇرغان بىرنەچچە كاھ ۋە نۆكەر دەرهال بېرىپ هارۋا ۋە تېۋىپ تېپىپ كېلىشتى ...

خانىسىغا قايتىۋېتىپ «يائاللا، ئۇنىڭدىكى جان بىر ئەمەس، ئون ئىكەن» دەپ ئويلىغان سۇلتان ماموۇتنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئەمما بىرئاز ئۆتۈپلا بىرنەچچە خىل خۇمارى بىراقلا تۇتۇپ خاس كاهىغا بۇيرۇدى:

— دەرهال دۆلەتباغقا بارايلى. بېرىپ سورۇن تەييارلا.

ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئېگىز ئوردىنىڭ تارتمىسى چۇشۇرۇلۇپ، سۇلتان ماموت تەختىراۋانى بىلەن ئېگىز ئوردىسىدىن چۈشتى ۋە شەرقىي قوۋۇق تەرەپكە جايلاشقان دۆلەتباغقا قاراپ يول ئالدى.

سۇلتان ماموۇتنىڭ تەختىراۋانى بىر خالتا كوچىنىڭ ئاغزىدىن ئۆتكەندە تام كەينىگە مۆكۈۋالغان بىرنەچچە كىچىك بالىنىڭ ئۇنلۇك ئاۋازدا ئوقۇغان قوشىقى ئاڭلاندى:

قارىساڭ خوجام ئوخشايدۇ بىر گۈلگە،
دەرس بېرىدۇ ئۇ قۇۋۇلۇقتا تۈلكىگە.

سۆزىگە قاراپ ئالدىنىپ قالما،
تىرىك تۇرغۇزۇپ تىقار خەقنى گۆرگە.

شۇ تاپتا سۇلتان مامۇت شەھۋەت دەللالى سارىخان لولا تەييارلاپ قويغان قىزنىڭ يېنىغا ئالدىراۋاتقان بولغاچقا قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالدى. دەرۋەقە، مەجىلىل زورنى جازالاش ئىشىدىن خەلق بىردەمدىلا خەۋەر تېپىپ بولغان بولۇپ، بۇ قوشاق خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ئىدى.

## 2

مەجىلىل زور ياڭخىيغا ئېلىپ كېلىنگەندە، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يۇرت ئەھلى قوزغىلىپ كېتىشتى. ئىچى قايناپ بولالمىغانلىرى بىر ـ بىرلەپ مەجىلىل زورنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىشقا باشلىدى. يۇرت خەلقىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن مەترىھىم زور ئاران تۇرغان تاقەتكە هاي بېرەلمىدى. ئۇ تېۋىپلار تەرىپىدىن جىددىي دورا ئەملىنىۋاتقان ئاكىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈندى:

— ئاكا، ماڭا رازىلىق بەر، مەن بىرنەچچە بۇرادەرلىرىم بىلەن كەچلىرى پايلاپ تۇرۇپ ئۇ زالىمنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن. بىزگە ھېچبولمىسا ئۇ مەلئۇننىڭ باغدىكى سېپىق باراۋەت پەيتىدە پۇرسەت چىقۇر.

بۇنى ئاڭلىغان مەجىلىل زور بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— نېمىشقا ئاكا؟ مەن سېنىڭ قىساسىڭنى ئالمىسام قانداقمۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ «مەن زور» دەپ يۈرەلەيمەن؟ — مەترىھىم زورنىڭ ئەلپازى لاۋۇلداۋاتقان گۇلخاننىڭ ئۆزى ئىدى.

— ئۇكام، ئاتامنىڭ نەسىھەتىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ غەزىپىمىز ئەقلىمىزنى يەپ قويمىسۇن. ئوبدان ئويلىنىپ پەيتىنى تېپىپ بىر ئىش قىلۇرمىز.

— ئاكىلىرى توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى مەجىلىل زورنىڭ يارىسىنى كۆرۈپ، ئۆزۈندىن بۇيان تۇرلۇك بىمارلارنى داۋالاپ باغرى قېتىپ قالغان تېۋىپنىڭمۇ كۆز جىيەكلىرىگە ياش ئولىشىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكىلىرى بىر مەزگىل ئوبدان داۋالانمىسا بولمايدۇ.ئالدى بىلەن ئاكىلىرىنىڭ جاراھىتى ساقايسۇن.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش بېسىققان بولدى. لېكىن مەترېھىم زور بىلەن بىرنەچچە ئاغىنىسى بىكار بولۇپ بىر يەرگە جەم بولۇپ قالسا بۇرۇنقىدەك قىزلار ھەققىدە تىللىرىنى تاتلىق قىلىشىپ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن سۆزلىشىشنىڭ ئورنىغا،قانداق قىلسا سۇلتان مامۇتنىڭ ئەدىپىنى تېزرەك بەرگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تۇرلۇك پىلانلارنى تۈزۈشىدىغان بولدى. مەھەللىدىمۇ لوكچۇندە پەيدا بولغان سۇلتان مامۇت ۋاڭ ھەققىدىكى قوشاقلار كۆپىيىپ قالدى:

سۇلتان مامۇت زامانىدا،
ئالۋان - ياساق ئېغىر بولدى.
زالىملارنىڭ قامچىسىدىن،
دۈمبىلەر يېغىر بولدى.

بىرلىرىنى كۆز ئالايتىپ،
يەنە بىرىنى سۆز تالاشتىپ،
دەپ كالتەكتە دۈمبالاپ،
زىندانغا سالار بولدى.

زالىم مەلئۇننىڭ دەستىدىن،
ئۇنىڭ يامان قەستىدىن،
خەلقىمىز ئاھ - زار چېكىپ،
بىئەجەل ئۆلەر بولدى.

ماڭ ئېشىكىم ماڭ،
سۇلتان مامۇت گاڭ.
بىزلەر تېرىپ بۇغداينى،
كىملەر يەيدىكىن تاڭ.

ماڭ ئېشىكىم ماڭ،
سۇلتان مامۇت گاڭ.
كىملەر تېرىپ قوناقنى،
بىز يەيمىزكىن تاڭ.
.........

مەجىلىل زورنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگۈچە يىل ئۆرۈلدى. ئۇ داۋالىنىپ يېتىپ نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى. بولۇپمۇ «بىز ئۇ يەر، بۇ يەردە چېلىشىپ ئۆزىمىزنى نوچى ساناپ يۈرگەن بىلەن يۇرتنىڭ كۆرۈۋاتقىنى شۇ. ۋاڭلىق بىلەن تۇغقاندارچىلىقىمىز بار دەپ كۇنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ، ياغ چايناپ يۈرگىنىمىز بىلەن يۇرتداشلارنىڭ بېشىدىكى كۈلپەتلەرگە قانچىلىك قاياش بولالىدۇق؟ ھېيت - ئايەملەردە تارقىتىۋاتقان بىرەر - يېرىم قوي، بەش - ئون تەڭگە پۇل - پۇچەك بىلەن ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئوخشاش ياشايدىغان قىلالايمىزمۇ؟ مۇشۇ شەھۋەتخور سۇلتان مامۇتلا بولىدىكەن بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز مۇشۇ ئىكەن. خەپ سۇلتان مامۇت ...» دېگەن خىيال ئۇنىڭغا پەقەت ئارام بېرىپ باقمىدى. ئويلىغانچە ئۆزلىرىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۇرت خەلقى ئالدىدا كېرىلىپ يۈرگىنىگە خىجىل بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ تىتىلداپ چاقچاقلىراق ساقىيىشنى كۈتتى. مانا شۇ كۈنمۇ كېلىپ ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك گۈرسۈلدىتىپ دەسسەپ ماڭغۇدەك بولدى.

خۇددى ئۇنىڭ مۇشۇ كۈننى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، شۇ كۈنى

چۈشتىن كېيىن ياڭخىي، تۈيۈق، ياڭخىي كارىز، قاراغوجا ۋە ئاستانىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، سىرداش بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ مېھرىگە، سېخىيلىققا باي باراڭلىق ھويلىسىغا يىغىلدى. ئەمما، دەسلەپكى قىزغىن ئەھۋاللىشىشلار مەجپىلىل زورنىڭ ساقىيىپ كەتكەنلىكى ئۇقۇلغاندىن كېيىن قىساسلىق غەزەپكە ئايلاندى.

— ئاكا، ئەمدى رۇخسەت قىل! — دېدى مەترېھىم زور يەنە شۇ ئەلپازى بىلەن. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئۇنىڭ بىرنەچچە دوستلىرىمۇ تەڭلا شۇ تەلەپنى قويۇپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

— مەنمۇ شۇ خىيالدا، — دېدى مەجپىلىل زور قەتئىيەت بىلەن، — ئەمما كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس دەپتىكەن. شۇڭا ئوبدان ئويلىنىپ ئەپلىك چارە تاپايلى.

— نېمىدىن قورقىمىز، بېرىپ ئۇرۇشساقلا بولمامدۇ؟ — دېدى مەترېھىمنىڭ قېنى قىزىق بىر دوستى.

— بۇ ئىشنى بۇنداق ئاددىي ئويلىساق بولمايدۇ. ئۇرۇش دېگەن يېڭىۋېلىپ كالا بېشى ئېلىپ خاتىرجەم ئۆيگە قايتىدىغان چېلىشىش ئەمەس. ھە، بۇ گەپنى ھازىرچە قويۇپ داستىخاننى بىكارلايلى.

ئاكىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان مەترېھىم زور دوستلىرىنى تەشكىللەپ داستىخان راسلاشقا تۇتۇندى. بىر چاغدا مەجپىلىل زور ئىنىسىنى ئايرىم ئۆيگە چاقىردى:

— مېنىڭ خىيالىم مۇنداق، مەترېھىم سەن دوستلىرىڭ بىلەن دەرھال ئاتلىنىپ قارىغوجا، تۈيۈق، ياڭخىي كارىز، ئاستانىدىكى يىگىت باشلىرىغا خەۋەر قىل، بۈگۈن كەچ بىزنىڭكىدە كېڭەش قىلىمىز.

شۇنىڭ بىلەن مەترېھىملار ئاتلاندى، ھال سوراپ، يۈز كۆرسىتىپ كەلگەنلەر ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

كېڭەش ناھايىتى كەچكىچە داۋام قىلدى، نۇرغۇنلىغان ئورۇنلۇق تەكلىپلەر بېرىلدى، شۇنداقلا باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلىدىغان قىرغىنچىلىق خاراكتېر ئالغان تەكلىپلەرمۇ، ھەتتا

«مانا ئەمسە» دەپ سۇلتان ماموتنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك جاننى ئاتاپ قويىدىغان تەكلىپمۇ بېرىلدى. بىرنەچچە يىگىت مەترىھىم زورنىڭ باشچىلىقىدا ئاشۇنداق قىلىپ كېيىن ئامان قالسا ياقا يۇرتلاردا سەرۇ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپ تۇرۇۋېلىشتى. ئەمما، بۇ تەكلىپلەر بىردەك رەت قىلىندى. ئاخىرىدا كۆپ كېڭىشىپ مۇنداق ئۇسۇلنى ماقۇل كۆرۈشتى:

قۇربان ھېيت يېقىنلىشىپ قالغان بولغاچقا ئايەم كۈنى نەسەب قائىدىسى بويىچە سۇلتان ماموت ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ جەسىتى قويۇلغان ئاستانىدىكى «ئالتۇنلۇق»قا تاۋاپقا باراتتى. ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر ھەر يىلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاۋاپقا بارمىسا بولمايتتى. بولۇپمۇ ۋاڭ بولغان ئادەمنىڭ بۇنىڭدىن باش تارتىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا سۇلتان ماموت ئەيش - ئىشرەتكە ھەرقانچە بېرىلىپ كەتسىمۇ بۇ يوسۇننى ھەر يىلى داۋام قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ «ئالتۇنلۇق»قا زىيارەتكە بېرىشىدا ياڭخىيدىن ئۆتمەي ئامالى يوق ئىدى. مەجبۇلىل زورلار مۇشۇ نۇقتىنى ئەتراپلىق ئويلاشتى.

شۇڭا، ئۇلار ئايەم كۈنى، يەنى 1887 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سۇلتان ماموتنىڭ بۇرۇنقىدەك زىيارەت سەپىرىدە، ياڭخىيدىن شەرتسىز ئۆتۈپ ئاستانىگە بېرىشىگە يول قويمايدىغان بولدى. بۇنىڭدا ئۇلار شۇ كۈنى «ساقىلى ئۇزۇن»نىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بىر چارچاڭ داستىخان تەييارلايدىغان بولدى. سۇلتان ماموت «ساقىلى ئۇزۇن»نىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، يۇرت خەلقى سۇلتان ماموتنى ئاتتىن چۈشۈپ داستىخانغا ئۆزىنىڭ ئېغىز تېگىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىغان، ئەگەر بۇنى رەت قىلسا، ئۇنى بۇ يولدىن ئۆتكۈزمەسلىكتە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان بولدى. بۇنىڭدا ۋاڭلارنىڭ مۇنداق بىر رەسىم - قائىدىسى چىقىش قىلىنغانىدى: ۋاڭ سەپەرگە چىققاندا، يول ئۈستىدە ھەرقانچە زۆرۈرىيەت بولسىمۇ، ئۆزى ئۇچۇن مەخسۇس

بەلگىلەنگەن جايغا بارمىغۇچە ئاتتىن ھەرگىز چۈشمەيدىكەن. ناۋادا چۈشكۈن قىلىپ قويسا ئۇنىڭ ۋاكالىق ئىناۋىتىگە قاتتىق تەسىر يېتىدىكەن. ئېنىقكى، سۇلتان مامۇت «ئالتۇنلۇق»قا بېرىشتا ھەرگىزمۇ ياڭخىنى چۈشكۈن قىلىدىغان ئورۇن قىلىپ تاللىمايتتى. مەجبىلىل زورلار بۇنى ئالدىن پەرەز قىلىپ يەتكەن بولغاچقا، سۇلتان مامۇتنى قىستاپ ئىش چىقىرىپ، ئالدىن ئۇنىڭغا قول سېلىشنى پىلانلىغانىدى.

## توققۇزىنچى باب

# ئەمەلگە ئاشمىغان زىيارەت

## 1

دەرۋەقە، ئۆزىنى جاھاندىكى بىردىنبىر ۋاكىدەك ۋە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك سېزىپ، تېرىسىگە پاتماي قالغان سۇلتان ماموت ئايەمگە بىر ھەپتە قالغاندىلا ئۆزىگە مۇشۇنداق پاراغەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك كۈنلەرنى مىراس قىلىپ قالدۇرغان ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئىززەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن «ئالتۇنلۇق» زىيارىتىنىڭ تەييارلىقىنى باشلىۋەتكەنىدى.

ئەلپەتتاھ ـــ (ئەسلىي ئىسمى ئابدۇلپەتتاھ) 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ (مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇلكېرىم) ئۇستازى ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئوغلى. ئەبۇ ناسىر سامانى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، قاراخانىيلار خانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۆھپە قوشقان. ئەلپەتتاھ خوجا ئاتىسى بىلەن بىرگە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام ئېچىش كۆرەشلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. مىلادىيە 948 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خانلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوشۇن تارتىپ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تۆھپە كۆرسەتكەن ۋە «ئالىپ تىكىن» (قەھرىمان شاھزادە) دېگەن

نامغا ئېرىشكەن. شۇ مەزگىلدە قەشقەر، يەكەنلەردە ئىسلام دىنىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، قاراخانىيلار خانلىقى ئۇنى قوچۇدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن. مىلادىيە 960 ـ يىلى ئەلپەتتاھ خوجا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىپ، قوچۇ دۆلىتى تېررىتورىيەسىدە ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرماقچى بولغان ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، كۇچا، قاراشەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، خانلىقنىڭ لەشكەرگاھى بولغان يارغول شەھىرىنى بېسىۋالغان ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئاستانىگە (ئىدىقۇت شەھىرىگە) قىستاپ كەلگەن. بۇ قېتىم قوچۇ دۆلىتىنىڭ خانى ئارسلانخان قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئەلپەتتاھ خوجا بىلەن ئېلىشقان. لېكىن، ئەلپەتتاھ خوجىنىڭ قوشۇنلىرى غالىب كېلىپ ۋەزىيەت ئارسلانخانغا پايدىسىز بولۇۋاتقاچقا، ئۇ «دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرىسىگە باشلاپ كىرىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىن خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىققا قاراپ چېكىنگەن. ئارسلانخان تەڭرىتېغىنى كېسىپ ئۆتىدىغان، جۇغراپىيەلىك شارائىتى ئەپلىك بولغان تاغ يولى ئېغىزىغا نۇرغۇن لەشكەرنى پىستۇرمىغا قويۇپ، ھەل قىلغۇچ جەڭگە تەييارلانغان. ئەلپەتتاھ خوجا ئارسلانخاننى قوغلاپ بوغدا چوققىسى ئەتراپىدىكى پىستۇرما قويۇلغان جايغا يېتىپ كەلگەندە، ئارسلانخان تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئەلپەتتاھ خوجىنى مەغلۇپ قىلغان. ئەلپەتتاھ خوجا شۇ قېتىمقى جەڭدە شېھىت بولغان. ئۇرۇشتا غالىب كەلگەن ئارسلانخان قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قاراخانىيلار قوشۇنلىرى بېسىۋالغان يارغول، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغان ۋە قاراخانىيلار قوشۇنلىرىنى قارا قوچۇ زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، غەربتە كۇچانى پاسىل قىلىپ، ئۇزۇنغىچە مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

خانى ئارسلانخان قاراخانىيلار كېڭەيمىچىلىكىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە كۇچانىڭ بېرىسىگە ئۆتەلمىگەن.

تارىخىي كىتابلاردا يېزىلىشىچە، تۇرپان بۇددىستلىرى خىزىرخان خوجىنىڭ جازا يۈرۈش قىلىشى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. قوچۇ خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەلپەتتاھ خوجىنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى بوغدا چوققىسى ئەتراپىدىكى «توپ ئاتار خوجام» (ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) دېگەن جايدىن يۆتكەپ كېلىپ، ئاستانىدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە چوڭ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلغان ۋە ئەتراپىغا جامائە بەرپا قىلغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خىزىرخان خوجا تۇرپاننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇلپەتتاھنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كېلىپ، ھازىرقى ئاستانە يېزىسىغا دەپنە قىلغانىكەن.

«ئۇلۇغ»لارنىڭ ئايىغىدا يېتىش ــ ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئابدۇلپەتتاھ مازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر ئىمىن ۋاڭ جەددى ـ جەمەتلىرىنىڭ قەبرىگاھى بولۇپ كەلگەن. لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا قېرى ـ چۆرىلەر تۇگۇل، ھەتتا ئاغىچا خېنىملارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكەن پەرزەنتلىرىگىچە ھەممىسى دېگۈدەك ئابدۇلپەتتاھ مازىرىغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىنىغان. ۋاڭ جەمەتى ئىگىلىگەن بۇ قەبرىستانلىق ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتالغان. بۇنداق ئاتاش ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئەلپەتتاھ مازىرىدىكى ئالتۇنلۇقنىڭ ئەسلىدىكى كۆرۈنۈشى مۇنداق: ئاستانە بازىرىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدىن جەنۇبىغا تەخمىنەن 50 قەدەم ماڭغاندا ئەلپەتتاھ غوجام مازىرىنىڭ

ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرى كۆرۈندۇ. ئەلپەتتاھ دەپنە قىلىنغان گۈمبەز ئىچى بەكمۇ سۈرلۈك بولۇپ، گۈمبەزنىڭ تەكتىگە قەۋەت ـ قەۋەت پايانداز لار يېيىتىلغان. ئادەمنىڭ مۇرىسىگە تەڭ كەلگۈدەك قوپۇرۇلغان قەبرە تۇلۇقى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن نەقىشلەنگەن. يوپۇقلار بىلەن يۇركەنگەن تام ـ تورۇسلىرىغا مىخلانغان نۆكچىلەر قادالغان. مازارنىڭ ئىچىدە قەسىر ـ ئايۋانلىرى ھەيۋەت ئىككى قەۋەتلىك مەدرىسە ھۇجرىلىرى بولۇپ، شۇ زامانلاردا تۇرپان بويىچە ئەڭ چوڭ مەدرىسە ئاتىلىپ، نەچچە يۈزلىگەن تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىدىكەن.

ئىلىدا ئون ئەۋلاد ھاكىمبەگ خوجا بولۇپ دەۋر سۈرگەن ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇسا ۋاڭمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسى غەلىتە ياسالغان بولۇپ، مەلۇم بولۇشىچە، مۇسا ۋاڭ ئىلى كۈرە جياڭجۈن مەھكىمىسى دەۋرىدە چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (مىلادىيە 1762 ـ يىلى) ئىلىنىڭ ھاكىمبەگ غوجىلىقىغا تەيىنلىنىپ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ تۆھپە ياراتقانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۆتىنچى خانى چيەنلۇڭنىڭ مۇكاپاتلىشىغا نائىل بولغان ھەمدە چيەنلۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مۇسا ۋاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جەسىتى ئالتۇنلۇقتا خۇددى ئورۇندۇق يۆلىنىدىغان ئون مېتىر ئېگىزلىكتە تۆت بۇزا تام قوپۇرۇلۇپ، شۇ ئېگىزلىككە ياسالغان گۆرلۈككە دەپنە قىلىنغان.

ئەلپەتتاھ غوجام مازىرى بىلەن ئالتۇنلۇقنى ئاستانە يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى يېڭىتۇر مەھەللىسىدىكىلەر مەخسۇس باشقۇرۇپ كەلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى: ئاستانە ۋە قاراغوجا يېزىسىدىكىلەر ئاساسەن مۇرتۇق غول بۇلاق سۈيىگە تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەن، مۇرتۇق سۈيى سىڭگىم ئېغىزى ئارقىلىق قاراغوجا يېزىسغا كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈنۈپ يېرىمى قاراغوجا يېزىسىغا، يېرىمى ئاستانە يېزىسىغا ئايرىلىدۇ. دەل ئاستانە يېزىسىغا ئايرىلغان سۇ تومىلار ئارقىلىق ئاۋات سۈيى،

يۇرت سۆيى، خوجام سۆيى، يېڭىتۇر سۆيى دەپ تۆتكە ئايرىلىدۇ. يېڭىتۇر سۆيى دەپ ئايرىلغان سۆنى ئەلپەتتاھ خوجام مازىرى بىلەن ئالتۇنلۇقنى باشقۇرىدىغان يېڭىتۇر دېھقانلىرى مەخسۇس باشقۇرىدۇ. بۇ ئىمىن ۋاڭ دەۋرىدىن تارتىپ شەكىللەنگەن ئادەت. لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىدا بىرى قازا تاپسا، مەيلى چوڭ كىشى ياكى كىچىك بالا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يېڭىتۇر دېھقانلىرى خەۋەر تاپقان هامان لۇكچۇنگە بېرىپ «ۋاي خوجام» دەپ يىغلاپ، تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ، ئالتۇنلۇققا ئاپىرىپ دەپنە قىلىدۇ.

تۇرپان ۋادىسى ئىسلامىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، ئەلپەتتاھ خوجام بارا - بارا مەشھۇر بولۇشقا باشلىدى. ئەلپەتتاھ ئەۋلادلىرىدىن مىرۋەلى، مىرمەختۇم دانى، مىرقاسىم، مىرھەبىبۇللا، مىرسوپى خوجا قاتارلىقلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بۇ مازارغا سەپتەگۇر ۋە ئاستانىگە دىنىي ھۆكۈمران بولغانىدى. ئىسلامىيەتتىكى سوپى - ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئۇزلۇكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، سوپى خوجا ۋە نىياز خوجىلار يەرلىكتىكى چوڭ دىنىي ھۆكۈمرانلارغا ئايلانغان. بۇ مەزگىللەردە سوپى خوجا ۋە نىياز خوجىلار لۇكچۇن، تۇرپاندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «جەۋھىرى سۇلۇك» ۋە «تەسەۋۋۇپ» يولىنى تۇتۇپ، تەرىقەتچىلىك گۇرۇھىنى شەكىللەندۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەزھەپ پەيدا قىلىپ، سوپىلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىگە نۇرغۇن «مۇرىت» توپلىدى. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم مۇسۇلمانلار سوپى - ئىشانلارنىڭ سىرتمىقى ئاستىدا ئۇلارنىڭ سادىق ئىتائەتمەن قوشۇنىغا ئايلاندى. نىياز خوجا — دەل ئىمىن خوجىنىڭ ئاتىسىدۇر. بۇ دەۋردە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئۇزۇل - كېسىل يىمىرىلىپ، يەكەن خانلىقى خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن، جۇڭغار خانلىقى بولسا يەرلىك بەگ - خوجىلارنىڭ قولى بىلەن پۈتكۈل شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى. لۇكچۇن، تۇرپانلاردا شەھەر بەگلىكى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان

بولۇپ، چاغاتاي نەسەبىدىكى يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان ئابدۇل ئەھمەت ھاجى بەگنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئاقسۇلتان بەگ تۇرپانغا، ئەھمەد باقى بەگ (يەرلىك كىشىلەر «كىچىك بەگ» دەپمۇ ئاتايدۇ) لۇكچۇنگە بەگلىك قىلغانىدى.

ئالدىنقى قېتىم سۇلتان مامۇت ئالتۇنلۇقتىكى زىيارىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇلۇغ پەدەرىنىڭ شانۇ شەۋكىتىنىڭ سىمۋولى بولغان مۇنارغا قاراپ ماڭدى.

يىراقتىن مۇنار ئۆز ھەيۋىتىنى نامايان قىلىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. سۇلتان مامۇت يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشۈپ ئۆمىلەپ دېگۈدەك مۇنارنىڭ ئالدىغا باردى. مانا ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 187 گەز، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 127 گەز كېلىدىغان، قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىگە ئوخشىتىپ سېلىنغان، دەرۋازىسى كۈنچىقىشقا قارىغان كاتتا مەدرىسە، مەدرىسەنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدە پەشتاق، مەرەپ شەكىللىك پەنجىرىلىرى بار. پەشتاقتا يانداش ئىككى گۈمبەز ۋە شىمال، جەنۇب، غەرب تەرەپلىرىدە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاشمايدىغان 49 گۈمبەز بولۇپ، بۇلار بىر-بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. مەدرىسەنىڭ ئوتتۇرا قىسمى چوڭ جامە بولۇپ، ئۇزۇنىسىغا سەككىز، كەڭلىكىگە تۆت قۇردىن رەتلىك قىلىپ 32 تال ياغاچ تۈۋرۈك قويۇلۇپ ئۈستى يېپىلغانىدى.

مەدرىسەنىڭ يېنىدا بولسا كۆككە بوي سوزغان مۇنار — ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئۇلۇغ پەدەرىنىڭ يىقىلماس روھى قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. مۇنارنىڭ ئۈستىگە گۈمبەزسىمان قۇببە چىقىرىلىپ توق يېشىل سىردا سىرلانغان. مۇنارنى بويلاپ 14 روجەك ئېچىلغان بولۇپ، ئۇلار مۇنار ئىچىگە يورۇق چۈشۈرۈش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيتتى. مۇنارنىڭ ئىچىگە بۇرما شەكىللىك مەركىزىي تۈۋرۈك ۋە ئۇنى بويلاپ 72 پەلەمپەي ياسالغان. بۇ پەلەمپەيلەر ئارقىلىق مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىققاندا

تۆرپانىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. مۇنارنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى خۇددى غايەت زور تورسىمان بۇرما مىخقا ئوخشايتتى. ئوتقاشتەك خىشتا قوپۇرۇلغان، خىشلارنى تىزىش ئارقىلىق تاش، ئۆرۈكەش، گۈل بەرگى، رومبا قاتارلىق نەقىشلەر بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ چىقىرىلغانلىقتىن تولىمۇ كۆركەم كۆرۈنەتتى. مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان ئىشىكنىڭ ئۈڭ تەرىپىدە مۇنار ۋە مەدرىسەگە ئاتاپ تاراشلانغان چوڭ بىر پارچە تاشقا ئويۇلغان پۈتۈك ئورنىتىلغان بولۇپ، تاش پۈتۈكنىڭ بىر تەرىپىگە ئۇيغۇر يېزىقىدا، يەنە بىر تەرىپىگە خەنزۇ يېزىقىدا ئويۇلغان تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى سۇلتان مامۇت ھەۋەس ۋە ئېھتىرام بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئوقۇدى:

«ئۇلۇغ ئاللا بىزنىڭ ئىگىمىز،
ھەممە ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج.»

زامان پادىشاھلىرى ۋە دەۋرىمىزنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى، ئادالەت ۋە ياخشىلىقنىڭ ئىگىسى، تىنچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ سەۋەبچىسى، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان پەيغەمبەر شەرئىتىنىڭ راۋاجلاندۇرغۇچىسى، مۇستاپا تەرىقىتىگە زىننەت بەرگۈچى سۇلايمان سانى، يەنى جاھان پادىشاھى ئىنانچىخان ئىمىن خوجىنىڭ كۆز نۇرى بولغان پەھلىۋان يىگىت بۇ سائادەتلىك، بۇ نۇرلۇق مەدرىسەنى ۋە نەقىشدار مۇنارنى سالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھتەك يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاتىسى، خۇدانىڭ مەرھەمىتى ۋە ياردىمى بىلەن مۇبارەك تەن سالامەتلىكلىرى 83 ياشقا يەتكەن چاغدا، تەشەككۈر بىلدۈرۈش شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىنىڭ يولىدا ئاتاپ، ياخشى نىيەت ۋە ئالىي ھىممەت بىلەن سەدىقە قىلدى. بۇ مەدرىسە بىلەن مۇنار تارىخىي ھىجرىيە 1192 -

يىلى (مىلادىيە 1778 ـ يىلى) مۇچەل ھېسابىدا چاشقان يىلىدا سىپىلىنىغان بولۇپ، ئۇز يېنىدىن 7 مىڭ سەر كۈمۈش خەجلىگەن.»

سۇلتان مامۇت مۇنارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ يىراقلارغا نەزەر سالغىنىدا ئۇنىڭدا: «ئۇلۇغ بوۋىلىرىم ماڭا مۇشۇنداق گۈزەل ۋە كەڭرى زېمىننى قالدۇرۇپتۇ. شۇڭا مەن بۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىشىم كېرەك» دېگەن ئوي كەچكەن ۋە كۆچەيگەنىدى.

## 2

17 ـ ماي كۈنى ئەتىگەندە، كىچىك باللار ئاتا ـ ئانىسىنى بىرمۇنچە قاقشىتىشىپ سەھەرنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنىڭ مېھرىدىن ئاران كېچىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئەمما، ئۇيقۇسىنى ئېچىۋېلىپ يۈزلىرىنى چالا ـ بۇلا يۇيۇشۇپلا جۈجەم بېشىغا يۈگۈرۈشتى. بۇ كۈنلەردە جۈجەمنىڭ يېڭى پىشىشقى بولۇپ، شىرنىسىگە تازا تويۇنۇپ پىشقان جۈجەمنى سەھەر تۇرۇپ ئاچ قورساققا بىر مەرتەم يەۋەتسە ... بۇنىڭ ھوزۇرى ئالامەت ـ دە! ئېغىزلار خۇشبۇي، قوللار شىرنىلىك ۋە رەڭدار ...

كىچىك باللار ئۇ دەرەختىن بۇ دەرەخقە يامىشىپ يۈرۈپ ئاق جۈجەم ۋە چىڭگىل جۈجەملەرنىڭ تازا پىشقانلىرىنى يېيىشىپ شوخلۇق قىلىشىۋاتاتتى. قول يەتمىگەن يەرلىرىنى ياكى بېرىشقا جۈرئەت قىلىشالمىغان ئىنچىكە شاخلاردىكى جۈجەملەرنى كۆچەپ قېقىشىپ قويلىرىغا تېرىپ بېرىش ئۇچۇن تەييارلىق قىلىشىۋاتاتتى. ئارىدا ئۇنۇپ قالغان ئىككى تۈپ قارا جۈجەم يېنىدا بىرنەچچە بالا ياۋاشراق بىر بالىنىڭ ئاغزىغا مەجبۇرى بىرنەچچە تال قارا جۈجەمنى تىقىپ قويۇپ ئارقىدىن قوشاق ئېيتىپ ئۇ بالىنى تېرىكتۇرۇپ ئوينىۋاتاتتى:

قارا جوجەمنى يېمىگىنز.
قارا جوجەمنى يېسىگىنز،
قارىيىپ قالىدۇ بىرمىگىنز.
قارىيىپ قالسا بىرمىگىنز،
تېرىكمىدۇ ئانىگىنز.

شوخ باللار قوشاققا كەلتۈرۈشۈپ ياۋاش بالىنىڭ چۈچىقىنى تۈتۈشقا ئۇرۇناتتى. ياۋاش بالا يىغلىغۇدەك بولۇپ ئۆزىنى ئۇلاردىن قاچۇراتتى. بىر چاغدا دەرەخنىڭ ئېگىز يېرىگە چىقىۋېلىشقان بىرنەچچە بالىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك، ئەمما بېزەپ ئويۇنىغا چەك قويدى.

— هوي، كېلىۋاتىدۇ، بىر توپ ئاتلىقلار كېلىۋاتىدۇ!

— بەك جىق ئاتلىق ئادەملەر كېلىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ ۋارقىرىشىغا كىچىك باللارغا قارىغاندا چوڭ ئادەملەر بەكرەك دىققەت قىلىشتى ۋە جىددىي هالەتكە ئۆتۈشتى.

بۇ خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەن ساقىلى ئۇزۇننىڭ [1] دەرۋازىسى ئالدىغا تۇزۇلگەن سورۇن بىرئاز تۇزەشتۇرۇلدى. چوڭ ياغاچ كارىۋاتقا داستىخان راسلانغان بولۇپ، توپلىشىۋالغان جامائەت ئاستانە تەرەپكە ماڭغان يولنى توسۇۋېلىشقانىدى. پەقەت تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر بولسا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۇزۇن سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. بۇ خۇددى سۇلتان ماۋۇتىنىڭ ئىستىقبالىغا هۆرمەت ئۈچۈن چىققان كىشىلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى.

بىر توپ ئاتلىق كوچا بېشىدا كۆرۈنگەندە ئالىمان تەۋرەپ كېتىشتى. قەلبىدە قىساس ئوتى يانغانلارنىڭ بولسا مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلدى.

---

[1] ساقىلى ئۇزۇن — پىچان ناھىيە تويۇق يېزىسى ياڭخى كەنتىدىكى بىر ئورۇننىڭ نامى.

بۇ ئاتلىقلار ئەللىكچە بولۇپ، بېشىغا مونچاق قادالغان ئىنانچىخانلىق مەنسەپ قالپىقى، ئۇچىسىغا قارامتۇل كىمخاپتىن گۇللۇك ئېسىل تون، بېلىگە ھەرخىل قىممەت باھالىق تاشلار قادالغان كەمەر باغلىغان سۇلتان مامۇت توپنىڭ ئالدىدا شاھانە بېزەلگەن نەسىللىك ئاتتا غادىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ يول بويىدىكى مەنزىرىلەرگە ۋە كىشىلەرگە ئېرەنسىزلىك بىلەن قىيا قاراپ قوياتتى. ئۇلار ساقىلى ئۇزۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېقىنلاشقاندا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە زىچچىدە تۇرۇپ كېتىشكەن كىشىلەرنى كۆرۈپ سۇلتان مامۇت ئۆزىنىڭ سەلتەنەتىنىڭ نەقەدەر زورلۇقىنى، سۇر ـ ھەيۋىسىنىڭ ھېچنېمىدىن، ھېچكىمدىن قېلىشقۇسىز ئىكەنلىكىنى خەلقنىڭ بۇنچىلىك ھۆرمەت بىلدۈرۈشىنىڭ ئۇلارنىڭ قىلىشى چوقۇم بولغان شەرتسىز ئىتائەتمەنلىكى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ، گەۋدىسىنى رۇسلاپ، چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرتتى.

ئۇلار داستىخان سېلىنغان دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە توپنىڭ ئىچىدىن ئۇچەيلەن چىقىپ سۇلتان مامۇتنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار مەجېلىل زور، مەترىھىم زور ۋە ئەختەرىدىن ئىدى. ئۇلار ئېتىنىڭ يۈرۈشىنى ئاستىلاتقان سۇلتان مامۇتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېھتىرام بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. سۇلتان مامۇت بىرلا قاراپ مەجېلىل زورنى تونۇغان بولسىمۇ «مانا، ياۋاشلاپ مۆمىن يۈقرايىمغا ئايلىنىپسەن» دەپ ئويلاپ تونۇماسقا سېلىۋېلىپ قېتىۋالدى ۋە مەجېلىل زورلارغا قاراپمۇ قويماستىن يېنىدىكى باش كاھتىن سورىدى:

— بۇ يىگىتلەر كىم؟

باش كاھ مەجېلىل زورغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ ئاستا جاۋاب بەردى:

— بۇلار ياڭخىيدىكى ئۆمەر دورغىنىڭ بالىلىرى.

سۇلتان مامۇت بىردەم تۇرۇپ كېتىپ ئاران يادىغا ئالغاندەك

بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى سىلىكىدى. ئات ئەمدىلا بىر قەدەم ئېلىشىغا مەجىلىل زور ئاتنىڭ ئالدىنى توستى:

— ۋاڭ خوجام، بىز سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا سالام بەرگىلى كەلىمدۇق.

بۇ ئۈچ يىگىتنىڭ چىرايى ئەمدى جىددىي تۈس ئالغانىدى. سۇلتان مامۇت ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى روشەن ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى.

مەتريېم زور غەزىپىنى ئاران بېسىپ تۇرۇپ گەپنى ئۈچۇق ۋە ئۇدۇللا دەۋەتتى:

— يۇرت خەلقىنىڭ سىلىگە تەييارلىغان ئازراق چىپىي بار ئىدى. ئېغىز تېگىپ ئۆتكەن بولسىلا يۇرتىمىزنىڭ شەرىپى بولار ئىدى.

سۇلتان مامۇت چىرايىدىن خۇددى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغان قىياپەتنى چىقىرىپ ئاتنى دېۋىتتى. باش كاھ بولسا ھۆرپەيدى:

— يولنى بوشات. ۋاڭ خوجامنىڭ بۇنىڭغا ۋاقتى يوق.

مەجىلىل زور ئالدىغا چىقىپ يەنە ئاتنىڭ يولىنى توستى.

— بېگىم، بۇ بىزنىڭ ياخشى كۆڭلىمىز، — دېدى ئۇ باش كاھقا. — يۇرت خەلقى ۋاڭ خوجامغا كۆڭلىنى بىلدۈرىمىز دەپ تەييارلىق قىلىپ مۇشۇ كۈننى كۈتۈۋاتقىلى خېلى بولدى.

گەپ قارىماققا يوللۇقتەك ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاچچىق غەلىيان بولسا دەھشەتلىك قۇتراۋاتاتتى. بىراق، بۇ ئەقىلسىز ۋاڭ بۇنى زىنھار ھېس قىلىپ يېتەلمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ كېرىلدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىچە ئۆزىنىڭ نەزىرىدە ئايىغى ئاستىغا يىقىلىشقا تەييار تۇرۇۋاتقان بۇ خەلققە ئازراق ئىلتىپات كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى.

— بوپتۇ، توختاڭلار! — دېدى ئۇ ئارىدىكىلەرگە ئىشارە قىلىپ، — يۇرت ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرساق بولمايدۇ.

بۇ گەپتىن «ۋاڭ ئەجەب قائىدىنى بۇزدىغۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن

ھەر ئىككى تەرەپ گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ۋاڭنىڭ بۇنداق قىلىشىنى كۈتمىگەن مەجىلىل زورلار ئەمدى قانداق تەدبىر تۈزۈشنى دەماللىقا بىلەلمەي قېلىشتى. سەلدىن كېيىن بولسا مەجىلىل زورنىڭ خىيالىدىن بىر نەرسە كېچىپ ئۆكسىغا چوڭقۇر مەنىلىك ئىشارەتتىن بىرنى قىلدى. مەجىلىل زورنىڭ «ۋاڭنىڭ ئاتتىن چۈشكىنى ئەجدادلىرىنىڭ ئۆدۈمىنى كېرەك قىلمىغىنى. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق غەلىبە بولامدۇ» دېگەن ئىشارىنى مەتريەم زورمۇ دەرھال چۈشىنىپ يېنىك تىن ئالدى.

ئەمما، سۇلتان ماموتنىڭ ئىشى ھەر ئىككىلا تەرەپ ئويلىغاندەك بولمىدى.

سۇلتان ماموت ۋاڭ ئوتتۇرىدا كېلىۋاتقان ئىبراھىم تەيجىنى چاقىرىپ ئۆزىگە ۋاكالىتەن داستىخانغا بېرىپ مەزەلەرگە ئېغىز تېگىشكە بۇيرۇدى. بۇ بۇيرۇق بىلەن نۆكەرلەرنىڭ تەكەببۇر، سوغۇق تۇرقى ۋە مەجىلىل زورلارنىڭ ھالىتى يەنە دەرھال ئەسلىگە كەلدى.

ئەمدى كەينىگە داجىپ سۇلتان ماموتقا يول ئېچىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقان مەجىلىل زور بۇ گەپ بىلەن يەنە ئورنىدا مىختەك تۇرۇۋالدى:

— ياق، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، — ۋاڭ خوجامنىڭ ئۆزى ئېغىز تەگمىسە بولمايدۇ. ۋاڭ تۇرۇپ ئۆز خەلقىنىڭ ساداقىتىنى قوبۇل قىلمىسا قانداق بولىدۇ.

ئەمما، سۇلتان ماموت بۇ گەپكە پىسەنت قىلماي ئېتىنى كۆچەپ دېۋەتتى. مەتريەم زورمۇ بۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ ئاكىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ سۇلتان ماموتقا روبىرو تىكىلدى:

— ئەگەر، ۋاڭ خوجام داستىخىنىمىزغا داخىل بولمىسا، بۇگۈن ۋاڭ خوجامنى ئالتۇنلۇققا ماڭدۇرمايمىز!

گەپنىڭ ئۇرانى ۋە مەزمۇنىدىن سۇلتان ماموتلا ئەمەس، ئۇنىڭ نۆكەرلىرى ۋە خاس كاھلىرىمۇ جىددىي بىر ھالنى سېزىشىپ چۆچۈشتى.

شۇندىلا سۇلتان مامۇت بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ يەرگە توپلانمىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. شۇڭا ئۇ ۋاڭلىق غەزىپى بىلەن ئېتىنى توپقا قارىتىپ دېۋەتتى. ئەمما مەترېھىم زور ئاتنى ئۈركۈتۈپ ئاتنىڭ بېشىنى توغرىسىغا قىلىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن سۇلتان مامۇتنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، ئاچچىقتىن تاتىرىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا كاھلاردىن بىرى كېلىپ سۇلتان مامۇتنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ئاتنى ئاستانە تەرەپكە قارىتىپ ماڭدۇرۇۋەتتى. ئەمما ئات ئۈچ قەدەم مېڭىشىغا، جىددىي پەيتلەردە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان كۈچتۈڭگۈر يىگىت مۇھەممەت ئابدۇللا يۈگۈرۈپ بېرىپ، كاھنىڭ قولىدىن چۇلۋۇرنى سىلكىپ تارتىۋالدى ۋە ئاتنىڭ بېشىنى لۈكچۈن تەرەپكە قارىتىپ ماڭدۇرۇۋەتتى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئىچىدىكى مۇشۇ ئىشقا تەييارلانغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكى توختىغاندەك، قوللىرىغا قايتىدىن كۈچ كىرگەندەك بولدى.

ئېتىنىڭ بېشى لۈكچۈن تەرەپكە قارىتىپ قويۇلۇشى بىلەن غەزەپ ئوتى چېكىگە يەتكەن سۇلتان مامۇت:

— يولنى ئاچ! — دەپ ۋارقىراپ كاھلىرىغا قول ئىشارىتى قىلدى. بىرنەچچە كاھ مۇشۇ ئىشارەت بىلەن ئوردا ئىچىدىكى كۆرەڭلىكلىرى بىلەن خەلق توپىغا بېرىپ توڭلۇق بىلەن: «ئاچە، يولنى ئاچە!»، «ۋاڭ خوجامنىڭ يولىنى توسۇپ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟» دەپ ۋارقىرىشىپ، ھەيۋە قىلىشىپ كىشىلەرنى تۈرتۈپ، ئىتتىرىشكە باشلىدى. ئەمما، كىشىلەر كاھلارنىڭ ئىتتىرىشلىرىگە پىسەنت قىلماي يولنى ئېچىپ بەرگىلى زىنھار ئۇناشمىدى. كاھلار خېلى كۈچەپ بېقىپمۇ ئازراقمۇ يول ئاچالمىغاندىن كېيىن پەسكويىغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئەگەر، ئوردىدا، لۈكچۈندە بولىدىغان بولسا كاھلار كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغۇچىلا يولنى داغدام ئېچىۋەتكەن، ھەتتا ھەممىسى يول بويىدا ئېگىلىپ تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرگەن بولاتتى. ئەمما بۇ

كىشىلەر ... ئامالسىز قالغان كاھلار توقماقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سۇلتان ماموتقا قورقۇمسىراپ قاراشتى. سۇلتان ماموت دەرغەزەپ بولۇپ ۋارقىرىدى:

— كۆزدىن يوقات بۇلارنى!

قوللىرىغا قىلىچ، توقماقلىرىنى ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرغان نۆكەرلەر ئەلپازىنى بۇزۇشقىنىچە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. بىر چەتتە ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرۇشقان مەجبىلىل زور دەرھال توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تەخلىنىپ تۇرۇشتى. نۆكەرلەر كېلىپلا مەتربەم زورنى ئۇرۇش ئۈچۈن توقماقنى ئىشقا سالدى. ئەمما مەتربەم زور قىلچە تېنەپ قالماي توقماقنى تۇتۇۋالدى ۋە توقماقنى ئالدىغا تارتىپ نۆكەر كۈچ ئېلىشالماي ئۆزىنىڭ ئالدىغا دەلدۈگۈنۈپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ توقمىقى بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۈچۈرۈۋەتتى. ئەتەرىدىنى ئۇرماقچى بولغان نۆكەرنىڭ ھالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى: نۆكەر توقماقنى ئېگىز كۆتۈرۈشى بىلەن ئەتەرىدىن بىر قەدەم ئالدىغا چامداپ توقماق ئۆزىگە تېگىپ بولغۇچە نۆكەرنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى ۋە بىرلا كۈچەپ نۆكەرنىڭ تۆت بارمىقىنى ئۈگىلىرىدىن چىقىرىپ بىر - بىرىگە قاتلاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن نۆكەر قولىدىكى توقماقنى تاشلاپ ۋاي - ۋايلىغىنىچە كەينىگە داجىدى. قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كەلگەن يەنە بىر نۆكەر بولسا مەجبىلىل زورنىڭ سۇرلۇك چىرايىنى تونۇپ قېلىپ قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئوردىدىكى جازا مەيدانىدا تىتىلىپ كەتكەن گۆشىنى پىچاق بىلەن كېسىۋاتقان كىشى كۆرۈنگەندەك بولۇپ قولىغا تىترەك ئولاشتى، ئەمما كەينىگە يېنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئاخىر بولماي مەجبىلىل زورنى ئەگىپ ئۆتۈپ باشقا كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. نۆكەر مەجبىلىل زورنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈشى بىلەن مەجبىلىل زور ئۇنىڭ يانپىشىغا بىر تېپىپ يول بويىدىكى سۇيى ئەمدىلا توختىغان ئېرىققا چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغان

باشقا نۆكەرلەر ئەقلىنى ئىپىشىپ ھەدەپ باشقا كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۆرۈندى. ئەمما مەجبىلىل زور، مەتربھىم زور، ئەختەرىدىن، مۇھەممەت ئابدۇللا، پازىل پاختا قاتارلىق باھادىر يىگىتلەر ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە كىشىلەر توپىغا تارقىلىپ نۆكەرلەرگە تىغمۇتىغ قارشى تۇرۇشتى. بارا ـ بارا نۆكەرلەر ئىچىدە يارىلانغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەھۋالنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان مامۇت نۆكەرلىرىنى چاقىرىۋالدى ۋە قايتىشقا پەرمان چۈشۈردى.

كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرى، غەلىبە تەنتەنىسىگە ۋارقىراشلىرى ئىچىدە سۇلتان مامۇت ۋاڭ ئىچىگە ئاچچىق يۇتۇپ، كاھ، نۆكەرلىرى بىلەن سالپىيىشىپ لوكچۇڭگە قاراپ يول ئېلىشتى.

يولدا كېتىۋاتقاندا سۇلتان مامۇت چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆكتى ئۇنىڭ نەقەدەر ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلىشكەن كاھ، نۆكەرلەر ئۇنلۇكرەك تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلىشالماي مېڭىشماقتا ئىدى. سۇلتان مامۇت: «ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇپراق بېشىنى زىيارەت قىلالماي گۇناھى كەبىرلىك بولۇپ ياشايمەنمۇ؟ ئۇلارنىڭ روھى قورۇنۇپ، مېنى يۆلىمىسە مەن قانداقمۇ ئۇلارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلالايمەن؟» دەپ ئويلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئىزتىراپ چېكىپ كەتتى، ئۇنىسىز ئاھ ئۇردى، يۈرىكى پۇچىلاندى. ئېگىز ئوردا كۆزگە روشەنلا كۆرۈنگەندە بولسا سۇلتان مامۇت ئۆزىنىڭ ئۇسال ھالىدىن چۆچۈپ غەزىپى قايتىدىن ئوت ئېلىپ ياندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوردىغا كېلىپلا بىر نامە پۈتكۈزدى. ئاندىن باش كاھنى چاقىردى:

— دەرھال يامۇلغا ئاتلان. بۇ مەلۇماتنامىنى يەتكۈزۈپ، جاۋاب ئېلىپ يان. تېز بار، تېز قايت، مۇشۇ ئىشتىن چاتاق چىقىرىدىغان بولساڭ ...

باش كاھ يېڭىدىن تەييارلانغان ئارغىماقنى مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. باشقا چاغ بولىدىغان بولسا ئۇ ۋاڭنىڭ مۇشۇنداق

ئارغىماقنى بەرگىنىنى پۈتۈن شەھەرگە كۆز ـ كۆز قىلىپ چىقىشتىن ئايانمىغان بولاتتى. بىراق، ھازىر ...

ئامبال مەھكىمىسى پىچان شەھىرى بويىچە ئەڭ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، مانجۇ ئۇسلۇبىدا ئىككى قەۋەتلىك قىلىنىپ، ھەربىر قەۋىتىنىڭ ئۈستىگە ئۇچما راۋاقلار چىقىرىلىپ سىلىنغانىدى. مەھكىمىنىڭ يوغان تۆۋرۈكلىرى، ئىشىك ـ پەنجىرىلىرى پۈتۈنلەي قېنىق قىزىل سىردا سىرلانغان، ئىشىك ھالقىلىرىغا شىر سۈرىتى چىقىرىلىپ نەقىشلەنگەنىدى. ئامبال مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ناھايىتى سۈرلۈك بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاشتىن ياسالغان شىر ھەيكەللىرى قويۇلغانىدى. ئەمما كاھقا بۇ نەرسىلەر ئۇبدان تونۇش بولغاچقا ئۇدۇل مەھكىمىگە كىرىپ كەلدى.

چىلىمنىڭ كەيپى ئەمدى تۇتقاندا كەلگەن مەلۇماتنى ئاڭلاش شەنگەنگە خۇشياقمىدى:

— ھۆرمەتلىك شەنگەن جانابلىرىنى شۇنداق خەتەرلىك بىر ھالدىن خەۋەردار قىلغايمەنكى، چىڭ پادىشاھلىقىغا چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ۋاڭلىقىمىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بولۇپ، ھەر يىلى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەل قىلىپ كېلىنىۋاتقانىدى. ھالا بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە ياڭخىيدىكى بىرنەچچە يالاڭتۆش («ئۆمەر دورغىنىڭ باللىرى» دېيەلمىدى. بۇنداق دېسە «ئۆزۈڭنىڭ تۇغقانلىرىنى باشقۇرالمايدىغان قانداق ۋاڭسەن؟» دېيىشىدىن قورقتى) بۇ قېتىمقى زىيارىتىمگە توسقۇنلۇق قىلىپ، يېرىم يولدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ يولۇمنى توسۇۋالدى. ئەمما، جانابلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى مېنىڭ يولۇمنى توسۇشلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئارقىلىق بۈيۈك چىڭ خاندانلىقىغا ئازراق بولسىمۇ زەرەر يەتكۈزۈش ... شۇڭا جانابلىرىنىڭ چېرىك ئەۋەتىپ ...

ئاخىرىنى داۋاملىق ئوقۇشقا شەنگەن ئېرىندى. ئۇ ئاق ـ قارا

رەڭلىك فارفۇر تاۋار يەكتىكىگە چىلىڭ ئورنىتىپ چىلىمنى تازا بىر تارتىۋېتىپ ئويلاندى: «ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشىنى جايىدا ئوڭشىيالماي، مېنى نەيزىنىڭ ئۇچى قىلىمەن دېگىنىنى. شۇ تاپتا بۇ خەلقنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتۇ. مەنزە، ئەمدى بۇ قېرىغان جېنىمدا ئۇ ئوتنى كۆتۈرۈپ ئۆچۈرەلمەي نەدە يۈرەي؟ ھە دەپ بېرىپ ئالداپ قويسا بىر - ئىككى كۈندە بېسىلىپ قالىدىغان خەلق بۇ. شۇنى بىلەلمەي ۋاڭلىق قىلىپ يۈرگىنىنى. مۇشۇنداق دەلدۈش ئادەملەر ۋاڭ بولۇپ يۈرسە، تېخى بۇيۇك چىلىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىۋاتسا ...»

شەنگەن مەلۇماتنامىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويغاندىن كېيىن، يەنە چىلىمنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شوراشقا باشلىدى. شەنگەننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىكى مەنىنى چۈشىنىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ياردەمچىسى دەرھال سىرتقا ماڭدى.

ئالدىدىكى خانىدا تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان باش كاھ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن كۈلۈپ ياردەمچىنىڭ ئالدىغا باردى، ئەمما ياردەمچى سوغۇق تەلەپپۇز ۋە تەلەت بىلەن:

— بۇنچىلىك كىچىك ئىشلارنى ئۆزۈڭلارلا ھەل قىلساڭلار بولىدىكەنغۇ. بىگىمنى ئاۋارە قىلىۋەرمەڭلار ... — دەپ قويۇپ باش كاھنىڭ بىرنېمە دېمەكچى بولۇشى بىلەنمۇ كارى بولماي ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى ...

باش كاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سۇلتان مامۇت خەپىلەپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇگۈنكى ئىشلار ئۇنىڭغا بەك ئەلەم قىلغانىدى. ئۇ بەكمۇ ناخۇش بولۇپ، ھېچنېمىگە كۆڭلى تارتمىدى. ھەتتا سارىخان لولا ئەپلەپ قويغان غۇنچىسى ئەمدىلا ئېچىلغان گۈلدەك قىزنىڭ يېنىغا بېرىشقىمۇ رايى بارمىدى.

مەجبىلىل زورلار كىشىلەرگە ھويلىسىدا ئاش تارتقاندىن كېيىن كىشىلەر: «ھەرقانداق ئىشقا بىز بار. ۋاڭ بولسىمۇ قىلغىنىمىز توغرا بولسا قورقمىدىكەنغۇ» دېيىشىپ تارقىلىشتى. يىگىتلەر قالغاندا بولسا، مۇھەممەت ئابدۇللا:

— ۋاڭ قورققان بولسىمۇ جىم تۇرمايدۇ. ئۇ بەربىر ۋاڭ، ھامىنى بىزدىن ئۆچىنى ئالىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى ھەتتا بىز ئۆيلىغاندىنمۇ يامان چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا بىز بىر - ئىككى كۈن قاراپ باقايلى، شۇنداقلا ئېغىر كۈنلەرگە تەييارلىنىپ قويمىساقمۇ بولمايدۇ. يەنە ... يەنە ... يەنە بىر گەپ، ئۆيىمىزدە ئىش - ئوقەتلىرىمىز بارلار كەتسەكمۇ بولىدۇ. ھېچكىمنى زورلاش يوق، قاتناشمىسا خاپا بولۇشمۇ يوق، — دېدى ئەتراپلىق قىلىپ.

— توغرا، قېرىنداشلىرىمىزغا ھېلىمۇ كۆپ جاپا سالدۇق، — دېدى مەجېلىل زورمۇ، — مەن ھەممىلىرىدىن رازى ھەم مىننەتدار. ئەمدى ئىش چىڭىغا چىقىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا يىگىتلىرىمىزنى بۇ ئىشقا چېتىۋالساق دۇرۇس بولمىغۇدەك.

ئەمما، يىگىت باشلىرى: «بۇ يولدىن يانمايمىز» دەپ قەسەمياد قىلىشتى.

# ئونىنچى باب

# تۇنجى جەڭ

## 1

ياڭخىيدىكى ئىش چۈشتىن كېيىنكىچە لۈكچۈنگە تارقالغان بولسا، شەنگەنىنىڭ پوزىتسىيەسى كەچكىچىلا ھەممە ئادەمگە مەلۇملۇق بولۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى كوچا ـ كوچىلاردا قوشاقلار پەيدا بولدى:

ئۇششاق باللار ئويناشتا،
تال چىۋىقنى ئات قىلدى.
لىگالار گاڭگۇڭ چىقىپ،
سۇلتان خوجىنى مات قىلدى.

سۇلتان خوجا «ئىتلىرى»،
خوجىسى ئۇچۇن يورغىلىدى.
لىگالارمۇ بوش كەلمەي،
زالىم پاخشەكنى قوغلىدى.

قۇربان ھېيت كۈنى پېچان ئامبىلى چىلىم خۇمارىغا تازا بىر قېنىپ بىرەر يەرلىك تۆرىنىڭ ئۆيىگە پەتلەپ بېرىپ ھېيتلىق گۆش بىلەن راسا بىر كەيىپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇۋىدى، مەلۇمچى كىرىپ كەلدى. مەلۇمچىنىڭ جىددىي چىرايىنى كۆرۈپ كەيپى ئۇچقان ئامبال ئۇنىڭغا ئالىيىپ

«چىقىپ كەت» دېگەن ئىشارەتنى قىلماقچى بولۇۋىدى، مەلۇمچى ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— جانابلىرى، تۇرپان ئامبال جانابلىرىنىڭ جىددىي نامىسى بار ئىكەن، شۇڭا ...

«بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە بىللە پەتلەپ كېلىشنى تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن بولسا ...» دېگەن تاتلىق تەمەنى خىيال قىلغان ئامبال چىرايىنى سەل ئېچىپ «ئەكەل» دېدى. مەلۇمچى ئىتتىك كېلىپ خەتنى ئۇنىڭغا سۇندى. ئەمما، شەنگەن خەتنى بىرەر ئىككى قۇر ئوقۇپلا چىرايى جىددىي تۈسكە كىردى.

ئەسلىدە يۇقىرىقى قوشاقلار جەمئىيەتكە كەڭ تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن چېقىمچى، خۇشامەتچىلەردىن بىرى بۇنى دەرھال تۇرپان ئامبىلىغا ① يەتكۈزگەنىدى. تۇرپان ئامبىلى سۈرۈشتۈرۈپ بولغان ئىشلاردىن ئاساسەن خەۋەردار بولدى، ئەمما بۇ ئىشنى ھەرگىز ئاددىي نۇقتىدىن ئويلىمىدى. بۇ يېقىنقى يىللاردىكى ۋەزىيەتنى دەڭسەپ كۆرۈپ بۇنىڭ ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى ۋە ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ باشچىلىرىنى ئېنىقلاتقۇزۇپ كەلدى. ئاندىن شۇ ئاساستا بىرقانچىسىنى جازالاپ قالغانلارغا ئىبرەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىشنى پىلانلاپ پىچان ئامبىلىغا بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى بۇ خەتنى ئەۋەتكەنىدى.

خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «خانىدانلىقىمىز ئەتىۋارلاۋاتقان ۋاڭغا پۇقرالارنىڭ بۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇشى ھەرگىز سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس ھەم بۇ ئىشنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. جىددىي نۇقتىدىن ئويلايدىغان بولساق، بۇ ئىش كېڭىيىدىغان بولسا بىزگە جىق ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بېرىدىغان ئىش كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ چاغدا بىز ھازىرقى

---

① شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تۇرپاندا ۋازارەت، پىچاندا ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، پىچان تۇرپانغا قارايدىغان بولغان.

ئورنىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى جېنىمىزنى ساقلاپ قالالىساقلا چوڭ ئىش. يەنە كېلىپ بۇ ئىش جىملا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا نۇرغۇن يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى يوغانتىپ قويىدىغان ئىش. شۇڭا جانابلىرىنىڭ بۇ ئىشقا سەل قارىماي ھەم ھەرگىز كېچىكتۈرمەي جىددىي تەدبىر قوللىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭچە بولغاندا ئۇلارنىڭ بىرقانچە باشچىلىرىنى قىلچە رەھىم قىلماي جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشىمىز كېرەك. مەن ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ باشچىلىرىنى ئېنىقلاپ قويدۇم. سىلى دەرھال ئۇلارنى تۇتۇپ قاتتىق جازالىسىلا. ئۇلارنىڭ باشچىلىرى: مەجىلىل لىگا، مەترېھىم لىگا، مۇھەممەت ئابدۇللا ...»

پىچان ئامبىلى خەتنى ئوقۇپ چىقىپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ مۇنچىلىك يامان خاراكتېرى ۋە يامان ئاقىۋىتى بارلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى. پىچان ئامبىلى دەقىقە ئىچىدە بۇ ئىشتا يېنىكلىك قىلسا باش كېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بۇگۈنكى كەيپ ـ ساپا پىلانىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ ياردەمچىسىنى چاقىردى ۋە چېرىكلەرنىڭ دەرھال تەييار بولۇشىنى بۇيرۇدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇدھىش بىر تەقدىر ھېيت خۇشلۇقىدا ۋە ئۇزۇم ھوسۇلىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى نىيىتىدە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقلىرىغا قارا قولىنى سوندى.

پىچان ئامبىلىنىڭ مەخسۇس چېرىكلىرى بىلەن پىچان ئامبىلى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئوردىغا يىغىۋالغان قۇلاق كەستىلەردىن تەشكىللەنگەن ياللانما چېرىكلەر قاۋان سېپى بىلەن سىركىپ تەۋەسىگە يېتىپ كەلگۈچە، بۇ خەۋەر سۇلتان ماموتنىڭ ئىشلىرىغا ئىچى قايناپ تۇرغان سىركىپ يىگىتلىرىنىڭ بىرى تەرىپىدىن مەجىلىل زورلارغا يەتكۈزۈلدى.

بۇ ئىشلارغا ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىشىۋېلىشقان يىگىتلەر ئازراق باش قوشۇپلا بىر پىلاننى تۈزۈشتى. ئۇلار چېرىكلەرنىڭ

يولىنى مۇلاھىزە قىلىشىپ، چېرىكلەر يۇرتقا كىرىدىغان مەھەللىدە ئۇلارنى قارشى ئالماقچى بولدى ۋە ئۇ مەھەللىدىكى قىرى- چۆرە، ئاجىزەلەرنى ھەمدە بۇ ئىشقا ئارىلاشقۇسى يوقلارنى ئۆگزىگە چىقىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا كۆندۈردى.

دەرۋەقە، چېرىكلەر ئىشنى تېز پۈتكۈزۈپ بىرى ئامبالدىن ئىنئام ئېلىشقا، يەنە بىرى ئۆزلىرىمۇ ھېيتنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈشكە تېنەپ، لوكچۇن شەھىرىگە كىرمەيلا شەھەرنى ياندۇپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل ياغخىيغا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار شۇ ھالدا ئالدىراپ مېڭىشىپ ياغخىيغا يېقىنلىشىپ ئۆتەر يولدىكى مەھەللىگە كەلگەندە جامائەتنىڭ توپ - توپ ھېيتلىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈشۈپ بىر - بىرىگە مەغرۇر قاراپ قويۇشتى. چېرىك بېشى ئېتىنى دېۋىتىپ بىر توپ جامائەتنىڭ يېنىغا باردى ۋە توڭلۇق بىلەن سورىدى:

— ھوي خالايىق، مەجىلىل لىگا دېگەننىڭ ئۆيى نەدە؟

— ئۇنى نېمە قىلىسەن؟ — دېدى تويتىن بىرى.

— بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. ئېيتە، ئۇنىڭ ئۆيى نەدە؟ — دەپ سورىدى چېرىك بېشى جىلە بولۇپ.

— ئۇنداق بولسا ئىككى تەڭگە بەرسەڭ دەپ بېرىمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— مانا تەڭگە! — دەپ بىر قامچا ئۇردى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان چېرىك. ئۇ كىشى لېۋىنى چىشلەپ كەينىگە بىر قەدەم داجىدى ۋە قولى ئۇزۇن يەكتەكنىڭ ئىچىگە ماڭدى. بىراق، چېرىكلەر بۇنىڭغا دىققەت قىلماي قامچىلىرىنى ئۇيان - بۇيان قىلىشىپ باشقا كىشىلەردىن سورىماقچى بولۇشتى.

— ئادەمنى ئۇرمىساڭلارمۇ دەپ بەرسەك بولىدىغۇ، — دېدى يەنە بىر كىشى شۇ چاغدا.

— ئۇنداقتا، تېز ئېيتە! — دېدى چېرىك بېشى.

بۇ چاغدا ئۆيلەردىن ھېيتلاپ چىققان كىشىلەر تاماشا كۆرۈشكە ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا كېلىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن

چېرىك بېشى:

— بۇ يەردە كۆرگۈدەك تاماشا يوق! — دەپ ئېتىنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىۋالغان كىشىنىڭ بېشىغا بىر قامچا ئۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇ كىشى چېرىك بېشىنىڭ قولىنى بېغىشىدىن تۇتۇۋېلىپ كۈچەپ بىر تارتتى، چېرىك بېشى كۈچ ئېلىشالماي ئاتنىڭ ئالدىغا پوككىدە چۈشتى. بۇنى كۆرگەن چېرىكلەر گاڭگىراپ قالغان قىسقا ۋاقىتتا يەكتەكلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان توقماق، تۆمۈر كالتەكلەرنىڭ ئۆز باشلىرىدا قانداق ئوينىغانلىقىنى بىلەلمەيلا قېلىشتى. كۈچلۈك قوللار ئۇلارنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، كۈچلۈك پۇتلار بىرەرنى تېپىپ، بىرەرنى تىزلىشى بىلەن چېرىكلەرنىڭ ئىڭرىشى، نالە - پەريادى مەھەللىنى بىر ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، قورققىنىدىن جان قايغۇسىدا قېلىشىپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئالدى - ئارقىسىغىمۇ قارىماي تىكىۋېتىشتى.

ئۆز پىلانلىرىنىڭ غەلىبىلىك بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈشكەن مەجىلىل زورلار روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالدى. بايىقى جامائەت ئەمەلىيەتتە پىلان بويىچە كۆرۈنۈشتە ھېيتلاۋاتقان بولۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان مەجىلىل زور باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر ئىدى.

بۇ قىسقا جەڭنىڭ ئەھۋالىنى چۈنچە تۆشۈكلىرىدىن كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەر «ئاجايىپ كۈچتۈڭگۈر يىگىتلەر ئىكەن بۇ! بىرىنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن بىر قوللاپ يۇلۇپ ئېلىۋىدى، ياپىر، كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم» دەپ يىگىتلەرنى ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى.

ئۆزىنىڭ ئوسال بولغانلىقىنى تۇرپان ئامبىلىنىڭ بىلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ شەنگەنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چېرىك ئەۋەتكەنلىكى، لېكىن چېرىكلەرنىڭ تۇمشۇقىغا يەپ قاچقانلىقىنى ئاڭلىغان سۇلتان ماموت شۇ كۈنى كەينىگە

ياڭنىغا پۇشايمان قىلىپ كەتتى. مانا ئەمدى، شۇ كۈنى ئۇسال بولغىنىنىڭ ئۈستىگە چىرىكلەرنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى سەۋەبلىك تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتكە قالدۇرغانلىقى ئېنىق: تۇرپان ئامبىلى ۋاڭلىق تەۋەسىدە ئەنە شۇنداق خانغا ساداقەتسىز، قاپ يۈرەك ئادەملەرنىڭ يايراپ يۈرۈشىگە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن سۇلتان مامۇتنىڭ بۇ سەۋەنلىكى خانغا مەلۇم قىلىنغان بولسا ... مانا مۇشۇ تەشۋىش سۇلتان مامۇتنىڭ بارلىق ئارامچىلىقىنى بۇزدى. ئۇ چۈشكىچە ئەنە شۇنداق ئارامسىزلىنىپ يۈردى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن چەپ بېگىنى (ۋاڭ سىرتقا چىققاندا ۋاڭنىڭ ئوڭ - سولىدا يۈرۈپ ۋاڭنى قوغدىغۇچىلارنىڭ باشلىقى)، كاھىلىرىنى، نۆكەرلەرنى يىغىپ ياڭخىيغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، بىرنەچچە يىگىت بېشىنىڭ يا تىرىكىنى، يا ئۆلۈكىنى ئەكېلىشنى پەرمان قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە لەشكەرلىرىنى مىلتىق بىلەن قوراللىنىپ تەخ بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. چەپ بېگى ۋە كاھىلار بىردەمدىلا يۈزدەك ئادەمنى مىلتىق بىلەن قوراللاندۇردى. ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك تۇرقىنى كۆرگەن سۇلتان مامۇتنىڭ كۆڭلى تىنىغاندەك بولدى. «ئەينى ۋاقىتتا ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرەلمىگەن بولسام، مۇشۇ ئۆلۈم جازاسىغا ئوخشاش. جازا پالىقىنىڭ يۈزدىن بىرىچىلىك كېلىدىغان قوغۇشۇن پارچىسىنىڭ قانداق كارامىتى بارلىقىنى بەدىنىڭگە كىرگەندە بىلىسەن» سۇلتان مامۇت مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇيماقچى بولدى. «نېمىشقىمۇ ئەينى ۋاقىتتىلا قورقۇپ يۈرگەندىمەن؟ بۈيۈك چىڭدىن ئىبارەت ئارقا تىرىكى تۇرغان بىر ۋاڭ تۇرۇپ قورقىشىمنى. ھازىر چوڭ دۈشمىنىم يوق، ۋاڭلىقىمىزنىڭ ھەممىنى تىترەتكۈدەك سۈر - ھەيۋىسى بار. شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا ئالدى - ئارقامغا قاراپ يۈرگەندىمەن؟ ئەينى ۋاقىتتا بۈيۈك بوۋام ھەزرىتى ئىمىن خوجا شۇنداق خەتەرلىك پەيتلەردىمۇ قىلچە قورقماي، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ خەلققە باش بوپتىكەن. مەنزە، مۇشۇنداق ئاسايىشلىق،

تىنچ شارائىتتىمۇ قورقۇپ يۈرمەنمۇ؟ ھەزرىتى ئىمىن بوۋامنىڭ باتۇرلۇقىنى نېمىشقىمۇ يادىمدىن چىقىرىپ قويغاندىمەن؟» ئەنە، ئىبىسل، گۆللۈك رەختتىن مانجۇچە كىيىم كىيگەن ئىمىن خوجا ئورۇق، ئېگىز بەدىنىنى تىك تۇتۇپ، خان ئوردىسىغا قوبۇلغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى... بۇ كۆرۈنۈش كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن سۇلتان مامۇت خىيالغا كەتتى.

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى «قان پۈرىتىۋاتقان» دەۋر ئىدى. جۇڭغارلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلىرى دائىم ئاتلىقلارنى تەرەپ ـ تەرەپكە بۇلاڭچىلىق، پاراكەندىچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى خاتىرجەم كۈن كەچۈرەلمەس قىلىپ قويغانىدى. 1720 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادشاھى كاڭشى قوشۇن ئەۋەتىپ قۇمۇلدىن غەربكە يۈرۈش قىلغۇزۇپ، جۇڭغارلارنىڭ سەردارى سېۋان ئارابتاننىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە جازا يۈرۈشى قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى لۈكچۈنگە كەلگەندە، ئىمىن خوجا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ تۇرپان ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتى ھەمدە ئىمىن خوجىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى.

ئىمىن خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقى سېۋان ئارابتاننىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 1731 ـ يىلى جۇڭغارلار ئەسكەر ئەۋەتىپ لۈكچۈن قاتارلىق جايلارنى پاراكەندە قىلغاندا، ئىمىن خوجا شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ شەھەرنى قاتتىق ساقلاپ، پۇرسەت تاپسىلا شەھەردىن چىقىپ جۇڭغار ئەسكەرلىرىگە زەربە بەردى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭغار ئەسكەرلىرى ئاندىن چېكىندى. بۇ چاغدا شىنجاڭغا كىرگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي كۈچى تېخى قۇدرەتلىك بولمىغاچقا، تۇرپان ئەتراپلىرىنىڭ

ئامانلىقنىغا كاپالەتلىك قىلىشقا كۆچى يەتمەيتتى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يۈڭجېڭ ئىمىن خوجىدىن قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ گەنسۇنىڭ گۇاجۇ ئايمىقى (ھازىرقى ئەنشى)گە كۆچۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1732 ـ يىلى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئىمىن خوجىغا «دۆلەتكە يۆلەكچى گۇڭ» دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى، ئۇ باشچىلىق قىلغان ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقتى. تۇرپانلىق بۇ ئۇيغۇر دېھقانلار ئەنشىگە كەلگەندىن كېيىن شياۋباۋ، تاشى قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئېچىپ، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلدى، 1756 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن تۇرپانغا كەلدى. دېمەك، شىنجاڭلىق ئۇيغۇر خەلقىمۇ خېشى كارىدورىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى چىڭ سۇلالىسى قۇدرەت تاپقان دەۋر ئىدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ قوشۇن ئەۋەتىپ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى داۋاچىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بەل باغلىدى. 1755 ـ يىلى ئېخى گۇاجۇدا تۇرۇۋاتقان ئىمىن خوجا 300 لەشكەرنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىللە جەڭ قىلىپ ئىلىغىچە باردى، بۇ يۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەرتىۋىسى «دۆلەتنى تىنچىتقۇچى گۇڭلۇق» قا ئۆستۈرۈلدى. داۋاچى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئامۇرسانا يەنە توپىلاڭ كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇرپاندىكى مەڭلىكمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭغا ئاۋاز قوشتى ھەمدە ئىمىن خوجىنى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقىشقا مەجبۇرلاشقا ئۇرۇندى، لېكىن ئۇنىڭ قوۋمى گۇاجۇدىن لۇكچۇنگە ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، مەڭلىك بىلەن ئېلىشىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان بولغاچقا، چوڭ ئوغلى سۇلايماننى قۇمۇلغا بېرىپ ھەربىي ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى. ئىمىن خوجا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى،

مەرتىۋىسى ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈلۈپ، «بېزى» دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى.

1757 ـ يىلى شىنجاڭدا يەنە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ــ بۇرھانىددىن بىلەن خوجا جاھان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭى يۈز بەردى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ بوۋىسى ئەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دىن بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاتىسى مەھمۇد جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققانلىقتىن، جۇڭغارلار ئۇنى ئىلىدا نەزەربەند قىلغانىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى داۋاچىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندا مەھمۇد ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تەسلىم بولدى، پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇرھانىددىننى قويۇپ بېرىپ، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كونا قوۋمىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى، خوجا جاھاننى ئىلىدا ئېلىپ قېلىپ، ئىلىدا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى. ۋاھالەنكى، خوجا جاھان ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، دەسلەپتە ئامۇرسانانىڭ توپىلىڭىغا قاتناشتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئامۇرسانا بىلەنمۇ قارشىلىشىپ قالدى. ئاخىر قوۋمىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ، بۇرھانىددىن بىلەن بىرلىشىپ ياندىش بويۇرغا ئامىڭداۋنى ئۆلتۈردى، ئۆزىنى باتۇرخان دەپ ئاتاپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇپ بۆلگۈنچىلىك يولىغا ماڭدى.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاققىچە جۇڭغار كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەنىدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنىڭ ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچى كاتتىباشلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى ئاندىن تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە

ياقمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تەبىقە خەلقى، جۈملىدىن ئىمىن خوجا بىلەن قۇمۇل بېزىسى يۈسۈپلەرمۇ قارشى چىقتى. 1758 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاسىيلارنى تىنچىتىش سانغۇنى يارخاشەنگە چوڭ ـ كىچىك خوجىلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئىمىن خوجىنى مەسلىھەتچى ئامبال، يۈسۈپنى ئاغلاقچى ئامبال قىلىپ، ھەربىي ئىشلاردا ئورتاق ھەمكارلىشىشقا مەسئۇل قىلدى. ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارلىرىدىن سىيتىۋالدى، ھادى قاتارلىقلار چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىغا تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ ئىلىغا بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا بېقىندى بولدى ھەمدە ئىمىن خوجا بىلەن بىرلىكتە يۈرۈشكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى.

چوڭ ـ كىچىك خوجىلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىن نۇرغۇن كىشىلەر مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلغانىدى، بۇ تەدبىر دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەش، دۈشمەن قوشۇنىنى پارچىلاش، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئىمىن خوجا شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ئۇچتۇرپاندىكى خوجىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تەسىرى زور، ئۇ ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ داۋاچىنى تۇتۇشىغا ھەمكارلاشقان: چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ خوتەننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ۋەزىپە ئۆتەشكە بارمىغان، ئۇ يەنىلا ئۇچتۇرپاندا تۇرۇۋاتىدۇ دەپ قاراپ، يارخاشەنگە، چوقۇم خوجىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، دېگەن تەكلىپىنى بەردى. بۇ تەكلىپ ئوردىغا يوللانغاندىن كېيىن، چيەنلۇڭ بۇ تەكلىپكە ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىدى ۋە دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ، ئىمىن خوجىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئىلگىرىكى بېزىلىقتىن بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ «بېيلىلىق» مەرتىۋىسىنى

بەردى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۆچانى قورشىۋېلىپ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ تۆتىنچى بازىسىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئىمىن خوجا ئەينى يىللىرى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا، كۆچا خەلقىنىڭ شەھەرلەرنى چىڭ ساقلاپ توققۇز ئايغىچە جەڭ قىلغانلىقىنى يارخاشەنگە چۈشەندۈردى ۋە زورۇقۇپ ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. چيەنلۇڭمۇ: «جەنۇبىي شىنجاڭدا شەھەر كۆپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ھۇجۇم قىلىپ ئالىمىز دېسەك ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلغاندىن كۆرە، ئەسكەرلەرنى بۆلۈپ بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەن كۈچىنى پارچىلاپ غەلىبە قازانغان تۈزۈك» دەپ قايتا ـ قايتا يارلىق چۈشۈردى. لېكىن يارخاشەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماي، شەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. كۆچا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئىمىن خوجا سەپىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغاچقا، ئوڭ يۈزىنىڭ ئۈستىخىنى يارىلاندى، شۇڭا پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئىمىن خوجا يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، دەرھال بىر پارچە خەت يېزىپ، كۆچانى ساقلاۋاتقان دۈشمەنگە ئەمدى قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى ھەمدە قوشۇن باشلاپ كىچىك خوجا خوجا جاھان باشچىلىقىدىكى 5000 كىشىلىك ياردەمچى قوشۇنغا زەربە بەردى. ئەمما، يارخاشەن توغرا قوماندانلىق قىلمىغانلىقى، شەھەرلەرنى قاتتىق مۇھاسىرە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، خوجا جاھاننىڭ ياردەمچى قوشۇنى كۆچا شەھىرىگە كىرىۋالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنە شەھەردىن قېچىپ كەتتى. پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يارخاشەننى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە چېگرىنى تىنچىتقۇچى سانغۇن باۋ خۇينى پۈتۈن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا بەلگىلىدى. ئىمىن خوجىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن

ئەيىبلەندى. كېيىن يارخاشەن ئىمىن خوجا، هادى قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىمىغانلىقتىن كوچانىڭ ئىشغال قىلىنمىغانلىقى ۋە خوجا جاھاننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، چيەنلۇڭ يارخاشەننى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش، ئىمىن خوجىدىن ھال سوراش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى ھەمدە ئىمىن خوجىغا توزنىڭ پېيىدىن ياسالغان ئۈچ پۆپۈك ئىنئام قىلدى.

توپىلاڭچى قوشۇن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئۇزاققىچە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ غەربكە قاچتى. كوچا خەلقى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قارشى ئالدى. كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن غەلىبىلىك ئىلگىرىلەپ توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بەردى. چوڭ - كىچىك خوجىلار چېكىنىدىغان جاي تاپالماي، چېگرىدىن ئۆتۈپ بەدەخشانغا قېچىپ كەتتى. بەدەخشاننىڭ سەردارى خوجا جاھاننى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلدى.

ئۇرۇش ئاياغلىشىشتىن ئىلگىرىلا، پادىشاھ چيەنلۇڭ «يەكەن بىلەن قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەرلەر، ئۇ يەرلەرگە ئەمەلدار ئەۋەتىشتە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. تۇرپانلىق ئىمىن خوجا يەكەننى باشقۇرسا، قۇمۇللۇق يۈسۈپ قەشقەرنى باشقۇرسا ئىشەنچلىك بولىدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىمىن خوجىنى دەرھال ئىناقچىخان قىلىپ تەيىنلەپ، يەكەندە تۇرۇپ ئىش بېجىرىشكە ئەۋەتتى. ئىمىن خوجا 1763 - يىلى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئاندىن بۆيرۇققا بىنائەن يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ

پادشاھ چيەنلۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ يەكەندىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى يىلى، يەنى 1764 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم، 1767 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم بېيجىڭغا باردى. ئىككىنچى قېتىمدا بېيجىڭدا بەش يىل تۇرۇپ، ئاندىن تۇرپانغا قايتىپ كەلدى ...

... بوۋىسىنىڭ ھاياتى نېمىدېگەن جەڭگىۋار ھايات ـ ھە! شۇڭا ئۇ ئالىي شان ـ شەرەپلەرگە نائىل بولغان: بېيجىڭ خان ئوردىسىدىكى بىنەپشە راۋاقتا ئىمىن ۋاڭنىڭ سىزما سۈرىتى ئېسىلغان ھەم ئۇنى مەدھىيەلەپ «بىلگىنىنى ئېيتماي قالمايدۇ، ئېيتقانلىرىنىڭ نامۇۋاپىق يېرى يوق» دېگەن بېغىشلىما يېزىلغان ... سۇلتان ماھمۇت بۇلارنى ئويلىغىنىدا ھاياجانلاندى، كۆڭلى تولغاندەك بولدى، قولىدىكى مەرتىۋىنىڭ ئۇنداق ـ مۇنداق قولغا كەلمىگەنلىكىنى ھەمدە ئۇنداق ـ مۇنداق مەرتىۋىمۇ ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى ...

شۇ ۋاقىتتا مەلۇمچى كىرىپ پىچان ئامبىلىدىن نامە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ماھمۇت شېرىن خىيال قوينىدىن قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

— تۇڭچىنى چاقىر! — دېدى ئۆزىنى كۆچلىنىپ قالغاندەك سەزگەن سۇلتان ماھمۇت يۇقىرى ئاۋازدا. تۇڭچى كىرىپ نامىنى بىر ياقتىن ئېچىدە ئوقۇغاچ تەرجىمە قىلىپ ماڭدى. نامىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شۇكى: «ياڭخىيدىكى بىر تۈركۈم يامان نىيەتلىك كىشىلەر ۋاڭلىقنى ۋە بۈيۈك چىڭ خاندانلىقىنى كۆزگە ئىلماي ۋاڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا، بۈيۈك چىڭنىڭ لەشكەرلىرىگە قورallyق قارشى چىقىشقا پېتىنىپتۇ. بۇ بىزنىڭ جىددىي قارشىمىزنى، ھوشيار بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان ئەھۋال. شۇڭا بىز بۇ ئىشنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن چېرىك ئەۋەتتۇق. ۋاڭ جانابلىرىنىڭ ئوردا نۆكەرلىرىدىن يارامlىقلىرىنى قوراللاندۇرۇپ ياڭخىيغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. ھۇجۇمنى ئۇلارغا تۇيدۇرماي كۆز باغلانغاندا

ئېلىپ بېرىشلىرىنى سورايمىز. كونكرېت ئىشلارنى چېرىك بېشى بىلەن كېڭەش قىلار.»

نامىنى ئوقۇغان سۇلتان مامۇت خۇددى غەلىبىسى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە چېرىكلەرنى دەرھال ئارام ئالدۇرۇش ئۇچۇن پايپېتەك بولۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

## 2

تۇنجى جەڭدىن كېيىن نۇرغۇن يىگىتنىڭ يۈرىكى توختىغان، كۆزى ئېچىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇرۇنقىدەك مۇشۇ كۈنلەردە ئەتىسى – ئاخشىمى جۇجەم قېقىپ (سىلكىپ) كالا – قويلىرىنىڭ قورسىقىنىڭ غېمىدە يۈرۈپ، بىكار بولسا جۇجەم سايىسىدە يانپاشلاپ ياتىدىغان يىگىتلەر مانا ئەمدى ئۇ ئىشلارنى ئۇششاق باللارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئۆيلىرىدىكى قورال قىلىشقا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنى ئېلىپ ياكى قورال قىلغۇدەك نەرسىلەرنى ياساپ، تەييارلاپ مەجېلىل زورلارنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىشىپ، يىگىت باشلىرىنىڭ تەربىيەگە تولغان گەپلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇپراپ كېتىۋاتقان كۈچلىرىنى قانداق ئىشلىتىش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى ئاڭلايدىغان بولۇشتى. باشقا كىشىلەر بولسا ئوغۇللىرىنىڭ بىكارچىلىقتىن قول ئۈزگىنىگە، ئوغرى – يامانىنىڭ ئازلاپ قالغىنىغا، بولۇپمۇ ئالۋان – سېلىقچىلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرسىتەلمەي يۈرگىنىگە خۇش بولۇپ باللىرىغا مەدەت بېرىشىدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. دېمىسىمۇ، مەھەللە قايناپ كەتكەن بولسىمۇ، باش ئاغرىتىدىغان ئىشلار ئازىيىپ قالغان، يۇرت ئىچى قالايمىقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن باغ – ۋاران، قوتان – قورۇلار تىنچلىنىپ قالغان، بۇرۇنقىدەك جۇجەم پىشسا جۇجەمگە، ئۆرۈك پىشسا ئۆرۈككە، ئۈزۈم پىشسا ئۈزۈمگە ئالۋان – سېلىقنى باھانە قىلىپ تېگىش

قىلىدىغان ئۈچ بېگىلەرنىڭ ھۆرپىيىشلىرى، قامچىلىرىنىڭ ئاۋازلىرىغۇ يوق، ئۆزلىرىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرسىتەلمەي يۈرگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى كىشىلەر ئاللىقاچان چۈشىنىشىپ بولغانىدى.

ياملۇل بىلەن ئوردىنىڭ بىرلەشكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ پىلانى ھەققىدىكى خەۋەر ياڭخىيغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مەجبىلىل زورلارنىڭ ھويلىسىنى جىددىيچىلىك قاپلىدى. يىگىتلەر ھەرخىل ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەمما، بۇ گەپلەردە بۇرۇنقىدەك «قايتىدىغانلارغا ئىختىيار» دېگەندەك گەپ يوق، بەلكى ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن «قانداق قىلغاندا ئۇلارغا ئالدىنقى قېتىمقىدەك تالاپەت يەتكۈزگىلى بولىدۇ» دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ئەترىپلىق پىلانلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتاتتى.

— يىگىتلەر، — دېدى كېڭەش خېلى بىر يەرگە بارغاندا مەجبىلىل زور ۋاقىت مەسىلىسىنى ئويلىشىپ، — بۇ قېتىمقى يېغا (جەڭ) ئالدىنقى قېتىمقىدىن قاتتىق بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋالدىن قارىغاندا چېرىكلەر ۋە ئوردا نۆكەرلىرىنىڭ ھەممىسى مىلتىق بىلەن قوراللىنىپتۇدەك. مىلتىق ئوينىشىدىغان نەرسە ئەمەس، ھەممىمىز قاتتىق ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ. ھەرقانچە كۈچلۈك ۋە چىدامچان بولغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئوقى ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. شۇڭا، بىرىنچىدىن، باشقا يۇرتلاردىكى تەييارلىنىپ تۇرغان يىگىتلەر دەرھال يېتىپ كەلسۇن. ئىككىنچىدىن، يۇرتلاردىكى ئۇۋچىلارنىڭ مىلتىقلىرىنى يىغىپ كەلسەك، بولمىسا بىز ئاجىزلىق قىلىپ قالىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە يىگىت دەرھال ئاتلىق ئاتلىنىپ باشقا يۇرتلارغا ماڭدى. باشقا يىگىتلەر ئارام ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر نەچچە يىگىت بېشى بولسا سالقىنداپ تۇرغان كېمىر ئۆيگە چۈشۈپ ئورۇش تەدبىرى تۈزۈشكە باشلىدى. ئۇلار كۆپ ئويلىنىپ مەتتوختاش مۇجاڭ (ياغاچچى) دېگەن كىشىنىڭ تەدبىرىنى مۇۋاپىق كۆردى. شۇنداق قىلىپ

جەڭ مۇنداق بولىدىغان بولدى: چېرىكلەر ياڭخىيلىقلارنى ئۇقمايدۇ دەپ، تويۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى. شۇڭا ئۇلار ياڭخىيغا يېقىنلاشقاندا سېپىنى رەتلەپ جىددىي ھالەتكە ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئاساسەن تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرىدۇ. ئۇلار شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلاردىن بۇرۇن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. يەنى، ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ياڭخىيدىن بىر نەچچە چاقىرىم ئالدىغا چىقىپ لوكچۇن يولىغا پىستۇرما قويىدۇ. تەييارلىقسىز كېلىۋاتقان چېرىكلەر پىستۇرما دائىرىسىگە كىرگەن ھامان قوزغىلاڭچىلار تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار ئۆزىنى بىلىپ، سېپىنى رەتلەپ بولغۇچە ئۇلارنى سور - توقاي قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ مەسلىھەتى پىشىپ، ئون نەچچە يىگىتكە چۈشەندۈرۈپ بولغۇچە باشقا يۇرتلاردىكى يىگىتلەرمۇ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشۇپ، بەزىلىرى بىر ئاتقا ئىككىدىن مىنگىشىپ يېتىپ كېلىشتى.

ھەممە تەييارلىق پۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى يۈزدەك يىگىت ئاساسەن ئاتلىنىپ ۋە بىر قىسمى مىلتىق بىلەن، كۆپ قىسمى قىلىچ بىلەن، يەنە بىر قىسمى ئۆزلىرى ياسىۋالغان تۈرلۈك تىغلىق - تىغسىز قوراللار بىلەن قوراللىنىپ تەخ بولدى ...

قاراڭغۇ چۈشۈپ بىر ئاۋاز يېتىم يەرنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان ۋاقىتتا «بىرلەشمە قوشۇن» مىلتىقلىرىنى مۈرىلىرىگە ئېسىشقانچە ياڭخىيغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر قۇم دۆۋىسىدىن قايرىلغاندا چېرىك بېشى تۆۋەن ئاۋازدا، ئەمما جىددىي تۇستە ئېيتتى:

— يەنە ئىككى چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن ھەممىڭلار سەپنى تۈزۈپ، قوراللىرىڭلارنى تەخلەيسىلەر. بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بارغاندا بىر بۇيرۇق بىلەن ئوق چىقىرىسىلەر، بەلگىلەنگەن ئورۇندا كىملا ئۇچرىسا ئاتساڭلار بولىدۇ. ھەرقانداق ئاقىۋەتكە

ئامبال جانابلىرى بىلەن ۋاڭ خوجام ئىگە. ئەمما زە، كىم قولى ئاستىلىق، كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلىپ قويۇپ يامان ئاقىۋەت چىقارسا ئۆز جېنىغا ئۆزى ئىگە. ئەگەر مەن بايا دېگەندەك قىلالىساق نۇرغۇن ئىنئام بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

لەشكەرلەر ئىنئامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تاتلىق تەمە بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ قورالىلىرىنى خۇددى چۇشۇپ قالمىسۇن دېگەندەك مۇرىلىرىگە كۆتۈرۈپ ئېسىپ، بەكرەك بېسىپ قويۇشتى.

ئەمدى رەسمىي قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئېگىز ئوردىدىكى قايسىبىر پەنجىرىدىكى سۇس يورۇقلۇق بىلەن تۇيۇق ئەسھابۇلكەھفنى مازىرىدىكى تۇنىگىچىلەر ياقىقان گۇلخان ئوتىدىن باشقا نەرسىنى ئىلغا قىلماق تەسكە چۇشۇشكە باشلىدى. لەشكەرلەر قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتۈپ ئەمدى بىر چاقىرىمدەك مېڭىشىغا تۇيۇقسىز چىققان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە بىرنەچچە چېرىك سەت ئىڭراپ يەر چىشلىدى.

ئۇلار بۇ چاغدا سۇ يىغىلىپ قالغان كىچىك بىر كۆلچەكتىن ئەمدىلا ئەگىپ ئۆتكەنىدى. ئاشۇ بىرنەچچە پاي ئوق ئاۋازىدىن كېيىن ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، دۈپۈرلىگەن ئاۋازى قاراڭغۇلۇقنى بىر ئالدى. بىر شۇملۇقنى سەزگەن چېرىكلەر بېشى «ئېتىڭلار» دېيىشى بىلەن چېرىكلەر قالايمىقان يۈگۈرۈشكە باشلىدى. بىراق، ئۇلارغا دەل ئېتىلىۋاتقان ئوق، جايىدا چېپىلىۋاتقان قىلىچلار دەستىدىن يۈگۈرۈپ يۈرگەن چېرىكلەر باش - كۆزىنى چاڭگاللاپ ۋايجانلاپ جايىدا يېتىپ قېلىشتى. شۇندىلا ئۆزىنىڭ خاتا بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى سەزگەن چېرىك بېشى يەنە ۋارقىرىدى:

— سەپكە كىرمەي ئېتىڭلار!

شۇندىلا چېرىكلەر ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا تىرىشىپ مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈشتى. ئەمما نىشانسىز ئېتىلغان ئوقلار

قاراڭغۇ بوشلۇقتا ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. شۇڭا چېرىكلەر قالايمىقان ۋارقىرىشىپ بىر يەرگە توپلىنىشقا باشلىدى. نامەلۇم ھۇجۇمچىلار بولسا بىردەم ئوڭدىن، بىردەم سولدىن، بىردەم ئۇدۇلدىن، ھەتتا كەينى تەرەپتىنمۇ ئوق چىقىرىپ ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئوق ۋە كۈچىنىڭ زايە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن جىلە بولۇپ تۇرغان چېرىك بېشى تېخى بىرەر پايمۇ ئوق ئېتىلمىغان مىلتىقىنىڭ پايىنىكىگە تەگكەن ئوق زەربىسىدىن جېنى چىقىپ:

— چېكىنىڭلار، چاققان چېكىنىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى. بۇنى كۆرگەن چېرىكلەرمۇ مىلتىقلىرىنى سۆرەشكىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاچتى. بىراق ئۇلار ئازراق قېچىپلا قوم دۆۋىسىنىڭ كەينىگە قاچانلاردا مۆكۈنۈۋالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ قىلىچ ۋە كالتەك زەربىسىگە دۇچ كېلىپ، ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىشتى ۋە بىر - بىرىگە باقماي يۈگۈرۈشتى. ھەتتا بەزىلىرىگە مىلتىقلىرى ئېغىر كېلىپ ئۇنى تاشلىۋېتىپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ ئاتلىق قېچىۋاتقان چېرىك بېشىنىڭ ئالدىغىمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

چېرىك بېشى ئېگىز ئوردىغا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان داد - پەريادلىق ۋايجانلاشلارنى ئاڭلاپ ئېتىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا جۈرئەت قىلالماي ئاتقا يەنە قامچا سالدى. بارلىق ئەھۋالدىن ئەتىسى سەھەردە خەۋەر تاپقان تۇرپان ئامبىلى دەرغەزەپكە كەلدى ۋە جىددىي قىلىپ ئىككى خىل مەزمۇندا ئۈچ پارچە نامە يازدى. بۇنىڭ ئىككىسى پىچان يامۇل مەھكىمىسىنىڭ ئامبىلى ۋە سۇلتان مامۇتقا يېزىلغان بولۇپ، يۇقىرىدىن ياردەم كەلگۈچە ئەمدى ھۇجۇم قىلماي، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇش تەكىتلەنگەنىدى. يەنە بىرى، شىنجاڭنىڭ مۇھاربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل خان مۇپەتتىشى ۋە گەنسۇ، شىنجاڭ ئۆلكىلىرىنىڭ ئۇگۇتچى ئامبىلى لىۇ جىنتاڭغا

يوللانغان دوكلات بولۇپ، دوكلاتتا، تۆرپان ۋاڭنىڭ ئەھۋالى چاتاق بولغاچقا، جىددىي ئەسكىرىي ياردەم كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغانىدى. شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ئەمدىلا تەرتىپكە سېلىشقا باشلىغان ليۇ جىنتاڭ بۇ ئىشقا خاپا بولۇپ «تۆرپان، پىچاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق چىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئوردىدىكى چېرىك، نۆكەرلەر تولۇق ئىشقا سېلىنسۇن. پەقەت بولمىغاندا چىقتىم قورۇلىدىن ① ، قۇمۇلدىن ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تەستىق سالدى.

① چىقتىم قورۇلى — شىنجاڭدىكى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تايانچ بازىلىرىدىن بىرى، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشىدىكى تايانچ ئىستېھكامى.

# ئون بىرىنچى باب

# ئوردىغا ھۇجۇم

## 1

ئەتىسى ناشتىدىن بۇرۇن يىگىت باشلىرى باغقا جەم بولدى. داستىخاندا يېڭىدىن شېخىدىن ئۈزۈلگەن، سۇدا چايقىلىپ مۇزلىتىلغان بىرنەچچە تاۋاق ئاق جۈجەم، چىڭگىل جۈجەم بار ئىدى. يىگىتلەر مەي باغلاپ پىشقان جۈجەملەرنى يەپ ئولتۇرۇپ ئەمدىكى ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىغانىدى.

— ئەمدى بۇ ئىش چىڭىغا چىقتى. بۇ مەلئۇنلار ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ، — دېدى مەتتوختاش مۇجاڭ.

— بولدى قىلمىسا جانغا جان، قانغا قان! — دېدى ئىككى قېتىملىق جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ يۈرىكى توختاپ تېخىمۇ كۈچكە تولغان مەترېھىم زور.

— ئەمدى كەينىمىزگە يېنىشىمىز قالمىدى، — دېدى مەجىلىل زور، — ئۇلار ھازىر ئامباللارغا مەلۇمات يوللاپ چېرىك توپلاۋاتقاندۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالالار كېلىدۇ. ھازىر خەلقنىڭ جېنى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قۇشقاچنىڭ جېنىچىلىكمۇ ئەمەس.

— ئۇنداق قورقۇنچاقلاردىن قورقۇپ قالمايمىز مەجىلىل ئاكا! — دېدى بىر يىگىت مۇشتىنى تۈگۈپ.

— ئەمدى ئۇكىلار، — دېدى مەجىلىل زور ئوڭايسىزلانغان- دەك، — ھازىرچە بىزدىن بىرەر ئۆلۈم-يېتىم بولۇپ باقمىدى. ئەم-

دى ۋلارنىڭ پەيلىدىن قارىغاندا قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنالمايمىز. شۇڭا سىلەرنى مېنىڭ بالايىمغا كەتمىسۇن دەيمەن. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا بالا ـ ۋاقاڭلار ئالدىدا يۈزۈم قالمايدۇ.

ــ بۇ گېپىڭنى قوي، مەجىلىل! ــ دېدى مۇھەممەت ئابدۇللا، ــ قىلغان ئىشىمىزغا ئىگە بولالمىساق قانداق يىگىت بېشى بولۇپ يۈرىمىز. نېمە كۆرسەك ئۆز ئىشىمىزغا رازى بىز. بۇ ئىشقا باش قاتۇرماي، «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» شۇنى ئويلان.

ــ توغرا، ــ دېدى زايىت «نار» (ئېگىز كىشى) ئېگىز، تەمبەل بەستىنى مىدىرلىتىپ يوغان ئاۋاز بىلەن، ــ بۇ مامۇت دېگەن مەلئۇننىڭ دەستىدىن ئەل ـ يۇرتنىڭ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمىكى تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ. ئۇ تاز ۋاڭ بولغاندىن بېرى خەلقنى قانچىلىك زار ـ زار قاقشاتتى، نى نارەسىدە قىزلىرىمىزنى دەپسەندە قىلدى. مېنىڭ تاقىتىم قالمىغىلى خېلى بولغان. شۇڭا دەيمەن، بۇ ئۇ تازنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويىدىغان بىر پۇرسەتكەن. ئەگەر يىگىتلەر قوشۇلسا بۇ يەردە ئۆلارنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈپ ياتقۇچە، ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇ مەلئۇنلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويايلى. ئەگەر كۈننىڭ يامىنىغا قالساق خەلقنىڭ قىساسىنى ئالغىنىمىز بولار.

ــ تازا كۆڭلىمىزدىكىدەك گەپ بولدى!

ــ يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال!

ــ بەرىبىر ئۆلۈم! يامان كۈنگە قالغۇدەك بولساق تاغقا چىقىپ كېتەرمىز.

ــ نەچچە ۋاقىتتىن «ۋاڭ، ۋاڭ» دەپ قورقۇپ يۈرۈپتىكەنمىز. ئۆلارنىڭمۇ جېنى تاتلىقكەنغۇ! ئاشۇ ۋاڭ دېگەننىڭ مويىغا بولسىمۇ تېگىۋالسام ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق.

ــ باشلا مەجىلىل، بىزنى تىڭشاپ تۇرغۇدەك يېرىڭ يوق.

بۇ مەردانە سۆزلەرنى ئاڭلاپ مەجىلىل زورنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى.

ــ رەھمەت قېرىنداشلىرىم، ــ دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، ــ

مەن باشتىلا مۇشۇنى كۆڭلۈمگە پۈككەن. ئەمما ھەرقايسىلىرىنىڭ خاتىرجەملىكلىرىنى بۇزغۇم كەلمىدى. بۇ ئەقىلسىز ۋاڭنىڭ دەستىدىن خەلقنىڭ كۆرمىگىنى قالمىدى. خەلق ئۆز يۇرتىدا ئۆز جېنىنى جان ئېتەلمىسە، ئادەمگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق يوق. يۇرت بېشى بولغان ۋاڭ خەلقنى ئەزسە يۇرت يۇرت بولامدۇ. دېمەكچىكى، بۇ كولپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئەقىلسىز ۋاڭنىڭ زۇلۇمىدىن بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ھەرگىزمۇ بوزەك بولۇپلا ئۆتۈۋەرمەيدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويمىساق بولمايدۇ. يىگىتلەر، سىلەرنى يامان كۆنگە باشلاپ قويغان بولسام مېنىڭدىن رازى بولۇڭلار.

— بىز رازى!

— ئەمدى، بۇ ئىشنى ئوبدان مەسلىھەتلىشىۋېلىپ، يىگىتلىرىمىزگە ئۇقتۇرايلى. مامۇتنىڭ ئامباللارنىڭ ياردىمىنى كۈتۈپ بىخۇد ياتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئوردىغا تېگىش قىلايلى.

كېڭەش ئەنە شۇنداق پىشقان بولدى. يىگىتلەر يىغىلدى. كېڭەشنىڭ ئەھۋالى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇلدى. يىگىتلەر جەڭگىۋار ئىدى، ئۇلارنىڭ قەسەملىرىدىن، قەتئىيەتلىرىدىن، ساغلام، بەقۇۋۋەت بەدەنلىرىدىن قايتىپ بولماس بىر كۈچ - قۇدرەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئەقىل ۋە كۈچكە تولغان بىرنەچچە يىگىتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يىگىتلەر رەسمىي قوزغىلاڭچى قوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى ۋە بىرقانچە تارامغا ئايرىلدى، ھەممىسى باشلىرىغا قىزىل ياغلىق چىگىشتى. پۈتۈن قوزغىلاڭغا مەجبۇلىل زور، مەترىھىم زور ۋە مەتكېرىم لىگا باشچىلىق قىلىدىغان بولدى. بەدىرىدىن لىگا، پازىل پاختا، مەتتوختاش مۇجاڭ، مۇھەممەت ئابدۇللا قاتارلىقلار مەسلىھەتچى بولدى. ئۇلار كۆپ مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەدبىرلىك، كۈچتۈڭگۈر ياشلاردىن نىدىرىدىن لىگا بىلەن زايىت نار

ئاساسلىق ھۆجۇمچى قوشۇنغا، قارىغۇجىنىڭ بۆلۈك مەھەللىسىدىن كەلگەن روزىمەت تەڭنە (يوغان قورساق) بىلەن زاكىر شاڭيۇ دۈشمەنگە ئوڭ ـ سولدىن قورشاپ ھۆجۇم قىلىدىغان قوشۇنغا باشچى بولدى. قەمەردىن لىگا بىلەن مويدىن ھاجى ئارقا سەپكە مەسئۇل بولدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاساسى جەھەتتىن رەتكە سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن قوشۇن بويىچە بىرىلگەن قەسەم ساداسى پۈتۈن يۇرتنى چاڭ كەلتۈردى:

— يولۋاس ئىزىدىن قايتمايدۇ! يىگىت لەۋزىدىن!

ئاندىن قوشۇن باشلىرى ۋەكىل بولۇپ چىقىپ بۇ ئىشتىن ئەل ـ جامائەتنى خەۋەردار قىلدى. سۇلتان مامۇتقا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ئىچ ـ ئىچىگە تىقىلىپ كەتكىلى ئۆزۈن بولغان خەلق بۇ گەپنى ئاڭلاپ «ئوغۇل بالا دەپ تۇغقىنىمىزغا تۇشلۇق يۈزىمىزنى يورۇق قىلىدىغان بولدۇڭلار، سىلەردىن مىڭ مەرتىۋە رازى!» دېيىشىپ ئۇلارغا رازىلىق بەردى ۋە نۇسرەت تىلىدى.

1887 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن ياڭخىيدىن لۈكچۈن شەھىرىگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى قىزىل ياغلىق يىراقتىن لاۋۇلداۋاتقان ئوتتەك كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ، شۇ تاپتا بۇ مەردانە يىگىتلەر زۇلۇم قامچىسى ئوينىتىۋاتقانلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان قۇدرەتكە تولغان ئوت ئىدى. يىگىتلەرنىڭ بەستىدىن ئۇرغۇپ تۇرغىنى جاسارەت، كۆزلىرىدىن يانغىنى غەزەپ ئوتى. بۇ غەلىتە، ئەمما ھەيۋەتلىك قوشۇننى كۆرگەن كىشىلەر ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىشتى.

ئېگىز ئوردا كۆزگە روشەن كۆرۈنگەندە بولسا، قوزغىلاڭچى قوشۇندا بېسىپ بولماس ھاياجان ۋە كۈچ پەيدا بولدى. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئۇلارنى يۈرەكئالدى قىلىپ كېلىۋاتقان، تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالماس قىلىۋەتكەن ئاشۇ ئوردىغا ئەمدى ئۇلار ئېگىلىپ ئەمەس، قىلىچ ئوينىتىپ كىرىدىغان بولدى. ئۆزۈندىن بۇنداق يېغىلىقنى خىيالىغا كىرگۈزۈپمۇ باقمىغان ۋە ئەزەلدىن

ئۆخلاپ ئۆگىنىپ قالغان ئېگىز ئورداننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى مۇگدەك كۆزلىرى بىلەن بۇ قوشۇنغا دىققەت قىلىشمىدى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن غەربىي قوۋۇقتىن شەھەرگە كىرىپ ئۇدۇللا ئوردىغا ئات سېلىپ بارغاندا، ئورداننىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان نۆكەرلەر قوراللىرىنى بەتلەپ، دەرۋازىنى ئېتىشكە تەييارلىنىپ بولغۇچە يىگىتلەر تەرىپىدىن قورالسىزلاندۇرۇلۇپ، باغلىنىۋېتىلدى. ئۇلار ئوردا ئىچىگە كىرگەندە ئوردىدا بىر خىل تىنچلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانىدى. مەجبىلىل زور زايىت نارغا دېدى:

— زايىت نار، يىگىتلىرىڭنى ئېلىپ مەن بىلەن ئېگىز ئوردىغا ماڭ، ئۇ مەلئۇن شۇ يەردە!

ئۇلار 41 تارتمىغا يېتىپ بېرىپ ئاسما كۆۋرۈكنى تارتىۋالغان نۆكەرلەرگە ۋارقىرايلى دەپ تۇرۇشىغا يان تەرەپتىكى ئىشىكتىن ئەمدىلا سارغىيىشقا باشلىغان ئۆرۈكنى ھۇزۇر قىلىپ چاينىغاپ سادىر يايى چىقىپ كەلدى ۋە مەجبىلىل زورلارنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى غەزەپنى، قوراللانغان بىر توپ يىگىتنى كۆرۈپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ۋە قولىدىكى ئۆرۈك تورۇكلاپ يەرگە چۈشتى. مەجبىلىل زورنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن سادىر يايى چەمبەرچاس باغلىنىۋېتىلدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ يۈرىكى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان سادىر يايىنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى:

— مەجبىلىل زور، مەندە گۇناھ يوق ... مېنى ... مېنى ئۆلتۈرمە ...

— مامۇت دېگەن مەلئۇن قېنى؟ — دەپ غەزەپ بىلەن سورىدى مەجبىلىل زور.

— تۇگمەن مەھەللىسىگە كەتتى ... تۇگمەن مەھەللىسىگە كەتتى ... — دېدى سادىر يايى ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ.

— نېمە قىلغىلى؟

— توي ... تويغا ...

ئۇلار سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈپ سۇلتان مامۇتنىڭ دېھقانسۇ[1] تۈگمەن مەھەللىسىدىكى ئادىل «قاغا» دېگەن كىشىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ تويى مۇناسىۋىتى بىلەن بولىدىغان چېلىشىشقا تەكلىپ بىلەن كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قانداق قىلىش توغرۇلۇق قىسقا كېڭەش قىلىشتى. شۇ ۋاقىتتىچە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشەلمەي ئالاقزادە بولۇپ يۈرگەن ئېگىز ئوردا ئۇستىدىكى نۆكەرلەر دالدا يەرلەردە تۇرۇۋېلىپ ھەدەپ تۆۋەندىكىلەرگە قارىشاتتى.

جىددىي كېڭەشنى تۈگەتكەن مەجېلىل زورلار روزىمەت تەڭگە ئوردىنى ئۇبدان ساقلاشنى، بىرەرمۇ خىزمەتچى، نۆكەرنى ئوردىدىن چىقارماسلىقنى بۇيرۇپ ئۆزلىرى شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىن ئايلىنىپ مېڭىپ سۇلتان مامۇت كەتكەن يەرگە يۈرۈش قىلدى.

## 2

ئۇلار يەنە كېڭەش قىلىپ سۇلتان مامۇتلارنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بىر تۈركۈم يىگىتنى شەھەر ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى، يەنە بىر تۈركۈم يىگىتنى بولسا دېھقانسۇغا بارىدىغان ئۆستەڭ بويىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزى بولسا ئوتتۇز نەچچە يىگىت بىلەن ياراقلىرىنى ئېگەر - خۇرجۇنلىرىغا يوشۇرۇشۇپ تويغا ماڭغان كىشىلەر قىياپىتىدە ئادىل قاغا دېگەنلەرنىڭ ئۆيىگە باردى. ئەمما چېلىشىش بۇ يەردە بولماي ئامانشاغا ئۇدۇل كېلىدىغان قاغىلار جەمەتىنىڭ تۈگمىنىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى سايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇلار دەرھال

① دېھقانسۇ — لۈكچۈندىكى بىر جاي. ئەينى ۋاقىتتا لۈكچۈندىكى غول ئۆستەڭدىكى سۇنى ۋاڭ، بەگ، سىپاھلار، كىچىك ئىرىقتىكى سۇنى دېھقانلار ئىشلىتىش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپى شۇ بويىچە «دېھقانسۇ»، «سىپانسۇ» دەپ ئاتالغان.

شۇ تەرەپكە قارىتىپ ئات سېلىشتى. تويىنىڭ تەييارلىقى بىلەن چېلىشىش كۆرۈشكە بارالمىغان كىشىلەر ئۇلارنى چېلىشىشقا كەلگەن يىگىتلەر بولسا كېرەك دەپ ئارتۇقچە ئويدا بولۇشمىدى. ئەمما بۇ يىگىتلەرنىڭ بېشىغا چىگىۋالغان قىزىل ياغلىقى ئۇلارنىڭ كۆزىگە سىغمىدى.

مەجبىلىل زورلار چېلىشىش بولۇۋاتقان مەيدانغا داۋراڭسىزلا يېتىپ بېرىشتى. چېلىشىشنىڭ قىزىقچىلىقىدا قالغان كىشىلەر ئۇلارغا ئانچە دىققەت قىلىپ كېتىشمىدى. مەجبىلىل زورلار تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەر ئىچىگە تارقىلىشىپ ئەھۋالنى كۆزىتىشتى. ئەمما ئۇلار شۇنچە قاراپمۇ ئىپسىلزادە ـ مۆتىۋەرلەر ئولتۇرغان ئورۇندىن سۇلتان ماموتنى تېپىشالمىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىشىپ ئاستا ـ ئاستا بىر يەرگە توپلاندى. مەجبىلىل زور ئۇلارغا ئىشارەت قىلىپ توپلانماسلىقنى ئۇقتۇردى ۋە يېنىدىكى دېھقان سۇپەت كىشىدىن ئاستا سورىدى:

— ئاكا، بۇ چېلىشىشقا ۋاڭ خوجامنىمۇ قاتنىشىپ چېلىشىش بەك قىزىپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئاڭلىۋىدۇق، ۋاڭ خوجام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ئۇ كىشى مەجبىلىل زورغا ئەمەس، ئەتراپىغا بىر قۇر قارىۋېتىپ تەنە قىلىپ ئاستا دېدى:

— بىلمەيلا ئۇنى؟ ئۇزە چېلىشىشقا ئەمەس، قىز ـ جۇۋانلار بىلەن چېلىشقىلى كەلگەن بولمايزە. چېلىشىش كۆرىمىز دەپ كېلىپىزە، بالادا قالدى بىچارە مەزلۇملار.

ئۇ كىشى شۇنداق دەپ تۇگمەنىنىڭ كەينىدىكى سۇ توپلىنىدىغان كۆلچەكنىڭ يېنىدىكى دەرەخلىكنى كۆرسەتتى.

مەجبىلىل زور سۇلتان ماموتنىڭ چېلىشىشنى باھانە قىلىپ كېلىپ، تويغا كەلگەن چىرايلىق قىز ـ چوكانلارنى مەجبۇرىي يىغىۋېلىپ ئاشۇ دەرەخلىككە ھۆجرا ياسىتىپ ئەيش ـ ئىشرەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ دەرھال يىگىتلەرنى يىغىپ ئۇلارنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلدى. بۇ

ئىشنى ئۇقۇقان يىگىتلەر ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇشۇپ تۇرالماي قېلىشتى.

— مۇنداقمۇ ھەددىدىن ئاشقان بارمۇ؟! — دېدى زاكىر شاڭيۇ قولىنى خۇرجۇندىكى خەنجەرگە سۇنۇپ، — ئاكا، تازا پەيتى ئىكەن، شۇ تاپتا ئۇ مەلئۇننىڭ ئىشرەتخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئىشنى تۈگىتەيلى.

— مەيلى، يىگىتلەر تەييارلىنىڭلار! — دېدى مەجىلىل زور قەتئىيلىك بىلەن، ئاندىن ئۇ بىر يىگىتكە بۇيرىدى، — سەن دەرھال بېرىپ دېھقانسۇدىكى يىگىتلەرگە ئېيت. ئۇلار ھوشيار بولۇپ تۇرسۇن!

ئۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا توي ئىگىلىرىدىن بىرى كېلىپ مەجىلىل زورغا پىچىرلىدى:

— سىلىگە ئايرىم گەپ بار ئىدى.

مەجىلىل زور ئۇ كىشىنىڭ ئىلتىجا ۋە ئەندىشە ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا بىر پەس قارىۋەتكەندىن كېيىن «بېرىپ كېلەي» دەپ قالغانلارنى تۇرۇپ تۇرۇشقا ئېيتىپ، ئۇ كىشىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇلار مېۋە - چېۋە، يېمەك - ئىچمەك قاچىلانغان ئىككى ھارۋىنىڭ دالدىسىغا كەلگەندە توختىدى. ئۇ يەردە توي - تۆكۈن ئىگىلىرىگە خاس خېلى ئەپلىك كىيىنگەن بىر كىشى تىتىلداپ، ئالاقزادە بولۇپ تۇراتتى. بۇ كىشى مۇشۇ تويىنىڭ ئىگىسى ئادىل قاغا دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ كىشى مەجىلىل زورنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئالدىدا پوككىدە تىزلاندى.

— ھوي، نېمە قىلغانلىرى بۇ ئاكا؟ — دېدى مەجىلىل زور ھودۇقۇپ ۋە ئۇ كىشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇشقا ھەرىكەت قىلدى. ئەمما ئادىل قاغا ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇرغۇزۇشىغا يول قويماي ئۆز گېپىنى قىلىۋەردى:

— ئۇكام، سىلىدىن ئۆتۈنەي، بۈگۈن ۋاڭ خوجامغا چېقىلمىساڭلار!

بولۇۋاتقان ئىشلار، مىش - مىش پاراڭلار ۋە تۈرلۈك

ئالامەتلەردىن توي ئىگىلىرى بوگونكى ئىشتىن بايا خەۋەر تاپقانىدى.

مەجىلىل زور بو گەپكە ھەيران قالدى. ھەممە كىشى سولتان ماموتنى بىشىنى يىسىكەن دەۋاتسا، بو كىشى ...

ــ قارىسىلا پالۋان ئوكام، بو تونجى ئوغلومنىڭ تويى ئىدى. شوڭا چىلىشىش قىلىپ، توينى قىزىسون دەپ مىلڭ تەستە ۋاڭ خوجامنى بو تويغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنىدىم. ئونىڭدىن باشقا، ئوزلەمو كورگەنلا، بو تويغا يەنە لوكچون، تويوق، ياڭخى، قاراغوجا، ئاستانىلەردىنمو يورت كاتتىلىرىنى، ئەھلى ئىلمى ئادەملەرنىمو چاقىرغانىدىم. ئەگەر، سىلى بو يەردە بىرەر ئىش چىقىرىپ قويسىلا جەمەتىمىزنىڭ ئىناۋىتىغىمو مەيلى، بىشىمنىمو ساقلاپ قالالمايمەن. بونى سىلى ئوبدان بىلىلا ئوكام. شوڭا بىر رەھىم قىلىپ تويىمىزنىڭ تىنچ - ئامان ئوتۇپ كىتىشىگە بىر راپاۋەت قىلغان بولسىلىرى. سىلىدىن ئو ئالەم - بو ئالەم رازى بولوپ كەتسەك، بىزدىن يانىمىسا ئولوغ ئاللادىن يانا ئوكام.

بو گەپلەرنى دەپ بولغوچە ئادىل قاغىنىڭ كوز ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى، بىشى بولسا تىخىمو ئىگىلىپ پىشانىسى يەرگە تىگەي دەپ قالدى. بونى كورگەن مەجىلىل زورنىڭ يورىكى ئىچىشتى، ئاتا دىمەت بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تورۇشى ئونىڭ يوزىنى چىمىلدىتىۋەتتى. شوڭا ئو ئادىل قاغىنى يولەپ تورغوزدى ۋە:

ــ بولدى، سىز دىگەندەك بولسون ئاكا. چىلىشىش بولىۋەرسون، توگىگەندە ... ئەمەلىيەتتىمو بو ئىبلىس تويغا كەلمەپتو.

بو گەپ بىلەن دەسلەپ يىنىك تىن ئالغان ئادىل قاغا ئاخىرقى «ئەمەلىيەتتىمو بو ئىبلىس تويغا كەلمەپتو» دىگەن گەپنى ئاڭلاپ گوناھكار كەبى بىشىنى تۆۋەن سالدى. مەجىلىل بونى چوشىنىپ كەينىگە ياندى، ئەمما بىرنەچچە قەدەم مىڭىپ

كەينىگە بۇرۇلدى:

— بىر گەپ ئاكا، بىزنىڭ بۇ يەردە ئىككەنلىكىمىزنى بىرسىگە تىنىپ سالماڭ. چېلىشىش تۈگىسە ۋاڭنىڭ يولىغا قاراپ تۇرماي ئۆيگە قايتىپ تويىڭىزنى داۋام قىلىۋېرىڭ، ھە راست، سىلى خۇش بولىدىغانلا ئىش بولسا مانا مەنمۇ چېلىشىشقا چۈشۈپ بېرەي.

— ماقۇل ئۇكام، ماقۇل! — دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى ئادىل قاغا. بۇ چاغدا مەجىلىل زورنىڭ چېلىشىش خۇمارى تۇتۇپ قالغانىدى. ئۇ بېرىپ يىگىتلەرگە بولغان ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە ئاخىرقى ئويىنى بايان قىلدى. چېلىشىشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇشقاندەك مەجىلىل زورنى چېلىشىشقا چۈشۈشكە ئۈندەشكە باشلىدى.

— بوپتۇ، — دېدى مەجىلىل زور ئېتىنى بىر يىگىتكە ئۇبدان قاراشقا تاپلاپ تاپشۇرۇپ، — بۈگۈن كالا بېشىنىمۇ، ۋاڭنىڭ بېشىنىمۇ ئېلىپ قايتايلى. ئەمما بىر يەرگە توپلىشىپ ۋارقىراشماڭلار، بولمىسا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويىمىز.

ئۇلار بىردەم تاماشا كۆرگەندىن كېيىن كالا بېشىغا چېلىشىش باشلىنىپ كۈچتۈڭگۈر بىر يىگىت قۇملۇق مەيداننى چۆرگىلەپ ھەيۋە كۆرسەتكىلى تۇردى. بىر چاغدا ئۇ پالۋان ھېچكىمنىڭ مەيدانغا چۈشمىگىنىنى كۆرۈپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ يۇڭلۇق مەيدىسىگە قوم سۈركەشكە باشلىدى. شۇ چاغدا مەجىلىل زور ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۇلار دەسلەپ يالغان ھەرىكەتلەر بىلەن بىر - بىرىنىڭ كۈچىنى، پەنتىنى سىناپ بېقىشقاندىن كېيىن كۈچ كۆرسىتىپ، تۇرلۇك پەنتلەرنى ئىشلىتىشىپ تىركىشىپ بىر - بىرىگە بوي بەرمەي چېلىشقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ تىركىشىشىنى كۆرگەن كىشىلەر «ياپىر»، «ئەيۇھەنناس» دەپ قېلىشتى. ۋاقىت ئۆزارغانچە بايىقى پالۋان

ھالسىزلىنىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا ۋاقىتلىق ھۇجرىدا نازۇ كەرەشمىلىك بىر سەتەڭ بىلەن كەيپ قىلىپ ئەمدىلا شەھۋانىي نەپسى قوتراپ، سەتەڭنىڭ «مېنى چىقىرىۋېتىڭلار» دەپ ۋارقىراۋاتقانىدەك چىڭگىدە تومپىيىپ تۇرغان كۆكسىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغان سۇلتان ماھۇت ھەرەمچىسىگە شەھۋەت نۇرلىرى بىلەن تولغان كۆزىنى تىكتى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ كۆنۈپ كەتكەن ھەرەمچىسى ھۇجرىنىڭ سىرتىغا ماڭدى:

— خوجام خىرىس قىلدى!

شۇنىڭ بىلەن كېنىزەكلەر ۋە باشقىلار ھۇجرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تەتۈر قارىشىپ تۇردى. دەل شۇ چاغدا «ۋاڭ خوجام، ۋاڭ خوجام» دەپ ۋارقىرىغىنىچە بىر غالچا يۈگۈرۈپ كەلدى، ئەمما ئۇنى ھەرەمچى تورىۋېلىپ سىرلىق كۈلۈپ پىچىرلىدى: «بولدى كىرمە، بېگىم ھازىر خىرىس قىلىۋاتىدۇ.»

بىراق، غالچا ئۇنىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلمىغاندەك:

— چېلىشىش باشلانغاندىلا ۋاڭ خوجام مېنى «چېلىشچىلار كالا بېشىغا چېلىشقاندا نېمىلا بولسۇن ماڭا خەۋەر قىل» دەپ چېلىشچىلارغا قاراپ تۇرۇشقا بۇيرۇغان، — دېدى مەغرۇرلۇق بىلەن. شۇنىڭ بىلەن ھەرەمچى يۈزىنى پەردىگە يېقىن ئەكېلىپ ئېھتىيات بىلەن ئاستا دېدى:

— ۋاڭ خوجام، كالا بېشىغا چېلىشىۋېتىپتۇ.

ئىچىدىن شاپۇر - شۇپۇر قىلغان ئاۋازدىن كېيىن سەتەڭنىڭ:

— ئەمدى بولۇۋىدى ... نەگە بارىلا؟ — دېگەن نازلىق ۋە نارازىلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئازدىن كېيىن پەردە قايرىلىپ تۇمىقىنىڭ ئاستىدىن تازلىرىنىڭ ئورنى كۆرۈنۈپ قالغان ۋاڭنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— قاچان باشلاندى؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ سەل ناخۇشلۇق بىلەن.

— ئاخىرقى ئىككىسى قالدى، تازا تۈتۈشۇۋاتىدۇ، — دېدى غالچا ۋاڭنى قىزىقتۇرۇش تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ. تۇرقىدىن ئۇنىڭ ۋاڭنى بىرەر قېتىم خۇش قىلىپ ئىنئام ئېلىش تەمەسىدە بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ۋاڭ ھۇجرا ئىچىگە بىر قارىۋېتىپ ئىچىگە بىر تىنىدى ۋە چېلىشىش بولۇۋاتقان يەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا غالچا ئەگەشتى، ئارقىسىدىن بىرنەچچە نۆكەر ماڭدى.

بۇ چاغدا مەجبىلىل زور ھېلىقى پالۋاننى يىقىتىپ كالا بېشىنى ئالغانىدى. شۇ خۇشاللىقتا ۋە ئۆزۈنىدىن بۇيانقى ئادەتلىنىش بويىچە يىگىتلەر بايىقى ئاگاھلاندۇرۇشنى ئېسىدىن چىقىرىپ مەيدانغا يوپۇرۇلۇپ چۇشۇشتى. مەجبىلىل زورمۇ كالا بېشىنىڭ خۇشلۇقى ۋە ھاياجىنىدا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىنى ئۆزىمۇ ئۇنتۇپ، تەنتەنە قىلىپ كېلىۋاتقان يىگىتلەرنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي كالا بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى. يىگىتلەر كېلىپلا مەجبىلىل زورنى كۆتۈرۈۋېلىشتى ۋە مەيداننى ئايلىنىپ قىيقاس - چۇقان بىلەن تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى.

دەرەخلىكتىن ئەمدىلا يېتىپ چىققان سۇلتان مامۇت ۋاڭ قىيقاس - سۈرەننى ئاڭلاپ مەيدانغا سىنچىلاپ قارىدى ۋە بىر توپ قىزىل ياغلىقلارنى كۆرۈپ كۆڭلى ئۆيگەندەك بولدى. ئاندىن يەنە بىر قانچە قەدەم مېڭىپ قىزىل ياغلىق چىگىۋالغان يىگىتلەر كۆتۈرۈۋالغان يەنە بىر قىزىل ياغلىق چىگىۋالغان يىگىتكە سىنچىلاپ قاراپ يۈرىكى «قارتىدە» قىلىپ قالدى. ئۇ مەجبىلىل زورنى تونۇۋالغانىدى. ساراسىمىدە قالغان سۇلتان مامۇت دەرھال كەينىگە ياندى. ئۇ پۇت - قوللىرى تىترىگەن ھالدا دەرەخلىككە ئارانلا بېرىۋالدى. بىر مۇدھىش قورقۇنچ ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ ياندا قويغانىدى. ئۇ ئالدىرىغىنىچە بېرىپ ھەرەمچىسىدىن سورىدى:

— كاھلار قېنى، ھېمىت كاھ قېنى؟

ۋاڭنىڭ بىردەمدىلا تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھەرەمچى

قورقۇپ كەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كەتكەن كىشىنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى بۇ ھەرەمچىگە تولىمۇ ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن تەستە دېدى:
— ۋاي خوجامنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سىركىپتىكى تويغا كەتتى.
— باشقا نۆكەرلەرچۇ؟
— ئۇلارمۇ شۇ تويغا ...
— ھېمىت كاھچۇ؟
— سارىخان ئىككىسى يوقىغىلى نېكەم.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلتان ماھۇت «خەپلەپ» ساقىلىنى سىقىملاپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى، ئاندىن خەۋەرچىسىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. شۇندىلا چىرايىغا كۆلكە يۈگۈرگەن ھەرەمچى يېنىك «ئۇھ» تارتىپ قويۇپ سۇلتان ماھۇتنى ۋە بىرنەچچە نۆكەرنى باشلاپ دەرەخلىكنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ ماڭدى ۋە:
— خوجام، ئۇلارنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى بىر چەتتە تۇرغان ئىككى كېنىزەك بىلەن ئالدىدىكى تائاملارغا قولىمۇ ئۇزارتماي يېشى قۇرۇغان كۆزلىرىدىن بىچارىلىك چىقىرىپ ئامالسىزلارچە ئولتۇرغان قىزلارنى كۆرسىتىپ.
— كېنىزەكلەر بىر ئامال قىلىپ ئوردىغا قايتسۇن، قالغانلار ... قالغانلارغا ئىجازەت!
بۇنى ئاڭلىغان قىزلارنىڭ پۇت - قولىغا غايىبتىن كۈچ - قۇۋۋەت كىرگەندەك ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشۇپ ھەممىسى بىر تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى ۋە بىردەمدىلا ئۆزلىرىنىڭ بەختىگە قارا قولىنى سۇناقچى بولۇپ تۇرغان بۇ جايدىن يىتتى. شۇ چاغدا يېتىپ كەلگەن ئالچا سۇلتان ماھۇتنىڭ يېنىغا ئالدىراپ يېتىپ كەلدى:
— ۋاي خوجام ...
ئەمما، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى چىقمايلا سۇلتان ماھۇت

ئۇنى قوپال سىلكىۋەتتى:
— يوقال!
غالچا بۇ غەزەپتىن خۇدىنى يوقىتىپ جايىدا تۇرۇپلا قالدى. سۇلتان مامۇتلار دەرەخلىكتىن چىقىپ بۇغدايلىقنىڭ نەم ئېرىقىغا چۈشتى ۋە بىردەم مېڭىپ كۆزدىن غايىب بولدى.
چېلىشىش ئاخىرلاشتى. ئادىل قاغىلار تۇغقانلىرى بىلەن كىشىلەرنى باشلاپ، توي بولۇۋاتقان ئۆيگە قاراپ ئالدىراپ ـ تېنەپ مېڭىشى بىلەن، مەجېلىل زورلار دەرەخلىككە باستۇرۇپ باردى. ۋاقىتلىق ياسالغان ھۇجرا ئالدىدا غالچا ھاڭۋاققان ھالدا ئولتۇراتتى. مەجېلىل زورلار ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ بېقىپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ھۇجرىنىڭ پەردىسىنى قايرىدى. پەردە قايرىلىشى بىلەن ئىچىدىن تاقەتسىزلىك ۋە سەل ئاغرىنىش ئارىلاشقان ئاۋاز ئاڭلاندى:
— ئەمدى كەللىمۇ بېگىم، ئادەمنى بۆلەكچە قىلىپ قويۇپ ...
يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان ئۇ سەتەڭ قوراللانغان، كۆزلىرى غەزەپتىن ئوت بولۇپ يانغان كىشىلەرنى كۆرۈپ «ۋاي، ئاتام» دېگىنىچە تاۋار كۆرپىلەر ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى. مەجېلىل زور ھۇجرا ئىچىگە قىسقا ۋاقىت نەزەر سېلىپ ئۆتتى: بۇ گەرچە ۋاقىتلىق ياسالغان ھۇجرا بولسىمۇ شاھانە بېزەلگەن. تاۋار يوتقانلار سېلىنغان كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى شىرەگە تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر تىزىۋېتىلگەن، شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە بىر نەچچە كومزەك مۇسەللەس بىلەن قۇۋۋەت ۋە شەھۋەت دورىلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇلارنى كۆرۈپ مەجېلىل زور سەسكەندى ۋە دەرھال كەينىگە ياندى.
شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ غال ـ غال تىترەپ كەتكەن غالچا مەجېلىلنىڭ سوئاللىرىغا تېزرەك جاۋاب بېرىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا قالغانىدى:

— ۋاڭ قېنى؟
— كەتتى ... قاچتى.
— قاچان؟
— ھازىر.
— نەگە؟
— بوغدايلىقنىڭ ئېرىقى بىلەن مۆشۈ تەرەپكە قاچتى.
— نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟
— ئوردىغا بارىدىغاندۇ؟

غالچىنىڭ ئەخمەقلەرچە دېيىلگەن بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ مەجىلىل زور يىگىتلەرگە ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتلىنىپ بوغدايلىقنى ۋە توگمەننىڭ ئىچى - سىرتىنى، يېقىن ئەتراپتىكى قورۇقشقا باشلىغان بىر كارىزنىڭ تىلمىلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى. بىراق، سۇلتان ماموتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «راستلا ئوردىغا كەتتىمۇ - يە؟ كەتكەن بولسىلا ...» دېيىشىپ دېھقانسۇ تەرەپكە ئات سېلىشتى.

ئۇلار دېھقانسۇغا بارغاندا مەترېھىم زورلار خېلىغىچە تەخ بولۇپ تۇرۇپ بېقىپ ئەمدى تىتىلداشقا باشلىغانىدى. ئۇلار بايا كەلگەن خەۋەردىن «سۇلتان ماموت ئاسانلا تۇتۇلىدىغان بولدى» دەپ ئويلاشقان بولسىمۇ، خەۋەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن خېلى كۆپ ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ كەلمىگىنىگە ئىچى پۇشۇپ كېتىشكەنىدى.

مەجىلىل زور ئۇلارغا بولغان ئەھۋالنى قىسقىلا دەپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن يىگىتلەر ئوردىغا قاراپ تېز ئىلگىرىلەشتى. ئۇلار شەھەر ئەتراپىدىكى يىگىتلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلار سۇلتان ماموتنىڭ بۇ يەردىن ئۆتمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار « ئۇ ھىيلىگەر مەلئۇن باشقا قوۋۇق بىلەن كىرىپ كەتتىمۇ - يە؟» دېيىشىپ، ئوردىدا قالغان يىگىتلەردىن ئەنسىرىشىپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئوردىغا ماڭدى.

# 3

ئۇلار ئۇردىغا بارغاندا روزىمەت تەڭنە بىرنەچچە يىگىتنى ئۇردا ئىشىكىگە قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى بىر چەتتىكى كۆتەك ئۈستىدە مۈگدەۋاتاتتى. نېرىدا بولسا سادىر يايى تېخىچىلا قورقۇنچتىن قۇتۇلالماي روھى چۈشكەن هالدا ئولتۇراتتى. ئېگىز ئۇردىدىكى نۆكەرلەر بولسا مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ، لېكىن ئوق چىقىرىشقا پېتىنىشالماي بىردە ئۇردا ئىچىگە، بىردە يىراقلارغا قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلار مەجىلىل زورلارنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ كېتىشتى.

مەجىلىل زورلارنى كۆرۈپ روزىمەت تەڭنەدىن بۇرۇن سادىر يايى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاتنىڭ كىشنىشىدىن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقان روزىمەت تەڭنە كۆزىنى ئۇۋۇلاپ سىرلىق كۈلۈپ:

— سۇلتان بېگىم بىلەن تەڭ مەشرەپ ئويناپ كەلدىڭلارمۇ نېمە؟ — دەپ چاقچاق قىلدى. بۇ چاقچاقتىن سۇلتان ماموتنىڭ ئۇردىغا كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن مەجىلىل زور چاقچاققا رايى بارماي روھى چۈشكەن هالدا:

— ئۇ ھىلىگەر تۈلكە تويدىن يۇشۇرۇنچە قېچىپ كېتىپتۇ، — دېدى ۋە بولغان ئەھۋاللارنى دەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ «ھەي ...» دەپ بىرئاز تۇرۇپ قالغان پازىل پاختا:

— بولار ئىش بولۇپ بوپتۇ. ئەسلى مەقسەت بويىچە ئىش قىلساق بولۇركەندۇق، — دېدى چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىپ. بۇ گەپ بىلەن مەجىلىل زور قاتتىق پۇشايمان بىلەن لېۋىنى چىشلىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى روزىمەت تەڭنە بايا ئۆزى ئولتۇرغان كۆتەكنى قەھرى بىلەن يونۇغان پىچىقىنى ئۆتىكىنىڭ قونچىغا تىقمۇۋېتىپ.

— ئەمدى بۇ يەردە تۇرغانىنىڭ پايدىسى يوق. سۇلتان مامۇت بەربىر بۇگۈن كەچكىچە كەلمەيدۇ. بۇ يەردە ساقلىساقمۇ بىلىنمۇ ئالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بىز قايتىپ كېتەيلى. ئۇ بىزنى كەتتى، قايتا كەلمىكى تەس، دەپ بىخۇدلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتە ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ شەنگەن، ئامبالارغا مەلۇم قىلىپ بولغۇچە ئەتە ئەتىگەندە باستۇرۇپ كېلەيلى، — دېدى پازىل پاختا ئەتراپلىق ئويلىنىپ. يىگىت باشلىرى بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن يىگىتلەر قايتىشقا تەرەددۇتلەندى. تېخىچىلا ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىقلىنىپ تۇرغان مەجىلىل زور سادىر يايىنى چاقىردى:

— سادىر، سەن گەپنى ئاڭلىدىڭ، بىز ئەتە يەنە ۋاڭنىڭ كاللىسىنى ئالغىلى كېلىمىز. بۇگۈن ساڭا رەھىم قىلغىنىمىزنى بىل. ئەگەر سەن ۋاڭغا بىزنىڭ پىلانىمىزنى دەپ قويساڭ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل.

بۇ چاغدا سادىر يايىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ:

— ئىللا - بىللا دېمەيمەن! — دېدى ئۇ جېنىنىڭ ئامان قالغىنىدىن خۇش بولۇپ.

— ئەمىسە نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورىدى پازىل پاختا سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ.

— قوشۇن توپلاپ بىرەر ھەپتىلەردىن كېيىن كېلىدىغانغا پىلان تۈزدى دەيمەن، — دېدى سادىر يايى دەرھال كاللا ئىشلىتىپ.

يىگىتلەر ئوردىدىن چىقىشتى. ئىچكى ئوردىدىكى نۆكەرلەر نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي شەھەردىن چىقىپ كېتىۋاتقان قوشۇنغا گاڭگىرىغانچە قاراپ قېلىشتى.

ئەتىگەندە جەڭگىۋار ھالەتتە شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەن يىگىتلەرنىڭ ئەمدى ھالى بوش، ئاتلىرىنىڭ يۈرۈشىمۇ ئېگىلىرىنىڭ ھالىغا بېقىپ ئاستا ئىدى. توپنىڭ ئاخىرىدىراق

كېتمۋاتقان مەجبۇل زور ھەر قېتىم ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر يىگىتنىڭ ئېتىنىڭ ئېگىرىگە ئېسىلغان، قىزىل شەلپەر چىگىلگەن كالا بېشىغا قارىغىنىدا ئاچچىقتىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولاتتى.

شۇ ئاخشىمى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن چاقچاقلىمۇ كۆڭلى تارتماي جىممىدە يېتىپ قىلىشتى. بۇنى كۆرگەن مەجبۇل زورنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ، ئۇنىڭمۇ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن روزىمەت تەڭنىنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— نېمىگە سالپىيىشىپ كەتتىڭ؟ ئەتە ئۇرۇشىمىز دەۋاتساڭ، تاشقىمىزنى سىققۇەتكەندەك مۇشۇنداق ياتساق ... خېمىردەك بوشاپ كەتكىنىنى بۇلارنىڭ ...

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى چىققۇچە پازىل پاختا ئېغىر ئاۋازى بىلەن چاقچاق قىلدى:

— بىزنى ساڭا سېلىپ قويغاندىكىن خېمىردەك يۇمشاپ كەتسەكمۇ كەتكەندىمىز.

بۇ چاقچاق روزىمەتنىڭ تەڭنە دېگەن لەقىمىگە تازا دەل كەلگەنىدى. بۇ گەپ بىلەن يىگىتلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئەمما، روزىمەت تەڭنىمۇ بوش كەلمىدى:

— ماڭا باشقىلارنى سالسىمۇ سېنى سالمىغاندۇ؟ بولمىسا خېمىر يۇغۇرغاندا بىرلا ھاسىرىسام ئاغزىمدىن چىققان يەلدە ئۇچۇپ كەتمەمسەن؟

بۇ چاقچاق بىلەن يىگىتلەرنىڭ روھى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشتى. چاقچاقلارنى ئاڭلاپ ياتقان مەجبۇل زور بۇ گەپلەرنىڭ ئاساسەن ئۆزى ئۈچۈن دېيىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ خىجىللىق ھېس قىلدى. «چۈنكى، ئۇ چېلىشىمەن دەپ ئىشنى بۇزغانىنىڭ ئۈستىگە، مانا ئەمدى سولىشىپ يېتىپ باشقىلارغا يامان تەسىر بەردى. قوزغىلاڭنىڭ بېشى تۇرۇپ بۇنداق ھالغا

چۈشۈپ قالسا ...» مەجىلىل زور بۇلارنى ئويلاپ راستتىنلا خىجىللىق ھېس قىلدى. شۇڭا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشىپ يىگىتلەرنىڭ قېشىغا باردى.

— ئەتە بېرىپ نېمىلا بولسا بىر ئۇرۇشىلى ئاكا، — دېدى بىر يىگىت روزىمەت تەڭنىگە.

— شۇنداق قىلىنى، — دېدى يەنە بىر يىگىت، — بازار كۆرۈپ كەلگەندەك قايتساق ئادەمگە بىئەپ بىلىنىدىكەن.

— بولىدۇ، — دېدى روزىمەت تەڭنە باشقىلارنىڭ بىر نېمە دېيىشىنى كۈتمەيلا، — ۋاڭنى يەنە تاپالمىساق ئېگىز ئوردىدىكى گۇيلارنى بىر ئامال قىلىپ شەرمەندە قىلىپ، ئېگىز ئوردىغا ئوت قويۇۋېتىمىز.

— ۋاھ، ئەجەب بەلەن گەپ قىلدىڭ ئاكا. شۇ ئېگىز ئوردا دېگەنگە بىر چىقىپ باققۇم بار ئىدى، — دېدى باشتىكى يىگىت. شۇنىڭ بىلەن ئۇ - بۇ توختىماي گەپ قىلىپ قورۇنىڭ ئىچى قىزىپ كەتتى.

— مەجىلىل، شۇنداق قىلايلى، — دېدى روزىمەت تەڭنە ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، — ئەتىمۇ مۇشۇنداق قايتىپ كەلسەك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ناۋادا ۋاڭ يەنە قېچىپ كەتسە، ئوردىغا بولسىمۇ ئوت قويۇپ ھەيۋىمىزنى كۆرسىتىپ قويايلى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى پازىل پاختىمۇ، — شۇنداق قىلمىساق يىگىتلەرنىڭ باتۇرلۇقىغا تەسىر يېتىپ قالغۇدەك.

قالغانلارمۇ بۇ گەپكە قوشۇلدى.

## 4

ئەتىسى يىگىتلەر ناھايىتى جەڭگىۋار ھالەتتە ياڭخىيدىن چىقتى. ئۇ، شۇ ھالەتتە تېز يۈرۈش قىلىپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا ئالدىنقى قېتىمقىدەك شەپە چىقارماي ئەمەس، قىيقاس - چۇقان، ھەيۋە بىلەن باستۇرۇپ باردى. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى تەسىر

قىلغانمۇ ئۇلار يېتىپ بېرىشىغىلا ئوردا ئىشىكى چوڭ ئېچىۋېتىلدى. ئۇلار باستۇرۇپ كىرىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئوردا ئىچى تۇنۇگۇنكىدەكلا جىمجىتلىقتا پېتىپ تۇراتتى. ئېگىز ئوردىدا بولسا تۇنۇگۇنكى مىلتىقلىقلار كۆرۈنمەيتتى. روزىمەت تەڭنە ئوردا دەرۋازىسىنى ئېچىپ يوكۇنۇپ تەزىم قىلىپ، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەۋاتقان دەرۋازا قوغدىغۇچىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئېيتە، ۋاڭ نەگە كەتتى؟

— كەلمىدى.

— كەلمىدى؟!

— ھەئە، تۇنۇگۇن ئەتىگەن كەتكەنچە ھازىرغىچە كەلمىدى.

بۇ گەپ بىلەن يىگىتلەر نەچچە سىكۇنتقىچە نىمە قىلىشنى بىلىشەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئاندىن ھەممىسى كېلىشىۋالغاندەك روزىمەت تەڭنىگە قاراشتى.

— ئېگىز ئوردىدا كىم بار؟ — دەپ سورىدى روزىمەت تەڭنە يىگىتلەرنىڭ قاراشلىرىنى چۈشىنىپ.

— ھاشىم «پىشاپ» بار، — دېدى قوغدىغۇچى بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي.

— پىشاپ؟! بۇ نىمە گەپ؟

— ئوردىنىڭ تارتما كۆۋرۈكىنى چۈشۈرۈپ ـ يىغىشقا مەسئۇل كىشى. ئۇ يەردە تولا تۇرۇپ ئىچى پۇشۇپ، ئۇيقۇسى كېلىپ كەتسە، ھەدەپ «پىشاپىم قىستاپ كەتتى» دەپ ھاجەتخانىغا كىرىۋېلىپ بىردەم ـ يېرىم دەم كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى ...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگىچە يىگىتلەر كۇلۇشۇپ كەتتى. بۇنى ئاڭلاپ قوغدىغۇچى يېنىك بولۇپ قالغانمۇ، بېشىنى تەستە كۆتۈردى.

— بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم. سەن بېرىپ دە، ئۇ كۆۋرۈكنى چۈشۈرسۇن.

قوغدىغۇچى «ماقۇل، ماقۇل» دېگىنىچە 41 تارتمىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يۇقىرىغا قاراپ قولىنى كانايچە قىلىپ ۋارقىرىدى:
— هوي، هاشىم پىشاپ، هوي پىشاپ!
بىر چاغدا بىرىنىڭ يۈزى غىل - پال كۆرۈنگەندەك بولدى.
— بېشىم ئامان قالسۇن دېسەڭ، كۆۋرۈكنى چۇشۇر.
— كۆۋرۈكنى چۇشۇرسەممۇ بېشىم ئامان قالمايدۇ، — دېدى هاشىم پىشاپ بەربىر كېيىن ۋاڭنىڭ ئۆزىنى ئامان قويمايدىغانلىقىنى پۈرتىپ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ روزىمەت تەڭنە ئالدىغا ئۆتتى:
— هوي، پىشاپ! ئەگەر كۆۋرۈكنى چۇشۇرمىسەڭ، ئوردىغا چىقىپلىۋالىدىغان بولسام جەددى - جەمەتىڭنى ئامان قويمايمەن، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پازىل پاختا بېشىنى چايقاپ كېلىپ ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ ئۇنى سۆزدىن توختاتتى ۋە:
— هاشىم بۇرادەر، سەن ئويلاپ باق، بىز ۋاڭنى يوقىتىمىز دەۋاتساق، سېنىڭ كۆۋرۈكنى چۇشۇرگىنىڭگە يەنە كىم ساڭا چېقىلالايدۇ؟ — دېدى. روزىمەت تەڭنىنىڭ سۆزى بىلەن بۇ گەپ دەرهاللا ئۇنۇمىنى كۆرسەتتىمۇ، غالتەكلىك كۆۋرۈك ئاستا - ئاستا چۇشۇشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن يىگىتلەر تارتمىغا يۈگۈرمەكچى بولۇۋېدى، روزىمەت تەڭنە ئۇلارنى توسۇۋالدى. كۆۋرۈك تولۇق چۇشۇپ بولغاندا روزىمەت تەڭنە ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى:
— هاشىم پىشاپ، پەسكە چۇش!
هاشىم پىشاپ پەستىكىلەرگە ئېهتىيات بىلەن قاراپ پەسكە چۇشتى. ئۇ 41 تارتمىنىڭ تۈۋىگە چۇشۇشى بىلەنلا روزىمەت تەڭنە كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتتى.
— ماڭا ... ماڭا چېقىلمايمەن دېگەنغۇ؟
— قورقما، — دېدى روزىمەت تەڭنە تەمكىنلىك بىلەن، — بىزگە راستىنى ئېيت، ئۇستىدە كىم بار؟

— مەن راست ئېيتىمەن، سەن لەۋزىڭدە تۇرۇپ مېنى قويۇۋەت. ھازىر ئۇستىدە ئون نەچچە كېنىزەكتىن باشقا بىرەرمۇ ئەركەك ئۇجۇتى يوق.

— چىقىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى روزىمەت تەڭنە يىگىتلەر ئېگىز ئوردىغا قاراپ ئاتلىنىشتى. ئوردا ئۇستىگە چىققان يىگىتلەر لۇكچۇن شەھىرى ئىچىگە، يىراقلارغا ھەيرانلىقتا قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھەتتا بەزى يىگىتلەر مىلتىقىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ قولى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— قاراڭلار، داۋۇ [1] ياڭخىيغۇ!

— ۋاي راست، تۇيۇق غوجاممۇ ئوچۇقلا كۆرۈنىدىكەنغۇ!

بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ روزىمەت تەڭنىمۇ ھاياجانلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ، ئۇ لۇكچۇن شەھەر ئىچىگە قاراپ ئىچىدە شۇنچە قايناق، ھەيۋەتلىك بىلىنىدىغان شەھەرنىڭ ئاددىيلا كۆرۈنۈۋاتقانلىقى قىزىقلا بىلىندى. ئەمما شۇ دەقىقىدە ئۇ تۇنۇگۈنكى ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە ۋارقىرىدى:

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىلەر، ئاختۇرۇڭلار!

روزىمەت تەڭنىنىڭ قوپال ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يىگىتلەر يەنە جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپ ھوجرىلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. روزىمەت تەڭنە سىرتتا تۇرۇپ نازارەت قىلغاچ ھوجرىلاردىن غال - غال تىترەپ چىقىۋاتقان كېنىزەكلەرگە ۋارقىرايتتى:

— جان كېرەك بولسا دەرھال ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلار!

بۇ گەپ بىلەن تام، پېشايۋان، ئىشىك، پەنجىرىلىرى تۈرلۈك گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلىپ نەقىشلەنگەن ھوجرىلاردىن بىر - بىرىگە باقماي چىقىشقان كېنىزەكلەر، ئالدىراشچىلىقتا چالا

---

[1] داۋۇ — ئاۋۇ.

چىگىلگەن بوپىلىرىنى قولتۇقلاشقانچە تۆۋەنگە قاراپ چېپىشتى.

ھەممە ئۆيلەر ئاختۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، روزىمەت تەڭنە كۆۋرۈككە كېلىپ تۆۋەندە تۇرغان مەجىلىلغا دوكلات قىلغاندەك ئېيتتى:

— مەجىلىل زور، ۋاڭ يوقكەن، قانداق قىلىمىز؟

روزىمەت تەڭنىنىڭ «مەجىلىل زور يەنىلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشى» دېگەننى ئەسكەرتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق دەۋاتقىنىنى چۈشەنگەن مەجىلىل زورنىڭ ئىچىگە ئىسسىق بىر ئېقىم تارىغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارانلا ئېيتتى:

— ئوت يېقىڭلار!

يىگىتلەر ئالدىن تەييارلانغىنى بويىچە ئېگىز ئوردىغا ئوت يېقىۋەتتى. ئېسىل يوتقان - كۆرپىلەر، پۇختا نەقىشلىق قىلىپ ياغاچتىن ياسالغان جابدۇق - چارىلار، ئىشىك - دېرىزىلەر بىر دەمدىلا ئوت ئىچىدە قالدى.

ئىشلار بىر ئاز بېسىقىپ، يىگىتلەر ئارام تېپىپ قېلىۋىدى، ئۇلار يەنە ئېگىز ئوردىنىڭ پارىڭىغا چۈشتى. بولۇپمۇ ئوردىنىڭ ئېگىزلىكى نۇرغۇن يىگىتنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

— ئوردىنىڭ بۇنچىلىك ئېگىزلىكىنى پەقەت ئويلىمىغانىكەنمەن، — دېدى بىر يىگىت تېخىچىلا ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي.

— شۇنچە ئېگىزلىككە باقماي چوڭلۇقچۇ!

— تۆيۈق خوجامۇ شۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈۋاتسا ... ئەجەبمۇ سېلىنغان ئوردىكەن بۇ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىرى گەپكە لوقما سېلىپ مەزمۇننى بۇرىۋەتتى.

— ھە راست، ئاشۇ تۆيۈق خوجام بىلەن ھەرەمگە بارغىلى بولامدۇ؟

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئاستانىلىك بىر يىگىتنىڭ بۇ گەپكە كۈلگىسى كېلىپ.

— چوڭلاردىن شۇنداق ئاڭلىدىم. ئۇ خوجامدا بىر غار بار ئىكەن. ئۇ ئۇلۇغلىرىمىز ياتقان غار ئىكەن. شۇڭا ئىلىمدە توشقان، نىيىتى تازا دۇرۇس كىشى شۇ غارغا كىرسە غاردىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ يول پەيدا بولىدىكەن. شۇ يول بىلەن ماڭسا ھەرەمگە بىردەمدىلا بارغىلى بولغۇدەك.

— ئۇ غاردا ئۇلۇغلىرىمىز ياتقان بولسا راستتۇر.

— پازىل ئاكا، بىلسەڭ بىزگە شۇ تۇيۇق خوجام ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىنا، — دېدى بىر يىگىت بىر چەتتە خىيالغا پېتىپ تۇرغان پازىل پاختىغا. ئادەتتە سۆزلەش زۆرۈر دەپ قارىغان نەرسىلىرىنى پازىل پاختا ئانچە نېزىقاپ ئولتۇرمايلا سۆزلەۋېرەتتى.

— ئۇ خوجامنىڭ ئەسلىي ئىسمى «ئەسھابۇلكەھف» دېيىلىدۇ. بۇ ئەرەبچە گەپ، مەنىسى «غاردىكى ساھابىيلار» دېگىنى، — دېدى پازىل پاختا «ئەسھابۇلكەھف» ھەققىدىكى رىۋايەتنى باشلاپ:

قەدىمكى زاماندا لوكچۇن ئەتراپلىرى پايانسىز كەتكەن يايلاق بولۇپ، قەبىلىلەر سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ، سۇيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى بولۇق جايلارنى ماكان تۇتۇپ، مال - چارۋا بېقىپ ھايات كەچۈرىدىكەن. ئادەملەر قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەنىكەن. شۇنداق قەبىلىلەرنىڭ بىرىدە دەقيانۇس ئىسىملىك بىر پادىچى بولغانىكەن. دەقيانۇس شۇ زاماندىكى بىر قەبىلىنىڭ قۇلى بولۇپ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۆز خوجايىنىنىڭ پادىلىرىنى باقىدىكەن. دەقيانۇس مال - پادىلارنى بېقىپ نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر كۈنى كۈن پاتارغا يېقىن دەقيانۇس ماللىرىنى ھەيدەپ مەھەللىگە كېتىۋاتقانىكەن. پادىلارنىڭ كەينىدە كېتىۋاتقان بىر قوينىڭ ئارقا پۇتى بىر تۆشۈككە كىرىپ قېلىپ، قوي پادىلىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. دەقيانۇس بۇ قوينىڭ پۇتىنى تۆشۈكتىن تارتىپ چىقارغانىكەن، قوم سىيرىلىپ تۆشۈك بارا - بارا چوڭىيىپتۇ. دەقيانۇس بۇ تۆشۈككە قىزىقىپ قاپتۇ. شۇڭا

قولى بىلەن تۆشۈكنى چوڭلاتقانىكەن، يانتۇ چېپىلغان ئۆزۈن بىر غار كۆز ئالدىدا ئايان بوپتۇ. دەقىيانۇس غارغا كىرىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ ۋە بىر ئىشىككە يېتىپ بېرىپتۇ. ئىشىكنى شۇنداق ئاچقانىكەن، ئەيىيۇھەنناس، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇن ـ يامبۇلار، كۈمۈش تەڭگىلەر، تۈرلۈك زىبۇزىننەت، گۆھەر، ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، جاۋاھىرلارغا تولۇپ كەتكەن چوڭ بىر لەخمە ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ. دەقىيانۇس تەڭرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن ھەيرانۇ ھەس بولۇپ، ھوشىنى يوقىتىپتۇ. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، بۇ بايلىقنى قانداق ئېلىش توغرىسىدا ئويلىنىپتۇ ۋە ھازىرچە بۇ ئىشنى سىر ساقلاپ پەم بىلەن ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىكنى ئەسلىدىكى پېتىچە يېپىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ھىم قىلىپ ئېتىپتۇ ۋە بەلگە قىلىپ بىر تال پۆپۈكلۈك قومۇشنى سانجىپ قويۇپ، قويلىرىنى ھەيدەپ كېتىپتۇ.

دەقىيانۇس ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، ئاخشىمى يېقىن ئاغىنىسىدىن تۆتنى چاقىرىپ، كۆرگەنلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە بۇ بايلىقنى قانداق ئېلىش، نېمىگە ئىشلىتىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپتۇ. دەقىيانۇس ئاغىنىلىرى بىلەن بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى قۇللارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ، بىر قىسمىغا قورال ـ ياراغ ياسىتىپتۇ. ئىشلار پىلان بويىچە جاي ـ جايىدا ئورۇندىلىپ، دەقىيانۇس باشچىلىقىدىكى قۇللار ئىسيان كۆتۈرۈپ، قەبىلە باشلىقىنى ئۆرۈق ـ جەمەتى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قەبىلە باشلىقىنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى قۇللارغا بۆلۈپ بېرىپ ئۇلارنى ئازاد قىلىپتۇ. قۇللار دەقىيانۇسنىڭ ئىخلاسمەن پۇقرالىرىغا ئايلىنىپتۇ. دەقىيانۇس ئۆڭكۈردىكى بارلىق مال ـ دۇنيانى ئېلىپ، ئۆزىگە چوڭ بىر شەھەر سالدۇرۇپتۇ. بۇ شەھەر دەقىيانۇسنىڭ شەھىرى دەپ ئاتىلىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنىمۇ ئۆزىگە قارام قىلىپ تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ئاخىرىدا يۇرتىكىنى قاپتەك

قىلىپ يۇتۇن ئىقلىمغا ئۆزىنى «تەڭرى» دەپ جاكارلاپتۇ.

دەقىيانۇس دەۋرىدە يەمەن پادىشاھىنىڭ يەملەيخا، يەكسەلمەينا، ياۋايىيۇنۇس، ئازارپەت يۇنۇس، شادىيۇنۇس ئىسىملىك بەش ئوغلى بولۇپ، ئۇلار تەڭرىنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى توغرىسىدا كۆندە دەتالاش قىلىشىدىكەن. ئۇلار دەقىيانۇسنىڭ ئۆزىنى «تەڭرى» دەپ جاكارلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تەڭرىنى كۆرۈش ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن دەقىيانۇسنىڭ شەھىرىگە سەپەر قىپتۇ. بۇ بەش شاھزادە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، مىڭ بىر جەبىر - جاپالارنى تارتىپ، ئاخىر دەقىيانۇسنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ شەھەرنى تەپسىلىي كۆزىتىپتۇ. دەقىيانۇس ھەرقايسى يۇرتلاردىكى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە بايلارنى چاقىرىپ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە قىمار ئوينايدىكەن، كۈندۈزى ئۇخلايدىكەن. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، دەقىيانۇس قىمار ئوينايدىغان سارايىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئون ئىككىدىن 124 مۇشۇكنى سەپراس تىزىپ، تىك ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، مۇشۇكلەرنىڭ بېشىغا ياندۇرۇلغان چىراغلارنى قويۇپ قويىدىكەن. مۇشۇكلەر تاڭ ئاتقۇچە بېشىدىكى چىراغنى كۆتۈرۈپ تىك ئولتۇرىدىكەن. دەقىيانۇس بولسا باشقىلار بىلەن چىراغ يورۇقىدا قىمار ئوينايدىكەن. دەقىيانۇس بۇ كارامىتى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىنسانلار ۋە بارلىق مەخلۇقات - مەۋجۇداتلارنىڭ تەڭرىسى دەپ ئىشەندۈرىدىكەن.

يەمەن پادىشاھىنىڭ شاھزادىلىرى دەقىيانۇسنىڭ بۇ كارامىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. ئەگەر دەقىيانۇس شاھزادىلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتسە، ئۇنى تەڭرى دەپ ئېتىراپ قىلماقچى بولۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادىلەر يەمەندىن كەلگەن بايلار سىياقىدا ياسىنىپ، دەقىيانۇسنىڭ ھوزۇرىدا قىمارغا قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. دەقىيانۇس ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ، شاھ ئوردىسىغا تەكلىپ قىپتۇ. دەقىيانۇسنىڭ سارىيىدا قىمار

باشلىنىپتۇ. شاھزادىلەر ئۆردىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ھەربىرى بىرنەچچىدىن چاشقاننى تۇتۇپ يەڭلىرىگە يوشۇرۇۋالغانىكەن. ئۆردىدا قىمار تازا قىزىغان پەيتتە شاھزادىلەر چاشقانلارنى قويۇۋېتىپتۇ. چاشقانلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشىپتۇ. بېشىغا ياندۇرۇلغان چىراغ قويۇلۇپ ئۆگىتىلگەن بۇ مۈشۈكلەر چاشقاننى كۆرۈش بىلەن خۇيى تۇتۇپ، بېشىدىكى چىراغلارنى ئۆرۈگىنىچە چاشقانلارغا ئېتىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ قىمار بۇزۇلۇپتۇ. مات بولغان دەقىيانۇس دەرغەزەپكە كەپتۇ. شاھزادىلەر بولسا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆردىدىن چىقىپتۇ ۋە دەقىيانۇسنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن شەرققە قاراپ قېچىپتۇ. قېچىپ ئاخىر دەقىيانۇس شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تۇيۇق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ئۇلىشىپتۇ. دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپتۇ ۋە قەيەرگە قېچىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. شاھزادىلەر بىردەك: «باشقا يەرگە ماڭساق تۇيۇلۇپ قالىمىز، دەريانى بويلاپ تاغ ئېغىزى تەرەپكە ماڭغىنىمىز تۈزۈك» دەپ قارار قىلىشىپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە تاڭ ئاتقۇزۇپ، ئەتىسى تاغ ئېغىزىغا قاراپ يول ئاپتۇ (كېيىنكى دەۋرلەردە شاھزادىلەر مەسلىھەت قىلىشقان ئاشۇ يەرنى كىشىلەر ئۇلۇغلاپ «مەشەت خوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بىنا قىلغانىكەن. بۇ يەر ئەسلىدە شاھزادىلەر مەسلىھەت قىلىشىپ بىر كېچە قونغانلىقى ئۈچۈن «مەسلىھەت خوجام» دەپ ئاتالغانىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇيۇق دىيارىدىكى ئادەملەرنىڭ تىل شېۋىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن «مەشەت خوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىكەن. تۇيۇق يېزىسىدىكى شا كەنت تەۋەسىدە ھېلىمۇ «مەشەت خوجام» دەپ ئاتىلىدىغان يەر بار).

شاھزادىلەر قاچقاندىن كېيىن دەقىيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنى قوغلاپتۇ. ئۇلار شاھزادىلەر غەربكە قاراپ قاچقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراپ كۇنپېتىشنى ئىزدەپتۇ. ئەمما كېچىچە

ئىز دەپمۇ تاپالماپتۇ. ئەتىسى يەرگە يورۇق چۈشكەندە چاپارمەنلەر شاھزادىلەرنىڭ شەرققە ماڭغان ئىزىنى تېپىپ تۇيۇققا قاراپ يۈرۈش قىپتۇ.

شاھزادىلەر ئېغىزغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، يولدا دەقىيانۇسنىڭ پادىسىنى باقىدىغان پادىچى قۇل كەشپۇتەت يۇنۇس ئۇچراپتۇ. پادىچى ئۇلاردىن قەيەرگە سەپەر قىلغانلىقىنى سوراپتۇ. شاھزادىلەر «تەڭرىنى ئىزدەپ ماڭدۇق» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. پادىچى شاھزادىلەرگە «مەن يول باشلىغاچ سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ، تەڭرىنى بىللە ئىزدىگەن بولسام» دەپتۇ. شاھزادىلەر پادىچىنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. پادىچى ماللارنى تاشلىۋېتىپ شاھزادىلەرگە يول باشلاپ مېڭىپتۇ. ئويلىمىغاندا ئۇلارنىڭ كەينىدىن پادىچىنىڭ ئىتى قىتمىرمۇ بىللە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. شاھزادىلەر: «ئەگەر ئىتنى ئېلىۋالساق، قاۋاپ قويسا تۇيۇلۇپ قالىمىز. شۇڭا ئىتنى ھەيدىۋېتەيلى» دەپتۇ (بەزىلەر شاھزادىلەرنىڭ ئىككى قېتىم «تۇيۇلۇش» سۆزىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ جاي «تۇيۇق» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان، دېيىشىدۇ). پادىچى ئىتنى قوغلاپتۇ. لېكىن ئىت داۋاملىق ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئىتنىڭ بىر پۇتىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئىت ئۈچ پۇتلاپ دىڭگوسلاپ مېڭىپ ئۇلارغا ئەگىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، ئىتنىڭ تۆتلا پۇتىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. لېكىن ئىت دومىلاپ ئۇلارغا ئەگىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىچى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانىكەن، ئىت دەرھال زۇۋانغا كېلىپ: «ئى ئىنسانلار، سىلەر تەڭرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىسىلەر، مېنىمۇ تەڭرى ياراتقان، شۇڭا مەنمۇ سىلەر بىلەن تەڭرىنى ئىزدەپ بارسام بۇنىڭ نېمە گۇناھى بار؟» دەپ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈپتۇ. ئۇلار ئىتنىڭ ئىلتىجاسىدىن تەسىرلىنىپ، ئىتنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ساھابىلەر ئالتە ئادەم، بىر ئىت تۇيۇق ئېغىزىغا

قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار تۇيۇق ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە، دەقىيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنى قوغلاپ كەپتۇ. شۇ چاغدا بىر كارامەت يۈز بېرىپتۇ. تۇيۇق ئېغىزىنىڭ غەربىي يان باغرىدا بىر ئۆڭكۈر نامايان بوپتۇ. ساھابىلەر ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئاپتۇ. ساھابىلەرنى قوغلاپ كەلگەنلەر تاغ ئېغىزىنىڭ ئىچىدە تەرەپ ـ تەرەپنى ئىزدەپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ئۆڭكۈرنىڭ يېنىغا كەلگىنىكەن، ئادەمزاتنىڭ ئىزى كۆرۈنمەپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا بولسا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ، كۆك كەپتەرلەر ئۇۋا ياساپ، ساھابىلەرنى ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپتۇ. دەقىيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى تاغ ئېغىزىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىغاندىن كېيىن، غولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چوققىغا ئۆي ياساپ ساھابىلەرنى كېچە ـ كۈندۈز كۆزىتىپتۇ. كېيىن نەغمە ـ ناۋا قىلساق شاھزادىلەر ئويۇن ـ تاماشىغا قىزىقىپ چىقىشى مۇمكىن، دەپ 41 كېچە ـ كۈندۈز مەشرەپ ـ مېلىس ئۆتكۈزۈپتۇ. بىراق، ساھابىلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. دەقىيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كېتىپتۇ (تۇيۇق ئېغىزىنىڭ شەرقىي يان باغرىدا كىشىلەر تەرىپىدىن «خان ئوردىسى»، «مېلىسخانا» دەپ ئاتىلىدىغان جايلار ھېلىمۇ بار ئىكەن).

ئالتە نەپەر ساھابە ۋە قىتمىر دەپ ئاتىلىدىغان ئىت ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنغاندىن كېيىن، بەخىرامان ئۇخلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى قېنىپ، قورسىقى ئېچىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ ۋە يەيدىغان نەرسە ئەكېلىش ئۈچۈن كىچىك بىر بازارغا بېرىپتۇ. ئەمما ناۋايلار ئۇلارنىڭ قولىدىكى يارماقنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە: «بۇ يارماقلار دەقىيانۇسنىڭ ۋاقتىدىكى يارماق ئىكەن، بۇ يارماقلار ئۆتمەس بولغىلى 309 يىل بولدى» دەپتۇ. ساھابىلەر بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەي سۈرۈشتۈرسە، دەقىيانۇسنىڭ ئۆلگىنىگە 300 يىلدىن ئاشقانىكەن. ئەمما، ساھابىلەرگە پەقەت بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامالسىزلىقتىن ئازراق يەيدىغان نەرسە تېپىپ غارغا قايتىپ كېتىپتۇ. ساھابىلەرنىڭ تەڭرىنى سېغىنىپ تارتقان جەبىر - جاپالىرى تەڭرىنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. تەڭرى غار ئىچىدىن غايىبانە يول بېرىپ، ئۇلارنى ئامان - ئېسەن يەمەنگە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ساھابىلەر ھېلىمۇ غاردا ئۇيقۇدا ياتقۇدەك، دېيىلگەن ...

پازىل پاختىنىڭ يەنە ئىككى رىۋايىتىنى ئاڭلاپ يىگىتلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى تۇيماي قېلىشتى. دېمىسىمۇ چۈش بولۇپ قالاي دېگەندى.

ئۇلار ئوردىدا چۈشكىچە تۇرغان بولسىمۇ، ۋاڭدىن ھېچبىر دېرەك بولمىدى. ئۇنىغىچە ئېگىز ئوردىدىكى رەختتىن قىلىنغان نەرسىلەر، ياغاچ قۇرۇلمىلار كۆيۈپ توگەپ ئوتمۇ ئۆچۈپ قالدى. بىردەمدىلا ئىسكەتىدىن كەتكەن ئوردىنىڭ بۇ خارابە ھالىتىنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر ھەممە يىگىتنىڭ دېگۈدەك ئىچى سىيرىلگەندەك بولدى.

مەجىلىل زور ھەممە يىگىتنى ئوردىغا يىغدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ بۇرۇنقى كەسكىن ھالىتىگە قايتىپ. شۇنىڭ بىلەن تالاش - تارتىش باشلاندى. بەزىلەر: «قايتىپ ۋاڭ پەيدا بولغاندا كېلەيلى» دېسە، يەنە بەزىلەر: «بىر نەچچە تارامغا بۆلۈنۈپ ۋاڭنى ئىزدەيلى» دېدى. بىرنەچچە يىگىت بېشى بولسا: «ۋاڭ يا بىرەر باينىڭ قورۇسىغا مۆكۈۋالدى، يا نەزەرباغقا يوشۇرۇنۇۋالدى» دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— سەن ئۆزۈڭنىڭ ئويىنى دەپ باق، — دېدى بىر چاغدا مەتتوختاش مۇجاڭ مەجىلىل زورغا.

— مېنىڭچە، — دېدى مەجىلىل زور تەمكىنلىك بىلەن، — قايتمايلى ھەم ئىزدىمەيلى. مۇشۇ ئوردىنى ساقلاپ ياتايلى. ۋاڭ قايتسىمۇ، ئامباللار ھۇجۇم قىلسىمۇ بۇ يەرگە كەلمەي نەگە باردۇ؟

— توغرا!

— ئۇ لاتا تۇمشۇقىغا يېگىلى ئالدىمىزغىلا كەلگۈدەكقۇ!
يىگىتلەر مەجىلىسىل زورنىڭ تەدبىرىنى توغرا تېپىشتى. روزىمەت تەڭنە يەنە چاقچاق قىلدى:
— ئەمدى ئۇردىنى بىز قوغدايدىكەنمىز ـ دە!
بۇ گەپكە يىگىتلەر كۈلۈشۈپ تۇرۇۋىدى، پارىل پاختا يەنە هۇجۇمغا ئۆتتى:
— غەم قىلما، ئامباردا بۇغداي ئۇنى دېگەن جىق، سېنى ئىپسىل تەڭنە قىلىۋالىمىز!
يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. روزىمەت تەڭنىمۇ بوش كەلمىدى:
— هەي ئىسىت، خېنىملارنى ئىسسىتقان پاختىلار بايا كۆيۈپ تۈگىدى ـ دە.
كۈلۈپ يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. روزىمەت تەڭنە بولسا چاقچىقىنى يەنە ئۇلىدى:
— شۇڭا بۇ ئاغىنىمىز هازىر هازىدار، ئەمدى مېنىڭدە خېمىر يۇغۇرۇپ نەزىرگە پوشكال سالماقچى.
كۈلكە يەنە ئەۋجىگە چىقتى.
يىگىتلەر شۇ كۈلكىلەرنىڭ داۋامىنى كۈلگەچ تەقسىملەنگەن ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىغا قاراپ مېڭىشتى.
يىگىت باشلىرى ئادەتتىكىچىلا بىر ئۆيگە كىرىپ كېڭەشكە ئولتۇرۇشتى.
— مەجىلىسىل زورنىڭ تەكلىپى ناهايىتى ئورۇنلۇق بولدى، — دېدى مەتتوختاش مۇجاڭ ئالدى بىلەن سۆز ئېلىپ، — ۋاڭغا كەلسەك، مېنىڭ گۇمانىمدىمۇ ئۇ دۆلەتباغقا كەتتىمىكىن. بولمىسا ئۇ شۇنچە كۆپ نۆكەرلىرىنى نەگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇڭا هەر ئېهتىمالغا قارشى بىرنەچچە يىگىتنى ئەۋەتىپ ئېنىقلاپ بېقىش زۆرۈر.
بۇ گەپ توغرا تېپىلدى. شۇنداق قىلىپ مەترېهىم قاتارلىق ئۈچ يىگىت مال سودىگىرى قىياپىتىدە ياساندۇرۇلۇپ دۆلەتباغقا

ماڭدۇرۇلدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن شەھەر سىرتىدىن ئايلىنىپ بارماقچى بولدى. شۇڭا ئۇلار ئاتلىرىنى مىڭىشىغا قويۇپ بېرىپ سالاپەت بىلەن سۆزلەشكەچ لۈكچۈن شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىدىن چىقتى. ئۇلار قوۋۇقتىن چىقىپ ئازراق ئۇزاپلا ئاتلىرىغا قامچا سېلىشتى. يۈگۈرۈك ئاتلار تۇياقلىرىدىن چاڭ توزۇتۇشۇپ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىشتى.

ئۇلار كۈن قىزارغىچە شەھەرنىڭ شەرقىي قوۋۇقىدىن كىرىپ دۆلەتباغدا پەيدا بولدى. باغدىكى شىپاڭ ئۆز ھەيۋىتى بىلەن قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەمما، بۇ يەردە ھېچبىر جىددىيچىلىك يوق، قاتتىق مۇھاپىزەتمۇ قىلىنمىغان، دەرۋازىغا قارىغۇچىلار بولسا قوۋۇقنى قىيا ئېچىپ قويۇشۇپ مۈگدەپ ئولتۇرۇشاتتى. ۋاڭ بولسىلا بەزمە – مەشرەپ قىزىپ كېتىدىغان بۇ يەردە، نە بىرەر سازنىڭ ئاۋازى، نە بىرەر لەتىپىنىڭ كۈلكىسى يوق. ۋاڭنى جىمىمىدە يېتىۋالدىمىكىن دېسە يا بۇرۇن نامراتلارنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىپ، كىچىك باللارنى بۇ يەردىن كېتەلمەس قىلىۋېتىدىغان مەززىلىك تائاملارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ پۇرىقى يوق. بۇ ئالامەتلەرگە قاراپ مەترېھىم زور «ۋاڭ بۇ يەرگە كەلمەپتۇ» دەپ جەزىم قىلىپ ئېتىنىڭ بېشىنى ئوردىغا بۇرىدى.

شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئوردىغا مەھكەم ئورنىشىپ جەڭگە تەييارلىنىشتى.

# ئون ئىككىنچى باب

# كەسكىن جەڭ

## 1

ۋاھالەنكى، سۇلتان مامۇت جىم ياتمىغانىدى. ئۇ بىرنەچچە قوغدىغۇچىسى ۋە خىزمەتكارى بىلەن يازلىقى كەيپ - ساپا قىلىدىغان دۆلەتباغدىكى ھېلىقى گەمە ئۆيگە مۆكۈنۈۋېلىپ، نۆكەرلىرىنى بولسا سىركىپ ئېغىزىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتىۋەتكەنىدى. ئاندىن پىچان ئامبىلىغا ۋە تۇرپان ئامبىلىغا بولغان ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئەسكىرىي ياردەم تەلەپ قىلىش خۇسۇسىدا نامە ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى. سۇلتان مامۇت شۇ نامىلەرنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ گەمىدىن چىقماي يېتىۋاتاتتى. ئۇ قوزغىلاڭچىلار كەتكەن بىرىنچى ئاخشىمى «ئەتە يەنە كېلىدۇ» دەپ ئەندىشە قىلىپ ئوردىغا قايتمىغانىدى. مانا بۈگۈن دېگەندەك بولدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن سۇلتان مامۇت قوزغىلاڭچىلار قاچان باستۇرۇلمىغىچە ئوردىغا قايتماسلىق قارارىغا كېلىپ، بۇ يەرگە مەھكەم بېكىنىۋالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئېھتىيات ئۈچۈن كۈندۈزى پەقەت سىرتقا چىقمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ يەرگە مۆكۈۋالغانلىقىنى باشقىلار سېزەلمەي قېلىشتى. قوزغىلاڭچىلارمۇ «سۇلتان مامۇت ھەرگىز شەھەر ئىچىگە قاچمايدۇ» دەپ ئويلاپ بۇ يەرنى خىيالىغا كىرگۈزۈپمۇ قويۇشمىدى.

سۇلتان مامۇتقا بۇ گەمىدە سىرتقىمۇ چىقالماي ھەم بىر

كىملەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ۋايىم يەپ يېتىش ئەمەس، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوردىغا ئوت قويۇۋېتىشى ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلدى. بۇ خەۋەر كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزىگە رەھىمسىز ئوت يالقۇنى كۆرۈنۈپ، ئوردىغا تۇتاشقان ئوت خۇددى ئۇنىڭ سەلتەنەتىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ سۆر - ھەيۋىسىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك، بۇ ئوت ئەنە شۇ ھالدا ئاخىر بېرىپ ئۆزىنىڭ ئىنانچىخانلىقىنىڭ بەلگىسى بولغان پۆپۈكلۈك ئوتىغات بۆكىگە تۇتۇشۇۋاتقاندەك بىلىنىپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق پۇچىلىنىپ، تولغىنىپ يېتىپ تورپان ۋە پىچاندىن كېلىدىغان خەۋەرنى تاقەتسىزلىك بىلەن ساقلاپ باش توخۇنى كۈتۈۋالدى.

× × ×

ئوردا ئىچىدە ئۆتكەن تۈنجى بامدات نامىزى بىئەپ بىلىنگەن قوزغىلاڭچىلار ئەمدىلا ناشتا ئۈچۈن مېڭىۋىدى، «گۇم» قىلغان مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئاخشام يۆيۈلۈپ ئېگىز ئوردىنىڭ كۆۋرۈكىگە ئىلىپ قويۇلغان روزىمەت تەڭنىنىڭ يەكتىكى پەسكە ئۈچۈپ چۈشتى. قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭدىن تېڭىرقاپ تۇرۇشۇۋىدى، ئېگىز ئوردىنىڭ كۈنگۈرىسىدىن ھەممىلا ۋاقىت ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ يۈرىدىغان پازىل پاختىنىڭ بېشى كۆرۈندى، ئۇ ئالدىراپ ۋارقىرىدى:

— ئېتىڭلار، چېرىكلەر كەلدى!

ئەسلىدە كېچىچە تەييارلىق كۆرگەن تورپان ۋە پىچاندىكى چېرىكلەر تاڭ بىلەن تەڭ سىركىپ ئېغىزىغا كېلىپ، ئۇ يەردە ئوردا لەشكەرلىرى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، بىرلىكتە ئوردىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇلار ئوردا تۇۋىگە تۈيدۈرماي كەلگەندە، ئۇلارنىڭ لەشكەر بېشى يەكتەكنى خاتا ھالدا ئادەم دەپ

بىلىپ قېلىپ ئوق چىقارغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سېزىلىپ قالدى.

يىگىتلەر مەجبۇرىي زورنىڭ «ئورۇنلىشىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن ئاخشام ئۆگىتىلگىنى ۋە بىرقانچە قېتىم مەشىق قىلغىنى بويىچە بىردەمدىلا جاي ـ جايىغا ئورۇنلىشىپ بولدى ۋە ياۋغا قارىتىپ تەمكىنلىك بىلەن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. مەرگەن يىگىتلەرنىڭ مىلتىقىدىن ئېتىلغان ئوق زايە كەتمەي، دەل تېگىپ ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىپ قالغان لەشكەر ۋە چېرىكلەرنى يەر چىشلىتىشكە باشلىدى. چېرىكلەر ھەرقانچە بەتلەپ باققان بولسىمۇ، ئوردىنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى توسالغۇلۇق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئوقلىرى زايە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوردا لەشكەرلىرى «ئاناڭنى، گۇينىڭ ئوردىسىنى ئەجەبمۇ ياساپ قويۇپتىكەن، يا تەگكۈزگىلى بولمىسا» دەپ ئاغزىنى بۇزغىلى تۇردى ...

جەڭ ئەنە شۇ تەرىزدە داۋام قىلدى. بۇنداق بولۇۋەرسە بەك چىقىم تارتىپ كېتىدىغانلىقىنى پەملىگەن چېرىك بېشى لەشكەرلىرىگە مۇداپىئەدە تۇرۇپ پۇرسەت چىققاندا ياكى ئەپلىك چارە تاپقاندا ھۇجۇم قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق دائىرىدە چېكىندۈردى. ئۇلار چېكىنىپ ئەمدىلا ئورۇنلىشىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرۇشىغا ئۇلار ئويلىمىغانلا ئىش يۈز بەردى: ئوردىنىڭ دەرۋازىسى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ مەترىھەم زور باشچىلىقىدىكى بىر توپ يىگىت ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ مىلتىقلىرىدىن شۇنداق مەرگەنلىك بىلەن ئوق ئۈزدىكى، چېرىكلەر ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ، مىلتىقلىرىنى بەتلەپ بولغۇچە، يىگىرمە نەچچە مەرگەننىڭ مىلتىقىدىن ئېتىلغان ئوق ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ ئادىمىنىڭ جېنىنى كوچىدا قويدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى تام كەينلىرىگە ئېلىپ، تامنى دالدا قىلىپ مىلتىقلىرىنى ئوقلاپ بولغۇچە قوزغىلاڭچى يىگىتلەر قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق ئوردا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. نۇرغۇن

جەڭنامىلەرنى ئوقۇپ ئۆزىنى «جەڭنىڭ تۇققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ»لىكىنى خېلى بىلىپ قالدىم، دەپ يۈرىدىغان چېرىك بېشى بۇنداق ھۇجۇمنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ياۋ تەرەپنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، ھەقىقىي قېچىش كويىغا چۈشكەندىلا مۇشۇنداق ھۇجۇم قىلسا ئۇنۇمىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەمما، ھازىر ئۆزلىرى چېكىنمەكتە يوق، مۇداپىئەدە تۇرۇپ ھۇجۇم تەشكىللەيمىز دەۋاتسا، بۇ جەڭ تەدبىرلىرىنى ئۇقمايدىغان بېشى تۆرەپ قالغانلارنىڭ[1] قىلىۋاتقان ئىشىنى ... بىراق، چېرىك بېشى مۇشۇنداق ھۇجۇم بىلەنمۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ قورقۇپ قالدى. ئۇ ئىنقىلاپ كۆرۈۋىدى، بىردەمدىلا ئادەملىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى چىقىم بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېرىكلەرگە قاۋان يولى[2] ئارقىلىق پىچانغا چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى. خۇددى مۇشۇ بۇيرۇقنىلا كۈتۈپ تۇرۇشقاندەك چېرىكلەر تېز سۈرئەتتە چېكىنىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن مەترېھىم زور يىگىتلىرىگە يەنە ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەرمەكچى بولۇۋىدى، مەجبىلىل زور لۈكچۈن شەھەر بازىرىنىڭ ئەمدىلا جانلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئۇلارنى توسۇپ قويدى:

— بولمايدۇ، پۇقرالارغا زەخىم يېتىپ قالىدۇ. ئۇلار يەنە كەلمەي قالمايدۇ، ئۇنىغىچە بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالايلى.

باشقىلارمۇ بۇ گەپنى ئورۇنلۇق كۆرۈپ قوغلاشتىن يالتايدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئىلھامى بىلەن يىگىتلەر كۈچ - قۇدرەتكە تولسا، يىگىت باشلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەت خالتىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى. يىگىتلەر جەڭ بولغاندا خۇددى ئوۋ ئوۋلىغاندەكلا ئوق ئۈزگۈچە تەمكىن بولۇشنى، ئۆزىنى مۇداپىئەگە ئېلىۋېلىپ ئاندىن نىشانلاپ ئوق ئېتىش

---

① بېشى تۆرەپ قېلىش — گاڭگىراپ قېلىش، ئاق - قارىنى بىلەلمەي قېلىش.

② قاۋان يولى — پىچان بىلەن لۈكچۈن ئارىلىقىدىكى ئىدىقۇت تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى ساي يولى.

كېرەكلىكىنى سۆزلەشكە. يىگىت باشلىرى بۇنداق كەڭ كۆلەملىك جەڭدە، ھەم مۇداپىئەگە، ھەم ھۇجۇمغا ئەپلىك ئورۇننىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلىشەتتى.

## 2

بىراق، يىچان ئامبىلى چېرىك بېشىنىڭ مەلۇماتىدىن جەڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ، چېرىك بېشى بىلەن كۆپ كېڭىشىش ۋە سىركىپ ئېغىزىغا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىۋالغان سۇلتان ماموت ئەۋەتكەن ئادەمدىن ئوردا ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەش ئارقىلىق بىر جەڭ تەدبىرى تۈزۈپ چىقتى ۋە دەرھال مەلۇمات تەييارلاپ شۇ كېچىسى تۇرپان خان ئامبىلىغا يوللىدى:
«... ھازىر ئۇلار ئوردىنى بىخەتەر دەپ ئوردىغا مەھكەم ئورۇنلىشىۋالدى. ئەگەر، بىز كۆپلەپ چېرىك ئەۋەتىپ ئوردىنى قاتمۇقات قورشىۋېلىپ ئۇرۇش قىلماي، مۇداپىئەلا كۆرۈپ يېتىۋالىدىغان بولساق ئۇلار يېمەك - ئىچمەكتىن قىسىلىپ بەل قويۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز بىر تەرەپتىن بۇيۇك چىڭ خاندانلىقى ئېتىراپ قىلغان ئوردىنى چوڭ ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاپ قالساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئانچە چىقىم تارتمايلا ئۇلارنى تەسلىم قىلىمىز. ئەڭ مۇھىمى، تۇپىلاڭنى تىنچىتىپ چوڭ خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىمىز ...»
بۇ مەلۇمات تۇرپان ئامبىلىنىڭ قولىغا تېگىشى بىلەن ئۇمۇ مەلۇماتتىكى تەدبىرنى مۇۋاپىق كۆردى ۋە دەرھال قۇمۇل خانلىقىغا شۇ ئاساستا ۋە شۇ خۇسۇستا جىددىي مەلۇمات يوللىدى ...
قوزغىلاڭچى يىگىتلەر تولا مەشق قىلىپ ئىچى پۇشۇپ تۇرغاندا، يىچاندىن خىل قوراللانغان نۇرغۇنلىغان چېرىكنىڭ لۈكچۈن شەھىرىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. شەھەر ئاھالىسى ساراسىمىگە چۈكۈپ جېنىنى

ئەپقىپچىشتى. بىر قىسىملىرى دۇكان ـ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى مەھكەم تاقىشىپ ئۆگزىلىرىگە، گەمىلىرىگە مۆكۈنۈشتى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى تاقاپ، پۇل ـ پۇچەكلىرىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىغا — تۇيۇق، ياڭخىي، دالانكارىز، دىغاردىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە قېچىشتى ...

دەرۋەقە، چۈش بىلەن تەڭ قاۋان تەرەپتىن توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ لۈكچۈن شەھىرى تەرەپكە قاراپ يېقىنلاشقا باشلىدى. ئازدىن كېيىن بۇ توپا ـ چاڭنىڭ چېرىكلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدىن چىققانلىقى مەلۇم بولدى. چېرىكلەر شەرقىي قوۋۇقتىن سەلدەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. يىگىتلەر قوراللىرىنى بەتلەپ، قوللىرىغا تۈكۈرۈپ «كېلىشە» دەپ تۇرغاندا، چېرىكلەر نىمىشقىدۇر ئوردىغا يېقىنلاشقاندا توختاپ قېلىشتى ۋە دالدا جايلاردا ئارام ئېلىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن يىگىت باشلىرى «ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئالدانماڭلار!» دەپ ۋارقىرىغاچ يىگىتلەرنى جەڭگە تەشكىللەشكە باشلىدى. بىر چاغدا لۈكچۈن شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن سۇس توپا كۆتۈرۈلۈپ بىر توپ ئادەمنىڭ شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن بويلاپ مېڭىپ شەھەرگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقى كۆرۈندى.

— كارۋانلار ئوخشايدۇ، — دېدى مەجىلىل زور ئۇ تەرەپكە بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن.

— ھەي، ئۇلار شەھەرگە كىرمىسە بولۇردى. بولمىسا چېرىكلەر يېغىنى باھانە قىلىپ بۇلاپ ـ تالايدۇ، — دېدى روزىمەت تەڭنە.

— ھەي، بىر نەرسىنى ئويلاپ يېتەلمەي ئىچىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى پازىل پاختا بىردەم شەھەر ئىچىدىكى چېرىكلەرگە قارىسا، بىردەم يىراقتىكى «كارۋانلار»غا قاراپ.

«كارۋانلار» بىردىنلا بۆرۈلۈپ شەھەر سېپىلى تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، شەھەر ئىچىدىكى چېرىكلەر بۆلۈنۈپ بىر بۆلىكى ئوردا

ئەتراپىنى قورشاشقا، يەنە بىر بۆلىكى بولسا شىمالىي قوۋۇق بىلەن غەربىي قوۋۇقتا ئورۇنلىشىشقا باشلىدى (بايا كەلگەندە بولسا ئۇلار ئاللىقاچان شەرقىي قوۋۇقتا بىر قىسىم چېرىكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانىكەن).

شەھەر ئىچىدىكى بۇ ئورۇنلىشىشلارغا ئەگىشىپ «كارۋان» غەربىي قوۋۇقتا يېقىنلاشتى. شۇندىلا مەجىلىل زورلار بۇ «كارۋان»نىڭ چىڭ لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىنى كۆردى. بۇ چاغدا ئۇلار ئېگىز ئوردىنىڭ شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىغا تۇتىشىپ تۇرغان ئېگىز سېپىلى بىلەن غەربىي قوۋۇقتا تۇتىشىدىغان يولىنى ئىگىلەپ بولغانىدى. شۇ چاغدىلا پازىل پاختا چۆچۈپ ۋارقىرىدى:

— مەجىلىل، دەرھال ئادەم بۇيرۇ، سۇ، يېمەكلىك توپلىسۇن!

مەجىلىل زورلار چۈشىنەلمەي ئۇنىڭ قېشىغا باردى.

— نېمىگە ئۆندەرەيسەن؟ — دەپ سورىدى روزىمەت تەڭنە، — بىر پاي ئوقمۇ چىقماي بىزنى قورقۇتقىلى تۇردۇڭمۇ؟

لېكىن پازىل پاختا ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى:

— ئۇلار بىزنى قورشىماقچى، ئۇرۇشماي قورشاپ تۇرۇۋېلىپ سۇدىن، تائامدىن قىسىپ بىزنى تۈگەشتۈرمەكچى. مەجىلىل چاققان بول، سۇ، ئاشلىق يىغ!

شۇندىلا ئۇلار پازىل پاختىنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتىپ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئەمما، مەجىلىل زور دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ۋارقىرىدى:

— قالايمىقان ئىش قىلماڭلار، ھەممە يىگىت ئۆز ئورنىدا تۇرسۇن. بۇ ئىشقا مويدىن ھاجى مەسئۇل بولۇپ، بىرنەچچە يىگىتنى تاللاپ ئورۇندايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن خەتەرلىك پاتىپاراقچىلىق بېسىلغاندەك بولدى، يىگىتلەر ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى. بۇنى كۆرگەن روزىمەت تەڭنە مەجىلىلغا قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

چۈشتىن كېيىنگىچە كۆزىتىشتىن شۇ مەلۇم بولدىكى، پازىل

پاختىنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن. چېرىكلەر ئەپلىك يەرلەرگە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن جىمىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن، تاماقىقا تۇتۇش قىلىشلىرىدىن، چېرىكلەرنىڭ قوراللىرىنى تىكلەپ قويۇپ سايە جايلاردا ئارام ئېلىپ يېتىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئورۇشىدىغان ئەلپازى كۆرۈنمەيتتى. ئەمما ئوردا دەرۋازىسىنىڭ يىراقتىن قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىشى، بىر تۈركۈم چېرىكلەرنىڭ ئوردا دەرۋازىسىغا مىختەك تىكىلىپ تۇرۇشى ۋە نۆۋەت بىلەن كۆزەتتە تۇرۇشى؛ شەھەرنىڭ تۆت قوۋۇقىنىڭ قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىشى ۋە شەھەرگە كىرگەن - چىققان ئادەملەرنىڭ ئىنچىكە نازارەت قىلىنىشى يەنىلا ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا يىگىتلەر تاقەت قىلىپ تۇرۇشالمىدى.

— مۇنداق تۇرغاندىن چىقىپ ئۇرۇشىلى، — دېيىشتى ئۇلار نەچچە قېتىم ئاچچىقلىنىپ.

— بۇ دېگەن يېغا، ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. ئۆزىمىزنى بىسۇۋېلىپ ئىش كۆرمىسەك، ئورۇنسىز تالاپەت تارتىپ قالىمىز، — دېدى مەجىلىل زور.

— نېمىدىن قورققۇلۇق، ئۆز جېنىمىزغا ئۆزىمىز ئىگە، — دېيىشتى يىگىتلەر يەنە.

— ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئوردىدىن باستۇرۇپ چىقىشقا ئەمدى بولمايدۇ، — دېدى مەجىلىل زور بۇ سۆزگە توغرىدىن - توغرا جاۋاب بەرمەي، — ئالدىنقى قېتىمدا چېرىكلەر ئاز ئىدى. ھازىر بولسا كۆرۈۋاتىسىلەر. يەنە بىر جەھەتتىن ھازىر ئۇلارنىڭ قانداق ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆرۈپ، ئاندىن بار مەسلىھەت بىلەن ئوبدان كېڭىشىپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ.

— گەپنى ئاڭلالار، — دېدى روزىمەت تەڭنە، — ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويۇپ ئوق يېگەندە «ئاپلا» دېسەك

ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۇۋ ئۇۋلىغاندىمۇ بەزىدە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇپ كېتىمىزغۇ. بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش.
يىگىتلەر «شۇنداق بولسىمۇ ئەمدى ...» دەپ غۇدۇرىشىپ تارقىلىپ كېتىشتى.
مۆيدىن ھاجى ئىشنى تۇجۇپىلەپ قىلىدىغان ئادىتى بويىچە نان، ئاشلىق قاچىلانغان تاغارلارنى ۋە سۇ ئېلىنغان كۈپلەرنى تەييارلاپ ئوردا ئىچىدىكى توشۇشقا ۋە پايدىلىنىشقا ئەپلىك بىر ئۆيگە جايلاشتۇردى. پازىل پاختا ئىشلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ مەجىلىل زورنىڭ يېنىغا كەلدى.
— ئەمدى ئۇلارنىڭ قانچىلىك قورشاپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقىلى، ئاندىن قانداق قىلىدىكىن؟ مېنىڭچە، بەربىر ھۇجۇم قىلماي قالمايدۇ، — دېدى ئۇ.
چېرىكلەر ئوردا ۋە شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئىككى كۈن ياتتى. بۇ ئىككى كۈندە چېرىكلەرنىڭ ھەرىكەت - پائالىيىتى دەسلەپكى كۈندىكىدەك بىر خىللا بولدى. بىراق، قوزغىلاڭچى يىگىتلەردىن بەزىلىرى ئىچى پۇشۇپ، تىتىلداپ، زېرىكىپ بىر - بىرى بىلەن ماي تارتىشقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن روزىمەت تەڭنە بىلەن پازىل پاختا تۇرلۇك چېقىشىشلىرى ۋە چاقچاقلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا تىرىشسا، مەجىلىل زور ئۇلارنى جەڭ مەشىقىگە جەلپ قىلىپ ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ مەجىلىل زورلار بۇنىڭ ۋاقىتلىق ئامال ئىكەنلىكىنى بىلىشىدىغان بولغاچقا، بېشى قېتىشقا باشلىدى. چۈنكى، يىگىتلەر مۇشۇنداق ھالدا يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا تەسىر يېتىشى تۇرغانلا گەپ. ھەتتا بەزىلىرى، يا قورالىنى بەتلەپ ئوردىدىن باستۇرۇپ چىقىپ قوزغىلاڭچىلارغا زور بەدەللىك ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشى، يا قورالنى تاشلاپ ئوردىدىن قېچىپ كېتىپ قوزغىلاڭچىلارنى ئۈمىدسىزلىككە سېلىپ قويۇشى

مۇمكىن.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە تۇرغاندا، يەنى مۇھاسىرىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، لۈكچۈن شەھىرىگە يەنە بىر تۈركۈم چېرىكلەر كىرىپ كەلدى. بۇ چېرىكلەر سەل ھارغىن كۆرۈنگەن بىلەن كىيىملىرى ۋە قوراللىرى يېڭى ئىدى. مىلتىقلىرىنىڭ پايىنەكلىرىنىڭ كۈن نۇرىدا پارقىرىشى يىراقتىنلا روشەن كۆرۈنەتتى.

بۇلار قۇمۇل ئىنانچىخانلىقىدىن ۋە چىقتىم قورۇلىدىن ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلەر ئىدى.

## 3

شۇنچە چوڭ يېغىنى باغرىدا يوشۇرۇپ، ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەن لۈكچۈن شەھىرى چۈشكە يېقىن يېغا - بالادىن قايناپ كەتتى. چۈشكە يېقىنلاشقاندا چېرىكلەر ھەممە تەرەپتىن تەڭلا ئوردىغا ھۇجۇم باشلىدى.

بىرنەچچە تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق ئوردىغا ۋىژىلداپ ياغاتتى، ئوردا ئىشىكىگە تارسىلداپ تېگەتتى، ئوردا ئالدىدىكى تاش شىرلارغا تېگىپ ئوت ئۈچقۇنلىرى چاچرايتتى. قوزغىلاڭچى يىگىتلەر ئوردىنىڭ قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىدىكى كۈنگۈرىلەردىن، ئوردا دەرۋازىسىغا ئېچىۋالغان كىچىك تۆشۈكلەردىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ئوق ئۈزۈپ كوچىدىكى سەل - پەللا ئېنىق كۆرۈنۈپ قالغان ياكى ئوردا دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىپ قالغان چېرىكلەرنى يەر چىشلىتەتتى. چېرىكلەر بەزىدە بىر توپ بولۇپ ۋارقىراپ ھەيۋە كۆرسىتىپ ۋارقىراشقىنىچە دۈپۈرلىشىپ كېلىشەتتى. بۇنداق چاغدا بەزى يىگىتلەرنىڭ پۇت - قولى قېچىشىپ تۇرالماي قېلىشاتتى ۋە ئوردىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ چېرىكلەر بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشقىلى تاسلا قالاتتى، باشقىلار ئۇلارنى ئارانلا توسۇپ قالاتتى. ۋارقىرىشىپ يېقىنلاشقان

چىرىكلەر بولسا دەرەخ، تاملارنى، دۇكانلارنىڭ لەمپىلىرىنى دالدا قىلغىنىچە بىر هازا ئېتىشقۇزلۇق قىلاتتى. ئاخىرىدا بىر نەچچىسىگە ئوق تەگكەندە چېكىنەتتى ... ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ يۇرۇپ خېلى كۆپ ئادەمدىن زىيان تارتتى. ئۇلارنىڭ قۇرۇق سۇر - ھەيۋىسىدىن مەڭدەپ قالغان بىرنەچچە يىگىتمۇ ئۇلارنىڭ رەھىمسىز ئوقىغا يەم بولۇپ كەتتى ...

مۇشۇنداق ئۇرۇشۇپ ئۇچىنچى كۈنى چۈشتىن قايرىلغاندا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تەل بولغىنى بىلەن ئوق - دورىسىنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكى، كۈندە بىرنەچچە يىگىت كۆز ئالدىدىلا جان ئۈزۈپ تۇرغانلىقى سەۋەبلىك يىگىتلەردە سۇسلۇق ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. ئەگەر قوزغىلاڭچىلار مۇشۇ پېتى جەڭ قىلىۋېرىدىغان بولسا ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقى ئېنىقلا ئىدى. مەجبۇلىل زور بۇ جەھەتتىكى ئەندىشىسىنى يىگىت باشلىرىغا ئوچۇقلا ئېيتتى.

— مەن بۇ ھەقتە ئويلىنىۋاتقىلى يېرىم كۈن بولدى، — دېدى پازىل پاختا، — بىز ئوردىغا بېكىنىۋېلىپ خاتا قىپتىمىز. مېنىڭچە، قورشاۋنى ۋاقتىدا بۆسۈپ چىقىپ كېتىلى. بولمىسا نەچچە كۈنگە بارماي ئۇلار بىزنى قۇشقاچىنىڭ ئورنىدا قىرىپ تاشلايدۇ. چۈنكى، ھەممىمىزگە ئايان: ئوق - دورا، ئادەم سانىمىز، يېمەك - ئىچمەك ...

— ئوردىدىن بۆسۈپ چىقىپ نەگە بارىمىز؟

— بۇنى يىگىتلەر كېڭىشىپ باقسا، — دېدى پازىل پاختا ئامالسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— ياڭخىيغا كەتسەك بولمايدۇ، تۇرپان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، تۆيۈق ئېغىزى[1] غا بېكىنىۋالىلى

---

[1] تۆيۈق ئېغىزى — ئىدىقۇت تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى چوڭ غول ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتۈشتىن ھاسىل بولغان جىلغا بولۇپ، تۆيۈق ۋە سۇبېشى ئىككى تەرەپتىن قورشىغلى بولىدۇ.

دېسەك، ئىككى تەرەپتىن قورشاۋدا قالغۇدەكمىز، لەمجىن غولغا كېتىمىزمۇ ـ يە؟ ــ دېدى مەجىلىل زور ئىككىلىنەنگەن ھالدا. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش بولدى: بەزىلەر چۆلتاغقا كېتىشنى تەكىتلەشتى، بەزىلەر ئاستانىنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقتا بىرىپ ۋاقىتلىق پاناھلىنىپ تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى، يەنە بەزىلەر مۇرتۇق① غولىغا ئورۇنلىشىشنى مۇۋاپىق دەپ قارىدى.
ــ مېنىڭچە، يۇقىرىقى يەرلەرنىڭ شارائىتى بىزگە ماس كەلگەن بىلەن يېقىنلا يەرلەر. چېرىكلەر يەنە بىزگە تىنماي ھۇجۇم قىلالايدۇ ـ دە، بىزگە ئۆزىمىزنى رۇسلىۋالغۇدەك، ئارام ئېلىۋالغۇدەك پۇرسەت بەرمەيدۇ. شۇڭا بىزگە، ھەم شارائىتى ياخشى، ھەم چېرىكلەر ئاسان ھۇجۇم قىلالمايدىغان يەر بولۇشى كېرەك، ــ دېدى پازىل پاختا. بۇ گەپ بىلەن يىگىتلەر جىمىپ كېتىۋىدى، زايىت نار ئېغىز ئاچتى:
ــ ئۇنداقتا، ئۆرتەڭ غول ئەڭ بولغۇدەك، ــ دېدى ئۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن سۆزلەپ، ــ مەن ئۇ يەردە كۆپ قېتىم ئوۋ ئوۋلىغان. غولنىڭ ئېغىزىغا ئورۇنلىشىۋالساق قانچىلىك كۆپ چېرىك بولغان بىلەنمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەگەر بېشىنى ئون قىلىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىدىغان بولسا، بەش ـ ئونىمىزلا ئېغىزدا تورۇۋېلىپ ئۇلارنى توشقاننى ئاتقاندەك قىرىۋېتىمىز. قالغانلار تاماشا كۆرۈپ تۇرسىمۇ بولىدۇ.
ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن باشقىلىرى كۆلۈشۈپ كېتىشتى ۋە جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرى سەل بوشاشقاندەك بولدى.
ــ مېنىڭچىمۇ شۇ يەر مۇۋاپىق ئىكەن، ــ دېدى مۆيدىن ھاجى، ــ مەن ئۇ يەرنى پىششىق بىلىمەن. ناۋادا ئۇ يەردە نەچچە يىللاپ تۇرۇپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ ئەنسىرىمىسەك بولىدۇ. سۈيى ئەلۋەك، پادا بېقىشقا، ئاشلىق تېرىشقا بولىدۇ. غول

① مۇرتۇق ــ تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسىدىكى بىر جاي.

ئەتراپىدا مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ كۆپ ...

ھۇجۇمغا، مۇداپىئەگە ئەپلىك، شۇنداقلا ئۇزۇن مۇددەت پاناھلىنىپ تۇرۇش مۇمكىنچىلىكى چوڭ بولغان ئۆرتەڭ غولىغا ئورۇنلىشىشنى ھەممەيلەن مۇۋاپىق كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەڭ تەدبىرى تۈزۈپ مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىشتى: چېرىكلەر چېكىنىپ ئۆزلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەجىلىل زور ۋە روزىمەت تەڭنە باشچىلىقىدىكى ئاساسىي قوشۇن ئورىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىدىكى ئاساسىي كۈچ ھېسابلىنىدىغان چېرىكلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ زەنجىرسىمان ھالەت شەكىللەندۈرۈۋېلىپ، يەنى ئالدىدا چېرىكلەر، كەينىدە مەجىلىل زور باشچىلىقىدىكى قوشۇن، ئۇلارنىڭ كەينىدە يەنە چېرىكلەر، ئۇلارنىڭ كەينىدە بولسا روزىمەت تەڭنە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن بولۇپ جەڭ قىلىپ شەھەرنىڭ شەرقىي قوۋۇقىدىن بۆسۈپ چىقىپ، شىمالغا ئىلگىرىلەپ سىركىپ ئېغىزىنى قامال قىلىش ھەم بۇ ئارقىلىق چېرىكلەرنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىش؛ چېرىكلەر كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاساسىي قوشۇندا زەربە بېرىۋاتقاندا مەترېھىم زور باشچىلىقىدىكى قوشۇن دۈشمەننىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ غەربىي قوۋۇققا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىنلا ماڭغان مۆيدىن ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇزۇق - تۈلۈك كارۋىنىغا يول ئېچىش؛ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭغان قەمەرىدىن لىگا باشچىلىقىدىكى قوشۇن بولسا، ئۇلارنى ھىمايە قىلىش؛ ئاخىرىدا بولسا ھەممىسى سىركىپ ئېغىزىدا ئۇچرىشىپ لەمجىن ئارقىلىق ئۆرتەڭ غولىغا ئاتلىنىش.

پىلان تۈزۈلگەندىن كېيىن قايتا مۇزاكىرە قىلىندى ۋە يىگىت باشلىرىغا چۈشەندۈرۈلدى. ئاندىن نىگىزلىك مەقسەت يىگىتلەرگە ئۇقتۇرۇلۇش بىلەن بىللە يىگىتلەردىن چېكىنىش جەريانىدا ئىنتىزامغا قاتتىق بويسۇنۇش — يىگىت باشلىرىنىڭ

ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىندى.

شۇ پىلان بىلەن يىگىتلەر چېرىكلەرگە يالغاندىن ئوق چىقارغان بولۇپ چېكىنىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىنى قىلىشتى. چۈشتىن كېيىن شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمى نېمىشقىدۇر شەھەر ئىچىگە توپلىنىشقا باشلىدى. قارىغاندا ئۇلار بىر قېتىملىق قاتتىق ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتقاندەك ئىدى. بۇنى كۆرگەن مەجبلىل زورلار: «چېرىكلەر غەربىي قوۋۇقنى بوش قويۇپ ئەجەبمۇ ياخشى بولدى» دەپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. چۈنكى ئۇلار بۇ پىلاننى تۈزگەندە، مۆيدىن ھاجىلارنىڭ غەربىي قوۋۇقنىڭ مۇھاسىرىسىدىن زىيان - زەخمەتسىز چىقىپ كېتەلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغانىدى.

چېرىكلەر توپلىنىپ، چېرىك باشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، چېرىكلەر تاماكا چېكىشكەچ ئىختىيارىي راھەتتە تۇرۇشتى. ھەتتا بەزى چېرىكلەر تونۇشلىرى بىلەن دىدارلاشقىنىغا خۇش بولۇشۇپ، مىلتىقلىرىنى تامغا تىكلەپ قويۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. بۇنى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلگەن يىگىت باشلىرى ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئوردا دەرۋازىسىدىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشقىنىچە مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ چىقىپ كېلىشتى. چېرىكلەر نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرىپ، چېرىك باشلىرى كېڭىشىنى توختىتىپ ئۆز سەپلىرىنى جەڭگە تەشكىللەپ بولغۇچە، قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى ۋە مىلتىقلىرىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئۈزۈپ بىردەمدىلا ئون نەچچە چېرىكنى يەر چىشلەتتى. بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولۇشقان چېرىكلەر قوماندانلىرىنىڭ بۇيرۇقىسىزلا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئوق ئۈزۈپ قوغلاشقا باشلىدى. چېرىكلەر مۇشۇ ھالەتتە ھەممىسى يولغا تىقىلىشىۋېلىپ، يىگىتلەرنىڭ كەينىدىن پايپاسلاپ يۈگۈرۈشۈپ ماڭغاندا، روزىمەت تەڭنىنىڭ يىگىتلىرى ئوردا دەرۋازىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن باستۇرۇپ بېرىپ، نۇرغۇن چېرىكنى

جېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەرنىڭ سېپى بۇزۇلدى.
بۇ چاغدا مەترىپھەم زور بىمالال ھالدا ئوردىدىن چىقىپ، غەربىي قوۋۇققا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ غەربىي قوۋۇقتىكى چېرىكلەر بىلەن ئېتىشىۋازلىق قىلىۋاتقاندا، مۆيدىن ھاجى كارۋاننى باشلاپ غەربىي قوۋۇققا يېقىنلاشتى. بۇنى كۆرگەن چېرىكلەر «ياردەمگە كەلگەن قوزغىلاڭچىلار ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ قوۋۇقنى چىڭ تاقاپ، ئېتىشماي جىم تۇرۇۋالدى. شۇ ئەسنادا قەمەرىدىن لىگانىڭ يىگىتلىرى ئوردىنىڭ ئۇزۇن شوتىلىرىنى سۆرەشكىنىچە يېتىپ كېلىشتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەنە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېرىكلەر جان قايغۇسىدا قېلىپ قوۋۇقنى تاشلاپ، سېپىلنى بويلاپ جەنۇب تەرەپكە قېچىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەرەپتىكى قوزغىلاڭچىلار شەھەردىن تىنچ ـ ئامان چىقىۋېلىشتى ۋە پىلان بويىچە سىركىپ ئېغىزىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.
مەجىلىل زورلار شەھەر ئىچىدە ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ، شەھەر قوۋۇقىدىن تەستە چىقىۋالدى ۋە يول بويى بىردەم چېكىنسە، بىردەم ئەپلىك جايلارغا كەلگەندە قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، بەزىدە بولسا تازا كەلتۈرۈپ قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى تالاپەتكە ئۇچرىتىپ تۇردى ...
ئۇلار شۇ تەرىزدە چېكىنىپ سىركىپ ئېغىزىغا يېقىنلاشقاندا چېرىكلەر قايتا قوغلاشقا جۈرئەت قىلالماي چېكىنىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەجىلىل زورلار تولا ئالدى ـ ئارقىغا قاتراپ ھېرىپ كەتكەن ئاتلىرىنىڭ ئاخىرقى ماغدۇرى بىلەن سىركىپ ئېغىزىغا بارغاندا مۆيدىن ھاجىلار ئۇلارنى ساقلاپ تىتىلداپ تۇراتتى.
ئۇلار يېتىپ كېلىپلا يىگىتلەرگە بىرئازمۇ توختاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، لەمجىنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يىگىتلەر ھېرىپ كەتكەن ئاتلىرىغا ئىچ

ئاغرىتىشىپ، مەجېلىل زورلارغا ئوخشاش ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ پىيادە مېڭىشتى. قوشۇننى يەنىلا مەتىرېھىم زور ئالدى تەرەپتىن، قەمەرىدىن لىگا كەينى تەرەپتىن قورۇقداپ ئالغا ئىلگىرىلىدى ...

## ئون ئۈچىنچى باب

# كۆز تەگكەن باھادىرلار

## 1

ئۆرتەڭ غول ئېغىزى گۈزەل، خىلۋەت بىر ماكان. بۇ غول سۈيى ئەلۋەك، قارىياغاچ، ياڭاق قاتارلىق دەرەخلەر ئۆسىدىغان، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش ماكانىغا ئايلانغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان غول بولۇپ، غولنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئارىشاڭغا كەلگەن كىشىلەر بۇ غولدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قېلىشاتتى. ئەمما بۇ غولنىڭ يۇرت بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق، يول شارائىتى ناچار بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ قانلىق تاپىنىدا تېخى بۇلغانمىغان، دەپسەندە قىلىنمىغانىدى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن دەل مۇشۇ غولنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئېغىزغا ئورۇنلاشقانىدى. ئېغىزنىڭ كەڭلىكى 500 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئېغىزغا كىرگەندىلا 300 كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئاتلىق يول ـ غولنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا باشلاپ بارىدىغان بىردىنبىر يول ئادەمنى قىزىقتۇراتتى ھەم ۋەھىمىگە سالاتتى. يولدىكى ئىزنالارمۇ بۇ يولدا ماڭىدىغانلارنىڭ ئاندا ـ ساندا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. غولنىڭ ئېغىزىدا كىملەردۇر تېرىپ قويغان ئاشلىق ئېغىزنىڭ سالقىن شامىلىدا يەلپۈنۈپ بىر خىل خاتىرجەملىكنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئېغىز ئىچىدىن باشلاپ بولسا قاشتا بېدە، يۇلغۇن قاتارلىق ياۋا

ئۆسۈملۈكلەر توپ ـ توپى بىلەن ئۈچرايتتى.

تاڭ سەھەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن قوزغىلاڭچى يىگىتلەر ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھەتتا بەزىلەر ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۇنتۇشقاندەك ئىختىيارسىز ھالدا: «يازنىڭ تازا ئىسسىقلىرىدا بۇ يەرگە چىقىپ بەش ـ ئون كۈن ئارام ئېلىپ، سالقىنداپ كەتسە بولغۇدەك» دەۋېتىشتى. ئاندىن ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ بېقىپ ئۆز ئەھۋالىنى يادىغا ئالغاندەك پەرشان بولۇپ قېلىشتى.

يىگىتلەر مۇزدەك سۇدا يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇشتى، سۇ بويىدىكى قورام تاشلارغا ئېسىلغان مىس چۆگۈنلەردە ناشتىلىق ئۈچۈن سۇ قاينىتىلىۋاتاتتى.

— مۇداپىئەگە، پاناھلىنىشقا ئەپلىك ھەقىقەتەن بەلەن يەر ئىكەن، — دېدى مەجىلىل زور رازىمەنلىك بىلەن.

— راست، ئەمدى، كېلىشە دەپ، تۇمىقىمىزنى تاشقا تىكلەپ قويۇپ تازا پۇخادىن چىققۇدەك ئۇرۇشۇۋالىدىغان بولدۇق، — دېدى روزىمەت تەڭنە ئۆيدەك ـ ئۆيدەك قورام تاشلارغا قاراپ.

— چېرىكلەرنىڭ تازا ئەدىپىنى بېرىۋالساق، ئۇلارنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىغا خېلى ۋاقىت كېتىدۇ. بىزمۇ خېلى ئارام تېپىپ قالىمىز، — دېدى مۆيدىن ھاجى، — ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالساق سىلەرنى يۇقىرى ئېقىنغا باشلاپ بارىمەن. ئۇ يەردە بىر ئارشاڭ بار، خېلى كېسەللەرگە شىپالىق.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ بايا روزىمەت تەڭنىنىڭ گېپى بىلەن پەيدا بولغان يىگىتلەرنىڭ جىددىيلىكى بېسىلغاندەك بولۇپ يېنىك تىن ئېلىشتى.

— غولدىكى بۇ يول نەگە تۇتىشىدۇ؟ — دەپ سورىدى بىر يىگىت.

— قارلىق تاغقا، — دېدى مۆيدىن ھاجى يىراقتىن ھەيۋەت كۆرۈنۈپ تۇرغان چوققىسى قار ـ مۇزغا پۈركەنگەن تەڭرىتېغىنى كۆرسىتىپ.

— ئۇنداقتا كىشىلەر بۇ يولدا ئاخىرىغىچە مېڭىپ تاغقا چىقامدۇ؟

— تاغدا نېمە بار؟ — يىگىتلەر قىزىقىپ سوراۋەردى.

— تاغقا چىقامدۇ، بۇنى بىلمەيمەن. لېكىن تاغقا يېقىنلاشقاندا غەربكە كەتكەن بىر تاغ يولى بار. شۇ يولدىن ئېزىپ قالماي ماڭالىسا چالقانغا [1] ، مورىغا بارغىلى بولىدۇ.

— شۇنچىلىك چىرماش يولمۇ بۇ؟

مۆيدىن ھاجى جاۋاب بەرگۈچە روزىمەت تەڭنە ھۆركىرىدى:

— قۇرۇق گەپنى قويۇپ جەڭگە تەييارلىق قىلىڭلار. ھېلى كېلىدۇ ئۇ چۈپرەندىلەر.

يىگىتلەر ئامالسىز قوزغىلىشتى. مۆيدىن ھاجى بۇنىڭدىن كۆڭلى ئەسكى بولغاندەك بولۇپ: «قانداق يىگىت بۇ؟ ھەرقانچە باتۇر بولسىمۇ ئاتىسىدەك ئادەمگىمۇ شۇنچىۋالا قاتتىق تېگەمدۇ؟ بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىنىم خاتامۇ؟ قۇرۇق گەپمۇ؟» دەپ ئويلىدى ۋە ئاستا ئېقىن بويىغا كەتتى. بۇنىڭغا قاراپ تۇرغان مەجىلىل زور مۆيدىن ھاجىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇنىڭمۇ روزىمەت تەڭنىگە ئاچچىقى كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ: «نېمە قىلىق بۇ؟ بىر - بىرىمىزگە ھە دېسە دوق قىلىشساق، قانداق ئۆم بولالايمىز؟ ئۆملۈك بولمىسا ھەرقانداق ئاجىز رەقىبكىمۇ تەڭ كەلگىلى بولامدۇ؟» دەپ ئويلاپ روزىمەت تەڭنىگە بىر نەرسە دېمەكچى بولدى - يۇ، مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدا بۇ ئىشلار تۈپەيلى رەنجىشىپ يۈرۈشنى خوپ كۆرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەسەللى بېرىش ئۈچۈن مۆيدىن ھاجىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

— ھاجىكا، كۆڭۈللىرىنى بىسەرەمجان قىلمىسىلا، — دېدى ئۇ مۆيدىن ھاجىغا تۆۋەنچىلىك بىلەن، — روزىمەت تەڭنىنىڭ مىجەزى شۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېغىنىڭ جىددىيلىكىدە سەپراسى

[1] چالقان — سىڭگىمنىڭ 40 كىلومېتىر شىمالىغا توغرا كېلىدىغان تاغلىق ماكان.

ئۆرلەپ قالغاندۇ؟ بولمىسا شۇنداق ئوڭلۇق يىگىت ...

— بولدى ئوكام، كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشنىڭ ئالدىدا بۇ خاپىلىق نېمىتى!

مۆيدىن ھاجى شۇنداق دەپ يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا مەيۈسكىنە كۈلۈپ قويدى.

چۈشكە يېقىن چېرىكلەر ئېقىن بويلاپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئېغىزنىڭ ئالدىدىكى كېڭىيىپ كەتكەن ئېقىن ئىزىدىكى دەل - دەرەخلەرنى دالدا قىلىمىز دېيىشسىمۇ كۆپ ئادەم يەنىلا ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. شۇڭا ئۇلار دالدا بولغۇدەكلا نەرسە بولسا دالدىنىشقا تىرىشىپ ئېغىز ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. ئەمما ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان چېرىك ئېغىز ئىچىدىكى بەلگە تاشتىن — قوزغىلاڭچىلار ھۇجۇم باشلاش بەلگىسى قىلىۋالغان قارا تاشتىن بىر قەدەم ئېلىشى بىلەنلا ئاللىقاچان ئەپلەك جايلىشىۋالغان مەرگەنلەر ئاتقان ئوقتىن يەر چىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېتىشىۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. مەرگەنلەر ئۆزلىرىنى رۇسلىۋېلىپ بىر - بىرلەپ ئاتاتتى. چېرىكلەرمۇ پوك - پوك يىقىلىپ چۈشەتتى. كەينىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر بولسا ئوق چىققان قورام تاشلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشەتتى. ئوقلار تاشقا تېگىپ قاڭقىيتتى، ۋىڭ - ۋىڭ ئاۋاز چىقىراتتى، تاشلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە چاپلىشىپ قېلىپ ئۈزۈندىن بۇيان قېتىشىپ كەتكەن لايلارنى پۇر - پۇر ئۇچۇراتتى. بىراق، مەرگەنلەرگە ئازراقمۇ زەخىم يەتكۈزەلمەيتتى. بىرەر سائەتتەك ئېتىشىش بولغاندىن كېيىن چېرىكلەر ئەھۋالنىڭ تۈنجى قېتىم ئوردىغا ھۇجۇم قىلغاندىكىدەك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ چېكىندى. دېمىسىمۇ، چېرىكلەر ئوچۇقچىلىقتا، قوزغىلاڭچىلار دالدىدا، چېرىكلەر قارىسىغا ياكى قورام تاشقا ئوق ئاتىدۇ، قوزغىلاڭچىلار بولسا كۆز ئالدىدا دالدا ئىزدەپ پىتىراپ يۈرگەن چېرىكلەرگە ئوقنى زايە قىلماي تەگكۈزىدۇ ... شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر بىرمۇنچە ئادىمىنىڭ ئۆلۈكىنى قالدۇرۇپ چېكىنىشكە

مەجبۇر بولدى. دەسلەپ ئۇلار ئېقىننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دەرەخلىككە چىكىندى. ئۇ يەردە چۈشتىن كېيىنگىچە تۇرغاندىن كېيىن بولسا نېمىشقىدۇر تەلتۆكۈس چېكىنىپ كەتتى.

— مۇنداق ئاتىدىغان ئىش بولسا چېرىك دېگىنى كېلىشۈەرسۇن، — دېدى روزىمەت تەڭنە ھەدەپ قورالىغا ئوق لىقلاپ. باشقا يىگىتلەرنىڭمۇ كەيپىياتى ئىنتايىن ئۇستۇن ئىدى. ئېغىز ئىچىنى غالىبىيەت خۇشاللىقى بىر ئالغانىدى.

شۇڭىمۇ پازىل پاختا ئۇنىڭ بىلەن چېقىشتى:

— ئاتىدىغان ئىش بولسا دەپ ئاتساڭ، خېمىرلا ئاتارسەن شۇ.

— نېمانچە ئەنسىرەيسەن، — دېدى روزىمەت تەڭنە ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ، — ھەرقانچە ئاتسامۇ پاختا ئاتماسمەن!

— پاختىنى ئاتالىساڭ ئاتمامسەن!

— شامال چىقمىسىلا ئاتىمەن!

— شامالنى خېمىرىمنى قۇرۇتۇپ قويمىسۇن دەپسەن - دە.

— ياق، شامالنى پاختامنى ئازگالغا تىقمىسۇن دەيمەن.

بۇ گەپتىن يىگىتلەر تېلىقىپ كۈلۈشتى. پازىل پاختىمۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— رەھمەت، پازىل، — دېدى روزىمەت تەڭنە چىن نىيىتى بىلەن، — سەن مېنىڭ دورام جۇمۇ.

ئەمما، پازىل پاختا بۇ گەپكىمۇ چاقچاق قىلدى:

— ئۇنداق بولسا مەن خېمىرتۇرۇچ ئىكەنمەن - دە.

روزىمەت تەڭنىمۇ بوش كەلمىدى:

— پاختىدەك بوشاپ كەتكەن خېمىرتۇرۇچ!

ئېغىز ئىچىنى يەنە كۈلكە قاپلىدى.

چېرىكلەر كەچكىچىلا قايتا ھۇجۇم قىلىپ كەلمىگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ئىزچى ئەۋەتىپ ئەھۋال ئۇقۇشتى. ئىگىلىگەن ئەھۋال شۇ بولدىكى، چېرىك باشلىرى بۇ ئېغىزنى

يىراقتىن قورۇقداپ تۇرۇش ئۈچۈن بارلىق چېرىكلىرىنى لەمجىنىنىڭ شىمال تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇلار ھازىرچە ئارام ئېلىشتا ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچى يىگىتلەر قايتا تەييارلىنىشقا كىرىشتى.

## 2

ئۆزلىرىنىڭ جەڭدىكى مەغلۇبىيىتىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مامۇت خۇددى ئوردا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدىكى ۋاقىتىدا ئۆزى دۆلەتباغدىكى گەمىدە تىتىلداپ تۇرغاندىكىدىنمۇ بەكرەك تىتىلداپ، ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەگەر بۇ غەلىيانچىلارنى ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىسە ئاز كۈنگە قالماي، يەنە ئوردىغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئۆزىنى نە - نەلەرگە سۆرەپ - توقاي قىلىپ قوغلىۋېتىدىغاندەكلا بىلىندى. شۇڭا، جەڭنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى ئوبدان ئىگىلەپ كۆرۈپ «لەشكەر ئاز بولۇپ قاپتۇ» دېگەن ئويغا كەلدى - دە، تۇرپان خان ئامبىلى ۋە پىچان ئامبىلى بىلەن جىددىي كېڭىشىپ خانلىقتا «ئىنانچىخانلىقىم خەتەر ئىچىدە قالدى، بۈيۈك چىڭ خاندانلىقىنىڭ كۆپلەپ لەشكەر ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ سادىق ۋە ۋاپادار پەرمانبەردارى بولغان ئىنانچىخانلىقىنى قوغداشقا ياردەم بېرىشلىرىنى تەلەپكارلارچە سورايمەن» دېگەن مەزمۇندا نامە يوللىدى.

چىڭ خانى نامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇزۇرۇكۋارلىرىدىن تارتىپ ھۆرمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىنانچىخانلىقنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا، نامىدا دېيىلگەن تەلىپىگە جىددىي قارىدى ۋە دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ لەشكەر ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن ئون كۈندەك ئۆتۈپ دىخۋا (ئۈرۈمچى) ۋە قۇمۇلدىن نۇرغۇن لەشكەر ياردەمگە يېتىپ كەلدى.

ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سۇلتان مامۇت ئاندىن خاتىرجەم بولدى ۋە خۇددى مۇشۇنىڭ بىلەن ھەممە باش قېتىنچىلىقىدىن قۇتۇلىدىغاندەك، ئۆزىگە كېلىدىغان بارلىق خەۋپتىن پۈتۈنلەي خالاس بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ، كۆڭلى ئارام تېپىپ قالدى. ئاندىن بۇرۇنقى ئاسايىشلىق، تىنىچ كۈنلىرى يادىغا يېتىپ ئىچى قىمىرلاشقا باشلىدى ۋە قۇتراۋاتقان شەيتىنىغا بەرداشلىق بېرەلمەي نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان خانىنىڭ خىزمىتىنى قىلالماي ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنى خانىنىڭ نەزىرىدىن قالغاندەك ھېسابلاپ روھى چۈشۈپ يۈرگەن ھېمىت كاھنى چاقىردى. «لەببەي» دەپ يۈگۈرۈپ كىرگەن ھېمىت كاھ سۇلتان مامۇتنىڭ كۆزىدىكى ئۆزىگە تونۇش بولغان شەھۋەت نۇرىنى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ...

قۇمۇل ۋە دىخۋادىن كېلىۋاتقان لەشكەرلەردىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغان قوزغىلاڭچىلار كۆپ ئويلىنىپ ۋە كېڭىشىپ بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن زەربە بەرمەكنى پىلان قىلىشتى.

بەزى يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىپ ئۆتكەن «لەمجىنگە لەكمىڭ ـ لەكمىڭ چېرىك يىغىلىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقىلىپ ئىككىنچى كۈنى سەھەردە چېرىكلەر سەپ بولۇپ ھەيۋەت بىلەن ئۆرتەڭ ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. جەڭ ئەھۋالى ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاشلا بولدى: يىگىتلەر دالدىدا تۇرۇۋېلىپ ئوچۇقچىلىقتا دۈگدىيىپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى بەخىرامان ھالدا بىر ـ بىرلەپ ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. چېرىك باشلىرى چېرىكلەرنى سەپنى بۇزماسلىققا، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇپ، قىلىچلىرىنى شاراقلىتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا دېۋەيلەپ تۇرۇۋېلىشتى. بۇنىڭدىن قورققان چېرىكلەر ئالدىدا ئوق ـ ئەجەل سايىسى تۇرسىمۇ ئالدىغا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما ئېغىزغا كىرە ـ كىرمەيلا ئەجەللىك قېنى ئېقىندىكى سۇنى بۇلغاپ يەر چىشلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن

چېرىكلەرنىڭ پۈت ـ قولىدا جان قالماي كەينىگە داجىشتى. ئۇلارغا چېرىك باشلىرىنىڭ ھەيۋىلىرىمۇ كار قىلمىدى. چېرىك باشلىرى چېرىكلەرگە خېلى ھەيۋە قىلىپ بېقىپ، ئاخىر بولۇۋاتقان تالاپەتنى دەگسەپ كۆرۈپ چېرىكلەرنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى. خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك چېرىكلەر بىراقىلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇلار 20 مېتىرچە قېچىپ شەرقىي تەرەپتىكى دەرەخلىكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، دەرەخلىكنىڭ كەينىدىكى قاقاس تاغ قاپتىلىدىن تۇيۇقسىز ئوق يېغىپ نۇرغۇن چېرىكنى مەگدىتىپ قويدى. بىردەمدىلا بىرمۇنچە چېرىك جېنىدىن جۇدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي قېچىشقا باشلىدى. لېكىن ئېگىزدە تۇرۇۋالغانلار ئۇلارنى ئوق يەتمىگۈدەك يەرگە قېچىپ بارغۇچىلا قىرىپ تۇردى. چېرىكلەر توقايلىقتىن ئەگىپ ئۆتۈپ كۆزدىن يىتكەندىلا ئېگىزگە ئورۇنلىشىۋالغانلار ئېتىشتىن توختىدى.

ئۇلار بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ پىلانى بويىچە بۈگۈن بامدات نامىزىدىن كېيىنلا ئۇ يەرگە ئورۇنلىشىۋالغان مەتربەم زور باشچىلىقىدىكى مەرگەن يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار پىلان بويىچە جەڭنىڭ بېشىدا ئۆزلىرىنى چاندۇرماي جىم يېتىپ جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشتى. ئاخىرىدا چېرىكلەر ئۆز لەشكەر باشلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرى بەلگىلىۋالغان دائىرىگە كىرىپ، تالاپەت تارتىپ چېكىنگەندە ئاندىن مەتربەم زورلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئوق ياغدۇرغانىدى.

جەڭدىن كېيىن چېرىك باشلىرى ئامباللار ئالدىدا: «ئۇلار ئالدىئالا پىستۇرما قويۇۋاپتۇ. بۇنى بايقىماپتىمىز. بولمىسا ئۇنچىلىك تۈت ـ بەش ئادەم نېمىتى» دەپ ئۆزلىرىنى ئاقلاشتى. ئەمما ئامباللار چېرىك باشلىرى ئويلىشىپ قورققاندەك ئاچچىقلىنىپ كېتىشمىدى، ئەكسىچە: «ئۇلارنىڭ بىگسىنى ئەمدى كۆرىمىز» دەپ سىرلىق كۈلۈپ قويۇشتى ۋە لەشكەرلەرگە تەسەللى بېرىشتى.

مەجىلىل زورلار بولسا يەنە غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمۈشكەنىدى. بولۇپمۇ ئېگىزدە تۇرۇۋېلىپ چېكىنگەن چېرىكنى قىرىپ تاشلىغان مەرگەن يىگىتلەرنىڭ كەيپىياتى ئالاھىدە كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇلار ھە دەپ قانداق بەتلەپ، قانداق ئاتقىنىنى سۆزلىشەتتى. بۇ ھەقتە ئاغزى بېسىقماي سۆزلەۋاتقان بىر يىگىت:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر شۇ يەردە تۇرۇۋالساق چېرىك دېگەن كېلىۋەرسە بولغۇدەك، بۆكىمىزنى قىرلاپ قويۇپ بىر ئاتقىلى تۇرساق، — دېدى قىزىپ.

— يېغىغا مۇنداق قارىساڭلار بولمايدۇ. چېرىكلەرنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۇلارنىڭمۇ ئەقلى بار، قولىدا مىلتىقى بار. بىز ئويلىغاننى ئۇلارمۇ ئويلايدۇ. ياغاچ قازان ھەرقاچان قايناۋەرمەيدۇ. شۇڭا ھەر قېتىم ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ. جان بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، — دېدى مەجىلىل زور ئۇلارنىڭ كۆرەڭلىكىگە تەنبىھ بېرىپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشتى. ياز يېرىملىشىپ قالغان بولغاچقا بۇ يەردە قىشقىچە تۇرۇپ قېلىش مۆلچەرلەنىدى. شۇڭا، ھازىر مۇھىمى قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر تەرەپتىن جەڭ تەييارلىقىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن لازىمەتلىك تەييارلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى ...

## 3

بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئېغىزنى يىراقتىن قورۇقداپ جىم ياتقان چېرىكلەردە تۇنۇگۈندىن باشلاپ جانلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى خېلى ئوبدان بىلىپ قالغان قوزغىلاڭچىلار جىددىي ھالەتكە ئۆتتى.

دېگەندەك، چېرىكلەر جانلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن لەمجىنگە ناھايىتىمۇ كۆپ چېرىك كېلىپ ئورۇنلاشتى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ چېرىكلەر باشقا جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەنىكەن.

ئېغىزغا كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەلگەن چېرىكلەر ئېغىزغا يېقىنلاشقاندا، بىردىنلا توختىدى ۋە بۇيرۇق بىلەن ئورۇنلىشىشقا باشلىدى: بىر توپ چېرىك دەرەخلىككە ئورۇنلىشىپ مىلتىقلىرىنى بەتلەشتى. ئىككى توپ چېرىك بولسا تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىپ ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قورام تاشلارنىڭ دالدىسىغا ئورۇنلىشىپ ئېغىزنىڭ ئىچىنى قارىغا ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تەمكىنلىك بىلەن ئوق چىقىرىپ ئېغىزغا ئورۇنلىشىۋالغان قوزغىلاڭچىلارغا ئازراق بولسىمۇ تالاپەت يەتكۈزۈش. شۇڭا ئۇلار ئاساسەن چېرىكلەر ئىچىدىكى مەرگەنلەردىن تەشكىللەنگەنىدى. يەنە يۈزدەك چېرىك بولسا توقايلىققا زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن كېيىن بىر بۇيرۇق بىلەن چېرىكلەر ئېغىزغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار يەنىلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوق يامغۇرىغا دۇچ كەلدى. چېرىكلەر ئېچىنىشلىق چىرقىراپ يىقىلىشقا باشلىدى. ئەمما، چېرىكلەر خۇددى ھەمراھلىرىنىڭ جان تەسلىم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتقاندەك مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈشۈپ ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. ئىككى ياندىكى مەرگەن چېرىكلەر بولسا ئوبدان قارىغا ئېلىپ ئوق ئېتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى بۇرۇنقىدەك ئەركىن ھەرىكەت قىلىشتىن چەكلەپ قويدى. بۇنىڭدىن يىگىتلەرنىڭ چىشى قېرىشىپ كەتتى. ئەمما ئۆزلىرىگە بولۇۋاتقان زەربە كۈچلۈك بولغاچقا ئېھتىيات بىلەن ئوق ئۈزۈشتىن باشقىچە ئامال قىلالمىدى.

چېرىك باشلىرىغا «مىڭ چېرىك ئۆلسىمۇ، بىر چېرىك چېكىنمىسۇن» دېگەن پەرمان بېرىلگەن بولغاچقا، چېرىك

باشلىرى چېرىكلەرنىڭ قىرىلىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇلارنى سەپ بويىچە داۋاملىق ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. چېرىكلەرمۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك زەربە بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ جاھىللارچە ئالغا ئىلگىرىلەشتى، كۆزىگە كۆرۈنگەن قارا - قۇرا نەرسىلا بولسا ئوق ئېتىشقا تىرىشتى.

تىركىشىش ئەنە شۇنداق داۋام قىلماقتا ئىدى. قوزغىلاڭچىلار بۇرۇنقىدەك نۇرغۇن ئوق سەرپ قىلىپ ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چېرىكلەردىن تۈزۈك چىقىم بولمىدى. بۇنىڭدىن يىگىتلەرنىڭ قېنى قىزىپ تۇرالماي قېلىشتى.

— ئاكا، مەن يىگىتلىرىم بىلەن باستۇرۇپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇراي، — دېدى مەترېھىم زور بىر چاغدا چىدىماي.

— ئۇلارنىڭ سېپىنى بۇزۇۋەتسەكمۇ ئوبدان بولاتتى. بىراق، ھازىر باستۇرۇپ چىقىش بەك خەتەرلىك، — دېدى مەجىلىل زور قوشۇلماي.

— ھازىرچە مۇداپىئەدە تۇرساق بولغۇدەك، — دېدى روزىمەت تەڭنە ئوقنىڭ زايە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، — ئامال بار ئالدىدىكىلەرنى قىرايلى. شۇنداق قىلساق كەينىدىكىلەرنىڭ روھى چۈشىدۇ.

— ئەمما، ئۇلار بەك كۆپ ئىكەن، ئازراقلا ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويساق ئۇلار ئېغىزغا باستۇرۇپ كىرگۈدەك. شۇڭا قاراپ تۇرمايلى. مۇشۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك ئىش چاتاق. ئاتلىنىڭلار!

مەترېھىم زور سۆزىنى تۈگىتىپ، مەجىلىل زورلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتمەيلا يىگىتلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. بۇنى ئەسلا كۈتمىگەن چېرىكلەر شىردەك سۈر - ھەيۋە بىلەن ئات ئۈستىدە ئوق ئۈزۈپ كېلىۋاتقان مەرگەن يىگىتلەرنى كۆرگەندە ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشتى.

ئۇنغىچە مەرگەنلەر ئۇلارنى ئوققا تۇتقانچە شەرق تەرەپتىكى دەرەخلىككە قاراپ ئات سالدى. دەرەخلىكتىكى چېرىكلەر ئالدىراشقىنىچە ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. ئەمما چېرىكلەر ئىككى يىگىتنى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈرۈپ بولغۇچە يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ چېرىكلەردىن بىرمۇنچىسىنى قىرىپ تاشلىدى. قالغانلىرى يىگىتلەرنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ دەرەخلىكتىن تىكىۋېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەترىھىم زورلار دەرەخلىكتە تۇرۇۋېلىپ چېرىكلەرنى قىرىشقا باشلىدى. دېگەندەك، چېرىكلەرنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ قالايمىقانلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈندى. بىراق، بىر تۈركۈم چېرىكلەر ھۇجۇم يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ دەرەخلىكنى قورشاشقا ھەرىكەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەترىھىم زورلارنىڭ دەرەخلىككە قاپسىلىپ قېلىش خەۋپى كۆرۈلدى. ئەگەر يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتىدىغان بولسا چېرىكلەرنىڭ ئۇلارنى مۇستەھكەم قورشىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا يا مەترىھىم زورلار پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىدۇ، يا ھەممىسى تىرىك ئەسىرگە چۈشىدۇ. لېكىن، مەترىھىم زورلارنىڭ قىزغىن ئېتىشۋازلىق قىلىشىدىن بۇ خەۋپنى سەزمىگەنلىكى ئېنىق ئىدى. مەجبېلىل زورلار بۇنى تونۇپ يېتىپ جىددىيلىشىپ قېلىشتى. ئەھۋال ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن روزىمەت تەڭنە بىر تۈركۈم يىگىتنى باشلاپ ئات سېلىپ چىقتى. ئۇلار ئات ئۈستىدىكى ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئاتنىڭ بىر يېنىغا ئېسىلىۋېلىپ چېرىكلەرنى قىرىشقا باشلىدى. بۇنداق ماھارەتنى ئانچە كۆرۈپ باقمىغان چېرىكلەرنىڭ كۆزى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى ۋە قورقۇنچتىن تۇغۇشلۇق ئوق چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالدى ۋە ئىختىيارسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دەرەخلىككە ھۇجۇم قىلىپ بېرىپلا قالغان چېرىكلەرمۇ قالغان چېرىكلەرنىڭ چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن چېكىندى. ئەھۋالنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى

كۆرگەن روزىمەت تەڭنە مەترىھىم زورغا ۋارقىرىدى:

— دەرھال ئورنۇڭلارغا قايتىڭلار!!

مەترىھىم زور چىرىكلەرنىڭ ئىغىزدىن چىكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرەخلىكتىن چىقتى ۋە ئىغىزغا چىكىندى. ئۇلار چىكىنىپ بولاي دېگەندە، ئىقىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قورام تاشلارنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالغان مەرگەن چىرىكلەر تۇيۇقسىز ئوق ياغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىچىنىشلىق پاجىئە يۈز بەردى. يامغۇردەك ياغدۇرۇلغان ئوقتا بىرنەچچە يىگىت بىلەن تەڭ مەترىھىم زورمۇ ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ئىقىندىكى سۇزۇك سۇ ئىچىدە يېتىپ قالدى. سۇ شۇ ھامان قىزىلغا بويالدى.

بۇنى كۆرگەن مۇھەممەت ئابدۇللا چىداپ تۇرالمىدى ۋە يىگىتلىرىنى باشلاپ ياردەمگە چىقتى. ئۇلارنىڭ جەسۇر قىياپىتىنى كۆرگەن چىرىكلەر ئەمدى رەسمىي چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئىقىن بويىدا نۇرغۇن چىرىكلەرنىڭ جەستى بىلەن مىلتىقلىرىنى تاشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ...

يىگىتلەر ئوق تەگكەن يىگىتلەرنى ئىغىز ئىچىگە ئېلىپ كىرگەندە، ئارىسىدىكى بىر يىگىتتىن باشقا ھەممىسى ئاللىقاچان تىنىقتىن قالغانىدى. مەترىھىم زورنىڭ دائىم باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىمۇ ئارمان بىلەن يۇمۇلغانىدى.

بۇنى كۆرگەن مەجىلىل زورنىڭ يۈرىكى سۇغۇرۇلغاندەك بولدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، بېسىپ بولماس بىر يىغا گېلىغا، ياق، يۈرىكىگە قاپلاشتى. تۇسۇپ بولغۇسىز بىر كەلكۈن ئىككى كۆزىگە يامرىدى. لېكىن ئۇ دەرھاللا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، كۆزىدىكى مېھىر يالقۇنجاۋاتقان نەملىكنى زورىغا باستى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا: «مەن بۇنداق زارلاپ يىگىتلەرنى بوشاشتۇرۇپ قويسام بولمايدۇ» دېگەن ئوي ھۆكۈمران ئىدى.

ئەمما، نۇرغۇنلىغان يىگىتلەر كۆز ياشلىرىنى پەقەت

تۇتۇۋالمىدى.

قوزغىلاڭچىلارنى تۇنجى قېتىم قاتتىق مۇسىبەت ئۆز ئىلكىگە ئالدى، ئېغىز ئىچى سۇكۇتكە چۆمدى. بۇرۇن ھەر قېتىمقى جەڭدە بىرنەچچىدىن يىگىت قۇربان بولغان بولسا، بۇگۇن قۇربان بولغان يىگىتنىڭ سانى ئون توققۇزغا يەتكەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇسىبەت ۋە قىساس ئوتى يىگىتلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئوت تۇتاشتۇردى. ئەمما كۆزىدىن ياش قۇرۇمىغان، بىراق ئۆزىنى تۇتۇۋالغان مەجىلىل زور ئۇلارنى توسۇپ قويدى:

— قارامىلىق قىلساق بولمايدۇ. يېغا بولغاندىكىن ئۆلۈم - يېتىم بولىدۇ. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ھەربىرىمىز ھەر ۋاقىت ئېھتىيات قىلايلى، قىزىققانلىق، ئۆز بېشىمچىلىق قىلمايلى.

مەجىلىل زورنىڭ بۇ قەدەر سەۋرچانلىقى يىگىتلەرگە دەرھاللا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەجىلىل زورنىڭ سۆزىدىكى ئاقىۋەت ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا «مانا مەن» دەپ تۇرغاچقا يىگىتلەر لام - جىم دېمەي بېشىنى سىلىشىپ تۇردى. دېمىسىمۇ، ئالدى - ئارقىسىنى ئويلىماي ھە دەپ ھۇجۇم قىلىشىنىلا ئويلايدىغان بەزى مەرگەنلەرگە بۇگۇنكى بۇ پاجىئە ئاچچىق ساۋاق بولغانىدى.

شۇڭا، يىگىتلەر ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇشقاندا، ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى. ھەتتا بەزىلەر بۇرۇن قىلىپ قويغان قارامىلىقلىرىنى يادىلىرىغا ئېلىشىپ، تېنىنى قورقۇنچ بېسىپ، شۇركۇنۇپ كېتىشتى.

چېرىكلەر ئەنە شۇنداق چىقىم تارتقان بولسىمۇ، ئون كۈندىن كېيىن يەنە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئەمما ئۇلار ئازلىماقتا يوق تېخىمۇ كۆپىيىپ ھۇجۇم قىلغاندى. مەجىلىل زورلار جان تىكىپ ئېلىشىپ ئۇلارنىمۇ چېكىندۇردى ...

## ئون تۆتىنچى باب

# يېغى ياندىن

### 1

چېرىكلەر ھەرقانچە زىيان بولۇۋاتقان بولسىمۇ، 10 — 20 كۈندە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىشنى ئەسلا توختاتمىدى. شۇنداق قىلىپ تۇيا - تۇيمايلا قىش كىرىپ قالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوزۇق - تۈلۈكتە مەسىلە كۆرۈلدى. يۇرت ئىچىگە ئەۋەتىلگەن بىرنەچچە يىگىت لەمجىنگە بارا - بارمايلا زەربىگە ئۇچراپ جېنىنى ئەپقېچىپ ئارانلا قايتىپ كېلىشتى. شۇڭا، قوزغىلاڭچىلارغا بېرىلىدىغان يېمەكلىكنى قىسىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچى يىگىتلەر كۈننى ئاچ - توق دېگۈدەكلا ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. دەسلەپتە ئۇلار بۇنى ئۆتكۈنچى ئىش دەپ قاراپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولدى. بۇنداق ئەھۋال 20 كۈندەك داۋاملاشقاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا دەسلەپ قاتناشقاندا قوزغىلاڭنى خۇددى بىر - ئىككى كۈندە تەلتۆكۈس غەلىبە قىلىدىغاندەك ئويلاپ، ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن بەزى يىگىتلەر ئەمدىلىكتە پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ھەتتا، كېيىنچە ئىسسىق ئۆيلىرىنى سېغىنىدىغان، كونا يوتقان بولسىمۇ، ئىچىدىكى ھۇزۇرلۇق بەدەننى تولا چۈشەيدىغان، تويلىشىدىغان قىزى بەرگەن گۈل كەشتىلەنگەن ياغلىقنى پۇراپ چۈشلۈكى ھە دېسە قورام تاش ئۈستىدە خىيالغا پېتىپ يېتىپ كېتىدىغانلار كۆپەيگىلى تۇردى. مەجېلىل زورلار بۇ ئەھۋالدىن سەل چۆچۈشتى. شۇڭا ئۇلار بۇنداق ئىپادىسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان

بىرنەچچە يىگىتكە تەربىيە ئىشلەشنى مەسلىھەت قىلىشتى.
ئەمما يېقىنقى بىرنەچچە كىچىك جەڭدە مۇزدا ئات تېپىلىپ
كېتىپ يىقىلىپ چۇشۇش سەۋەبلىك ئوق تېگىپ ئۆلگەن
بىرنەچچە يىگىت تۇيەيلىدىن بەزى يىگىتلەردىكى ئەھۋال تېخىمۇ
يامانلىششقا باشلىدى. ئۇلار ئەتىگەنلىك مەشىقىقە چىقمايتتى،
قاراۋۇللۇققا قويسا يەنە بىر قاراۋۇل بىلەن ئالماشمايلا بالدۇر
كىرىپ يېتىۋالاتتى. مەجبىلىل زورلار گەپ قىلسا بۇرۇنقىدەك
چۆچۈپ خىجىل بولۇشنىڭ ئورنىغا قاپىقىنى تۇرۇپ غۇدۇراپ
تۇرۇۋالاتتى. بۇنىڭ بىلەن يىگىت باشلىرىنىڭ بېشى قاتتى،
ھەتتا مەجبىلىل زور: «يىگىتلەرنى ئەجەبمۇ بۇ ئىشقا
چېتىۋاپتىمەن» دەپ پۇشايمان قىلغانمۇ بولدى. بىراق، روزىمەت
تەڭنە، پازىل پاختا، مۇھەممەت ئابدۇللالار بولسا: «قىلغىنىمىز
توغرا بولدى، مانا زورلارغا كۆچنى نەگە، نېمىگە ئىشلىتىشنى،
مەرگەنلەرگە ئوقنى كىمگە ئېتىشنى كۆرسىتىپ قويدۇق» دەپ
ئۇنىڭ كۆڭلىنى توق قىلدى.
ئەمما، كەيپىيات يەنىلا بەك سۇس ئىدى. شۇڭا روزىمەت
تەڭنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ پازىل پاختىغا گەپ
تاشلىدى:
— نېمىگە شۇمشىيىپ ئولتۇرىسەن، پازىل، يا ساڭا ئوق
تەگكەن بىلەن كار قىلمىسا.
روزىمەت تەڭنىنىڭ نېمىشقا گەپ تاشلىغانلىقىنى چۈشەنگەن
پازىل پاختا دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتى:
— ماڭا كار قىلمىغان بىلەن، ئوق سېنى تار قىلىدۇ.
يىگىتلەر بۇ قايتۇرما گەپتىن «تەڭنىگە ئوق تەگسە ۋاڭگىدە
يېرىۋېتىدۇ» دېگەننى چۈشىنىپ كۈلۈپ كېتىشتى. كۈلكە -
چاقچاق دېگەن ئاجايىپ - دە! مانا يىگىتلەر باياتىندىن بېرى
يۈرىكىنى سىجىپ كەلگەن ئۇرۇش ۋەھىمىسىنى بىردەمدىلا
ئۇنتۇشۇپ چاقچاققا بېرىلدى.
— سېنى ئاشلىققا تېگىشلىمىكىن - يە.

— مېنى ئاشلىققا تېگىشمىسە، سېنى تاشلىققا چۈرۈۋېتىدۇ.
— غوزىكىڭدە قورۇپ قالساڭ قانداق قىلىمىز؟
— بالاڭغا تەڭنە ياسا.
— ئەتمىيازدا ئېچىلىپ قالساڭ قانداق قىلۇرمىز؟
— قارلىق تاشلاپ ئوينا.
كۆلكە ئۇزۇلمەي داۋاملاشتى.
شۇ ئارىدا بىر يىگىت كۆلكىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ، كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ گەپنى بۆلدى:
— بولدى قىلىڭلار، تولا تالىشىۋەرمەي. پازىل ئاكا، موللازەيدىن لەتىپىلىرىدىن بىرنى دەپ بەرگىنە.
— مۇشۇ مامۇت تازنىڭ ئاتىسىنى جايلىغىنىدىن بىرنى.
يىگىتلەرنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مەجىلىس زور بېشىنى لىڭشىتتى. پازىل پاختا تەييارلاندى:
— ماقۇله، پاختامنى بىر ئاتاي. بىر يىلى ئەفرىدۇن ۋاڭ قۇمۇلدىكى بېشىر جۇنۋاڭنىڭ نىكاھ تويى مەرىكىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن قۇمۇلغا سەپەر قىپتۇ. بۇ قېتىم ئەفرىدۇن ۋاڭ يولدا زېرىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن موللازەيدىنىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ.
بۇ لەتىپىنى تولا ئېيتىپ پىشىپ كەتكەن پازىل پاختا پاراڭ دېگەننى قويۇۋەتتى.
ئەفرىدۇن خوجىلار ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ قۇمۇل شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى بېشىر ۋاڭ مەخسۇس ئەۋەتكەن يۈقىرى دەرىجىلىك ئوردا بېگى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈۋالدى ھەمدە ۋاڭ ئوردىسىغا ئەڭ يېقىن بولغان خېلى داڭلىق بىر مېھمانسارايغا باشلاپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئەفرىدۇن جۇنۋاڭ بىلەن ئايشە پۇجۇڭ خېنىم ئىككىسىنى توي مەرىكىسى ئاخىرلاشقۇچە ئوردا مېھمانخانىسىدا تۇرۇشنى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، جۇنۋاڭ بېگىم بېشىر جۇنۋاڭنىڭ بۇ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتىپ، ھەمراھلىرى بىلەن مۇشۇ سارايدا

تۇرۇۋېرىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ سىلىق رەت قىلدى.
بېشىر جوڭنۇاڭ قارشى ئېلىشقا ئەۋەتكەن ھېلىقى ئوردا مەھرەم بېگىمۇ ئىلاجسىز خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ياتاق ــ تاماق خىراجەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇمۇل جوڭنۇاڭى بېشىرۋاڭنىڭ ئوردا خەزىنىسىدىن كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا سارايۋەنگە ئۇقتۇرۇلغانىدى. مېھمانساراي ھۇجرىلىرى كۆپ، پاكىز، كەڭتاشا ئىدى. بۇ ھال مېھمانلارنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل ئازادىلىك ھېسسىياتىنى پەيدا قىلدى. ئەفرىدۇن جوڭنۇاڭ ئەر ــ خوتۇن ئىككىسى چۈشكەن ئىچكىرى ــ تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ھۇجرىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولدى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھۇجرىلاردا خىزمەتكارلار، جوڭنۇاڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئوردا مەھرەملىرى، سازەندىلەر ئورۇنلاشقانىدى. موللازەيدىن ئۆزىنىڭ كېچىسى قاتتىق خورەك تارتىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ چەترەك بىر ئېغىزلىق ھۇجرىغا ئايرىم ئورۇنلاشتى.

ئۇيغۇرلار «يەتتە» سانىنى خاسىيەتلىك سان بىلىپ تەلەي ــ بەخت ئاتا قىلىدىغان، بەرىكەت ياغدۇرىدىغان سان دەپ تونۇغاچقىمۇ «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس»، «بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ»، «يېشىڭ يەتتىمىشكە يەتكۈچە مېلىڭ يەتتىگە يەتسىچۇ» دېگەن ماقال ــ تەمسىللەرنى يەكۈنلىگەن. لۈكچۈن ــ لەمجىن رايونىدا، «يەتتە يىگىت، يەتتە قىز» رىۋايىتىمۇ كەڭ تارقالغان، ئوغۇللىرىنى يەتتە يېشىدا خەتنە قىلىپ سۈننەت تويىنى ئۆتكۈزىدۇ، قىزلىرىنىڭ يەتتە يېشىدا قۇلىقىنى تېشىدۇ. ئەگەر ئىقتىسادىي جەھەتتە قۇربى يەتسە ئوغۇللىرىنىڭ تۈنجى تويىنى يەتتە كېچە ــ كۈندۈز ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. قۇمۇل جوڭنۇاڭىنىڭ بۇ قېتىمقى توي مەرىكىسىمۇ يەتتە كېچە ــ كۈندۈز ئۆتكۈزۈلمەك بولۇپ بەلگىلەنگەنىدى. توي مەشرەپلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، ئات

بەيگىسى ... قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

لۈكچۈننىڭ جۇنۋاڭ بېگى باشچىلىقىدىكى مېھمانلار يېتىپ كەلگەندە توي باشلىنىشقا ئىككى كۈن ۋاقىت قالغانىدى. بۇ قېتىمقى تويغا بېشىر جۇنۋاڭنىڭ ئىلى تەرەپتىكى يۇقىرى مەرتىۋىلىك تۇغقانلىرىمۇ كېلىشكەنىدى. قۇمۇلنىڭ توي مەشرەپلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ قۇمۇل ۋارىيانتى، يەنى قۇمۇلنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن باشلىنىپ كۆپ ئۆزگىرىشلىك مەشرەپ ناخشىلىرى ئېيتىلاتتى. بۇ ناخشىلار ھېسسىياتلىق، جۇشقۇن، تەسىرلىك ئېيتىلىپ، كىشىگە ھۇزۇر ئاتا قىلىپ، ھاياجانغا سالىدىغان ناخشىلار ئىدى. قۇمۇل شەھىرىدە بېشىغا چۇمبەل ئارتىپ يۈزىنى توسۇۋالىدىغانلار ناھايىتى ئاز ساندا بولۇپ، پەقەت 50 — 60 ياشلىق قېرى - چۆرى تەقۋادار ئاياللار ھەم قازى - مۇپتى، قارى، مەخسۇم قاتارلىق دىنىي زاتلارنىڭ قۇشناچىملىرى ياكى نامازخان كېلىن - كوتىلىرى ئىدى.

بېشىر جۇنۋاڭنىڭ تويى چوڭ داغدۇغا بىلەن باشلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەفرىدۇن جۇنۋاڭغا ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانا ھويلىسىدا كېچىسى «ئالۋاستى قول سالغانلىقى» ئۈچۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. «ئالۋاستى»نىڭ شەھەر مەركىزىدە پەيدا بولۇشى كىشىلەرنى ساراسىمىغا سېلىپ، ۋەھىمە ۋە قورقۇنچتا كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان ۋە يالغۇز يول يۈرەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى.

ئىشنىڭ ئۆتمۈشى تۆۋەندىكىدەك سادىر بولغانىدى:

جۇنۋاڭ بېگىم ئادەتتە خورازلار تاڭ سەھەر بىرىنچى قېتىم چىللىغاندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ تەرىتىنى ئېلىپ «قازا ناماز»لىرىنى قالدۇرماي ئۆتەپ بولۇپ، ئاندىن بامدات نامىزىنى ئۆتەش ئۈچۈن تۇراتتى، مەلۇمكى توخۇلارنىڭ ئادىتىدە خوراز قانچە ئوبدان بېقىلغان بولسا ھەممىدە ئۇ بىرقەدەر ياشقا توختىغان بولسا شۇنچە ئەتىگەن چىللايدۇ، بەزى خورازلار يېرىم كېچىدىن

ئۆتكەندىلا چىللاشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان باشقا خورازلارمۇ قاناتلىرىنى قېقىپ چىللىشىپ كېتىدۇ ...

ئەفرىدۇن جۇڭۋاڭ قۇمۇلغا تويغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتمىدى، چۈنكى جۇڭۋاڭنىڭ ئانىسى خۇشنارە خېنىم جۇڭۋاڭغا 12 يېشىدىن تارتىپ سىڭدۈرگەن ئادىتى ئىدى. مېھمانسارايىنىڭ مېھمانلار ئۇچۇن غۇسۇل - تەرەت قىلىدىغان مەخسۇس ئەۋرەزخانىلىرى بولۇشىغا قارىماي، جۇڭۋاڭ بېگىم ئۇچۇن سارايىنىڭ چېتىدىكى مەخسۇس يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلار ئۇچۇن ئاجرىتىلغان ھاجەتخانا ۋە ئەۋرەزنى ئايشە پۇجۇڭ خېنىم بىلەن ئىككىسىنىڭ تەڭ پايدىلىنىشى ئۇچۇن بەلگىلەپ بەرگەنىدى. باشقا مېھمانلار بۇ تەرەپكە ئاسانلىقچە يېقىن يولىمايتتى.

موللا زەيدىن قۇمۇلغا كېلىش سەپىرى جەريانىدا ئەفرىدۇن جۇڭۋاڭنىڭ ھاقارەتلىك شەرتىگە ماقۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئازغىنە غۇرۇرى ۋە ئابرۇيىنى يەمچۈك قىلىش ھېسابىغا تۆت دانە مايلىق توقاچقا ئېرىشىپ ئاچلىق ئازابىغا بەرھەم بەرگەنىدى. موللا زەيدىن جۇڭۋاڭنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئاھانىتىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى ھەمدە جۇڭۋاڭنىڭ بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك ۋە ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقمىغۇدەك ئىزا - ئاھانەتكە قالدۇرۇش پۇرسىتىنى كۈتۈپ يۈرگەنىدى. مانا ئاخىر پۇرسەتنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا تەييار بولدى. شەھەرگە كېلىپ مېھمانسارايغا چۈشكەندىن كېيىنلا موللا زەيدىن جۇڭۋاڭ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئايرىم ھۇجرىغا ئورۇنلىشىپلا قالماي، ئەۋرەز - ھاجەتخانىلىرىنىڭمۇ ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلدى. ئۇ شەھەرگە كېلىپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىنلا شەھەردىكى ماگىزىنلارنى ئارىلاپ، بىر ماگىزىندىن ئىچىدىكى يۇڭلىرى ئۇزۇن بىر يۇرۇش جۇۋا بىلەن قازاقلارنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق كەلگەن قىشلىق تۇمىقىنى سېتىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ماگىزىندىن خىلمۇ خىل ئاۋاز چىقىرىدىغان چوڭ - كىچىك

قوڭغۇراقتىن سەككىز ـ ئوننى سېتىۋالدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئەلياتقۇ مەھەلدە جۇۋىنى ۋە ھېلىقى قازاق تۇمىقىنى تەتۈر ئۆرۈدى. جۇۋىنىڭ ئۇزۇن يۇڭلىرىغا ھېلىقى قوڭغۇراقلارنى بوغقۇچ بىلەن مەھكەم چىگىپ چېتىپ قويدى. ئەتىسى ئەتىگەندە سەي ـ كۆكتات بازىرىغا بېرىپ ئادەمنىڭ بېشى چوڭلۇقىدىكى بىر جۈپ قاپاقنى ھەمدە ئۇزۇن ۋە ياي شەكىلدە چۈشكەن ئەگرى تەرخەمەكتىن ئىككى تال سېتىۋېلىپ سارايغا قايتىپ كەلدى. لۆڭگە چوڭلۇقىدەك بىر پارچە ئاق ماتا رەخت بىلەن تىككۈچىلەرنىڭ دۇكىنىدىن قىزىل، يېشىل، ئاق ـ سېرىق لاتا پۇرۇچلىرىنى تەييار قىلدى. موللا زەيدىن بۇ رەڭدار لاتا پۇرۇچلىرى بىلەن ئىككى تال تەرخەمەكنى باغلاپ مۈڭگۈزدەك ياساپ قازاق تۇمىقىغا بېكىتىپ قويدى. قاپاقلارنىمۇ بوغقۇچ بىلەن چېتىپ باغلاپ، بويىنىغا كىندىكىنىڭ ئۈستىگىرەك كېلىدىغان قىلىپ تەڭشەپ ئېسىپ باقتى. ئاق ماتا رەختنى بولسا يۈزىگە چۈمبەل ئارتقاندەك تارتىپ، كۆزىگە ئۇدۇللاپ پىيالىنىڭ تۈۋى چوڭلۇقىدا ئىككى يەردىن تېشىپ كېسىپ ئېلىۋەتتى. ئېغىز ـ بۇرنىنىڭ ئۇدۇلىغىمۇ تۆشۈك ئاچتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇرقى ئادەم سىياقىدىن كۆپ دەرىجە ھالقىپ كەتكەنىدى. ئەگەر ئۇ جۇۋىنى «مۈڭگۈز» قادالغان قازاق تۇمىقى بىلەن كىيىدىغان بولسا، ئۇنى كۈندۈزى كۆرگەن كىشىنىڭمۇ قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتەتتى. موللازەيدىنىنىڭ ھەممە تەييارلىقى پۈتتى. ئۇ خورازلارنىڭ چىللىشىنى كۈتۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

موللازەيدىن بىر ئۇخلاپ ئويغانغاندا ئانداـ ساندا شەھەر ئەتراپىدىكى خورازلار چىللىشىۋاتاتتى. ئۇ قوڭغۇراق ئېسىلغان جۇۋىنى كىيىۋالدى. قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى مۇددەتتىن ئىلگىرى چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىچىگە پاختا تىقىۋېتىلگەنىدى. يۈزىگە ھېلىقى لاتىنى تارتىپ، ئۈستىگە «مۈڭگۈز» قادالغان قازاق تۇمىقىنى باستۇرۇپ كىيىۋالدى. ئاندىن ئىككى دانە

قاپاقنى بويىنغا ئېسىپ، ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى ئەمچەك هالىتىگە كەلتۈردى. ئۇ جۇنۇاڭ بېگىمنىڭ غۇسۇل ـ تەرەت ئالىدىغان ئەۋرەزخانىسىنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، جۇنۇاڭ بېگىم تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. موللازەيدىن يېقىنلا يەردىكى ئېگىزرەك بىر ئات ئوقۇرىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى پىنھانىغا ئالدى ۋە قوڭغۇراقلار ئىچىدىكى پاختىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭغا جۇنۇاڭ بېگىمنى ئۇزاق ۋاقىت كۈتۈشكە توغرا كەلمىدى. جۇنۇاڭ بېگىمنىڭ ئاھ ـ ۋاھ قىلىپ يالغان يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئىچىگە لىقمۇ لىق ئىلمان سۇ قاچىلانغان ئەۋرىقنى بىر ئوچۇقچىلىقتا قويۇپ قويدى ـ دە، هاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا بوقا ـ كالا مۆرىگەندەك نەچچە قېتىم يەل قويۇپ بېرىپ، ئالدىنقى كۈنى بېشىر جۇنۇاڭ ئۆتكۈزگەن زىياپەتتە يېگەن ـ ئىچكەنلىرىنىڭ قالدى ـ قاتتىسىنى ئىنجىقلاپ چىقىرىۋەتتى. ئارقىدىن ئىشتىنىنىڭ بوغقۇچىنى باغلىمايلا بىر قولى بىلەن ئىشتىنىنى قاماپ تۇتقىنىچە ئەۋرىقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، ئىشتىنىنى ئوشۇقىغىچە سىيرىپ تەرەتكە ئولتۇردى. 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدا جۇنۇاڭ موللازەيدىنگە ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمدى پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايتتى. موللازەيدىن ئوقۇر ئىچىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنى ئۇياققا ـ بۇياققا سىلكىۋەتتى، ئارقىدىن ئوقۇردىن سەكرەپ چۈشتى. بۇ چاغدا قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى بىلەن موللازەيدىنىنىڭ سەكرىگەندىكى ئاۋازى قوشۇلۇپ جۇنۇاڭ بېگىمنى چۆچۈتۈپ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قاراپلا جان ـ پېنى چىقىپلا كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا تۆت پۇتلۇق، بەتبەشىرە، ھەربىر قەدەم بېسىپ سىلكىنگەندە جاقىراڭ ـ جوقۇرۇڭ ئاۋاز چىقىرىدىغان، ئۇزۇن ئىككى تال مۈڭگۈزى بار، ئۇچلۇق بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يوڭلۇق ئىككى تال قولىقى بار ئاجايىپ بىر مەخلۇق كېلىۋاتاتتى. بۇ مەخلۇقنىڭ ئاپپاق يۈزىدە

ئۇرىدەك ئىككى كۆزى ۋە يوغان ئاغزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەيدىسىدىكى ئىككى دانە يوغان ئەمچىكى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ مەخلۇق جۇنۋاڭنىڭ يېنىغا بەش مېتىردەك قالغاندا ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولدى ۋە جۇنۋاڭغا تاشلىنىدىغاندەك قىياپەتتە تۇردى. ئۇنىڭسىزمۇ جۇنۋاڭ قورقۇپ ئوڭدىسىغا يىقىلغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ جالاقلاپ تىترىگىنىچە: «سۇبھاناللا ... سۇبھاناللا ...» دەپ نېمىلەرنىدۇر ئوقۇماقچى بولغان بولسىمۇ گاچىدەك تىلى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇۋرىق، چىرمىشىپ قالغان ئىشتىنى پۇتىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى يولۋاسنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كانىيى بوغۇلغان بۆكەندەك غەلىتىلا ئاۋازدا ئاغىل - تاغىل ھۆركىرىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قورقىنىدىن ئېسىنى يىغالماي ھوشىدىن كەتتى.

جۇنۋاڭ بېگىمنىڭ ئايالى ئايشە پۇجۇڭ خېنىم ئېرىنىڭ خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ كىرمىگەنلىكىنى ئويلاپ ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇ تەشۋىشلىنىپ چالا - بۇلا كىيىنىپ ھاجەتخانا تەرەپكە چىقىپ يەردە سوزۇلۇپ ياتقان ئېرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. تاڭ سەھەردىكى غەربكە قىيسايغان ئاي يورۇقىدا جۇنۋاڭ بېگىم چوشقىدەك خارتىلداپ ياتقىنىچە، نېمىلەرنىدۇر ئوقۇغاندەك قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئايشە پۇجۇڭ خېنىم قورقۇمسىراپ ئاستا ئېرىنىڭ قېشىغا باردى، جۇنۋاڭنىڭ ئۇستىدە كالتە يەكتەكلا بولۇپ، ئۇشۇقىدىن تارتىپ كىندىكىگىچە يالىڭاچ ئىدى. ئايشە پۇجۇڭ خېنىم بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— ۋاي ئاتام! ئادەم بارمۇ؟ — دەپ چىرقىرىۋەتتى. شۇ ئەسنادا مېھمانسارايىنىڭ يەنە بىر چېتىدىن موللازەيدىن ھەمراھلىرى چۈشكەن ھۇجرىلارنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئېرى بىلەن

ھەيلىشىۋاتقان ئايشە پوجوك خېنىمنى كۆرۈپ، ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە ھازىرلا ئۇيقۇدىن تۇرغاندەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ جوڭۋاڭ بېگىمنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ «ھەيران قالدى». شۇ ئەسنادا يەنە بىر قانچە كىشى يەكتەك ـ چاپانلىرىنى كىيىشكىنىچە چىقىپ كېلىشتى. موللازەيدىن:

— چاققان بولسىلا خېنىم! نېمىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىدىلا؟ ئاۋۇ ئادەملەر يېتىپ كەلگۈچە گاڭ بېگىمنىڭ ئىشتىنىنى كىيگۈزمەمدىلا! نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ؟ ئۇيات ئەمەسمۇ؟ — دېدى. ئايشە پوجوك خېنىم زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ جوڭۋاڭنىڭ ئوشۇقىغا تۇرۇلۇپ قالغان ئىشتىنىنى تارتىشتۇرۇپ كىيگۈزۈشكە تۇتۇش قىلدى ۋە بىردىنلا:

— پۇۋ! نېمانچە پۇراقچىلىق بۇ! — دەۋەتتى. موللازەيدىن ئېڭىشىپ قاراپ:

— قارىغاندا جوڭۋاڭ بېگىم بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ كېتىپ، قورقۇنچىسىدا ئارقا ـ ئالدىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. چاققان بولسىلا كىشىلەر كېلىپ قالدى.

ئۇنىڭچە موللازەيدىن ئويغىتىۋەتكەن كىشىلەر جوڭۋاڭنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى ۋە قولمۇ قول تۇتۇش قىلىپ، بىر قولى بىلەن بۇرۇنلىرىنى توسۇپ، جوڭۋاڭنى كۆتۈرۈپ ياتاق ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇشتى.

تاڭ ئاتقاندا جوڭۋاڭ بېگىمنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇششاق ـ ئۇششاق تېرىقتەك جاراھەت ئۆرلەپ چىققانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ:

— جوڭۋاڭ بېگىمگە قاتتىق ئۇچۇق تېگىپتۇ. ھېلىمۇ خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ ... — دېيىشتى. ئايشە پوجوك خېنىم: «مۇنداق ئالۋاستى ماكان تۇتۇۋالغان سارايدىن كۆچۈپ كېتىمىز» دەپ داۋراڭمۇ سېلىپ باقتى.

شۇ كۈنى شەھەر ئىچى ـ سىرتىدىكى داڭلىق پېرىخون ـ

داخانلارنى تېپىپ كېلىشتى. ئۇلار:

— جوڭنۇاڭ بېگىم بىر ئالۋاستى بالىسى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا بالىسىنىڭ پۇتىنى دەسسىۋاپتىكەن، ھېلىمۇ ياخشى ئۇ ئالۋاستى جوڭنۇاڭ بېگىمنىڭ ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقاپ، بالىسىنى ئەپقېچىپ كېتىپتۇ. ھېچ ئىش يوق، بىز جوڭنۇاڭ بېگىمنى شۇنداق ئوقۇيمىزكى، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق يامان ئالۋاستى - جىن بولسىمۇ بەش كۈنلۈك يەردىن قورقۇپ قاچىدىغان بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جوڭنۇاڭ بېگىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ: «ئەزەمتەلەي كۇم ئوقۇيمەن، جىنغا توقۇم توقۇيمەن، جىن سەكرىسە سەكرىسۇن، مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن ...» دەپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. داخانلارنىڭ ئوقۇشى «پايدا» قىلدىمۇ ياكى قۇمۇل جوڭنۇاڭى بېشىر ۋاڭ ئەفرىدۇن ۋاڭ يىقىلىپ چۈشكەن ئورۇن ئەتراپىغا ئاتقۇزغان ئۇچ پاي مىلتىق ئوقى پايدا قىلدىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لېكىن، ئالۋاستى توغرىسىدا ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىدى. بېشىر جوڭنۇاڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئەفرىدۇن جوڭنۇاڭنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا پەقەت «بامدات نامىزىغا تەرەت ئالغىلى چىققاندا قاراڭغۇدا پۇتلىشىپ كەتتىم» دەپلا قويدى، ھەقىقەتتە بولسا ئۇ قورقۇنچىسىدا ئۆزىگە ھەيۋە قىلغان «ئالۋاستى»نى سۆيەتلەپ بېرىشتىنمۇ قورقاتتى.

موللازەيدىن ئەفرىدۇن جوڭنۇاڭنىڭ ئۆزىگە قىلغان ھاقارەتلىك «چاقچىقى»نى ئەنە شۇنداق «چاقچاق» بىلەن ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى.

— موللازەيدىن ئالامەت - دە!

— گەپچى ئادەمگە نېمىلا قىلسا يارىشىدىكەن.

— گېپى كېلىپ قالسا كىملا بولسا نېرى تۇر دېمەيدىكەن ئۇ.

كۈلكە بېسىلغاندىن كېيىن روزىمەت تەڭنىنىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلدى:

— پاختىدەك يېيىپ دېگوچە، قىسقا، قىزىقىنى دېمەمسەن.
— بولىدۇ. تەڭنىدەك، كىچىك، دىقماقنى دەي.
شۇنداق دەپ پازىل پاختا يەنە بىر لەتىپىنى باشلىدى:
بىر توپ كىشى موللازەيدىننى گەپكە سېلىپ گېپىدىن پۇتاق چىقىرىپ ئۇنى گەپتە يىقىتماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى تۇسۇۋېلىپ بىر نەرسە دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن موللازەيدىن:
— سىلەر مېنىڭ دەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بىلمەيمىز، — دېيىشىپتۇ كىشىلەر. بۇنى ئاڭلىغان موللازەيدىن: «ئۇنداقتا سىلەر بىلمىگەننى دېيىشىمنىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپ كېتىپ قاپتۇ. كىشىلەر نىيىتىدىن يانماي ئەتىسى «بىلىمىز» دېگەنگە كېلىشىۋاپتۇ.
ئەتىسى موللازەيدىن كەپتىكەن، كىشىلەر يەنە شۇ تەلەپنى قويۇپتۇ. موللازەيدىنمۇ يەنە:
— سىلەر مېنىڭ دەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. كىشىلەر دېيىشۋالغىنى بويىچە: «بىلىمىز» دېيىشىپتۇ. موللازەيدىن بولسا:
— ئۇنداق بولسا مېنىڭ سىلەر بىلىدىغان گەپنى دېيىشىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن! — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭدىن جىلە بولۇشۇپ ئەتىسى يېرىمى «بىلىمىز» دەيدىغان، يېرىمى «بىلمەيمىز» دەيدىغان بولۇپ كېلىشىۋاپتۇ.
— سىلەر مېنىڭ دەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. كىشىلەرنىڭ يېرىمى دەرھاللا «بىلىمىز» دەپتۇ. قالغانلارمۇ تەڭلا «بىلمەيمىز» دەپتۇ. موللازەيدىن كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ئۇنداق بولسا بىلىدىغانلار بىلمەيدىغانلارغا دەپ بەرسەڭلەرلا بولمىدىمۇ! — دەپتۇ. كىشىلەر، يا كۈلۈشنى، يا ئاچچىقلىنىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشىپتۇ.

يىگىتلەر كۆلكە ئىچىدە يېنىككىنە بولۇپ، بايىقى جىددىيلىكلەرنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنتۇشۇپ ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەمما ...

ھەي، كىممۇ ئېيتقان، «بىر كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دەپ.

يېرىم كېچە، يېڭىلا ياغقان قار بۇ غولنى ئاقلىققا پۈركەپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئاق يول تىلەشكە باشلىدى. ياۋا توشقانلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئالدىدىن ئاشقان يەملەرنى يېيىش ئۈچۈن ئاق قارغا ئوماق ئىزلىرىنى قالدۇرۇشۇپ، ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى. بىر چاغدا ئاتتىن ئاشقان يەمنى يەۋاتقان بىرنەچچە توشقان ئۈركۈپ قورام تاشلارنىڭ كەينىگە قاراپ قېچىشتى. قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان ئىككى يىگىت ئىككى ئاتنى يېتىلەپ يېتىپ كەلگەن ئاتلىق كىشىنىڭ قولىدىن چۇلۇۋۇرنى ئالدى ۋە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشۇپ غولنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە كېتىپ قېلىشتى ...

يىگىتلەرنىڭ بۇ ئىشىدىن يەمنىڭ ئوڭچە قالغانلىقىدىن توشقانلار خۇش بولۇشتى بولغاي، ئۇلار ئوماق ھەرىكەتلىرى بىلەن ئويناقشىپ كېتىشتى.

## 2

ئەتىسى بۇ قار يىگىتلەرگە خۇشلۇق ئېلىپ كەلمەي، ئەكسىچە چوڭ خاپىلىقنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالدى.

قاراۋۇللار بولمىغاندىن كېيىن، مەجبۇرىي زورلار غولنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ بېقىشقا بىرنەچچە يىگىتنى ئەۋەتمەكچى بولدى. بىراق روزىمەت تەڭنە ئۇلارنى توسۇپ قويدى:

— بولدى، بارماڭلار، ئۇ لاتا گۇيلار قېچىپ كېتىپتۇ!

بۇ گەپ يىگىتلەر ئارىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى، شۇڭا

ھەممىسى روزىمەت تەڭنىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئەمما، روزىمەت تەڭنە بۇ ئىشنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغاندەك ناھايىتى تەمكىن تۇراتتى. مەجىلىل زورمۇ ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشىنەلمەي ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن تىكىلدى.

— بۇنىڭغا ئىشەن مەجىلىل، ئۇلار يۇرتقا كەتتى، قېچىپ كەتتى، — دېدى روزىمەت تەڭنە ئەپسۇسلۇق بىلەن.

— بۇ ... بۇ ... قانداق قاچىدۇ؟ — دېدى مەجىلىل زور يەنىلا ئىشىنەلمەي. بۇنىڭغا روزىمەت تەڭنە جاۋاب بەرمىدى. بىراق، گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئويلىمىغاندا مۆيدىن ھاجى «ئاپلا» دەپ ساقىلىنى چىڭ سىقىملاپ، ئۆزىنىڭ يۈزىگە شاپىلاقلاپ خەپلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ساقىلىنى چىڭ سىقىملاشلىرىدىن ئاقارغان ساقىلى چىرسلاپ يۇلۇناتتى. بۇنى كۆرگەن يىگىتلەر ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىشتى. پەقەت روزىمەت تەڭنىلا بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي جايىدا قىمىر قىلماي تۇرىۋەردى.

— ئاكا، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — دېدى مەجىلىل زور ھودۇقۇپ. بىراق، مۆيدىن ھاجى ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرماي ئۇدۇل روزىمەت تەڭنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پوككىدە تىزلاندى:

— ئۇكام، مېنى كەچۈرسىلە، ئەينى ۋاقىتتا سىلىدىن بىكارلا رەنجىپتىمەن. بۇ يېشىمدا ئەقلىمنى قاغا چوقۇپتۇ.

بۇنىڭدىن باشقىلار تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى. مۆيدىن ھاجى گېپىنى داۋام قىلىۋەردى:

— نېمىشقىمۇ شۇ يولنىڭ گېپىنى قىلغاندىمەن. مانا ئەمدى، گۇناھكار بولدۇم ...

شۇندىلا مەجىلىل زور چۈشەندى: ئەينى ۋاقىتتا مۆيدىن ھاجى بۇ غولدا چالقانغا، مورىغا بارغىلى بولىدىغان يولنىڭ گېپىنى قىلغاندا، روزىمەت تەڭنە گەپنىڭ بىلىگە تەپكەن. شۇڭا مۆيدىن ھاجى ئۇنىڭدىن بىر مەزگىلگىچە خاپا بولۇپ يۈرگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئاخشامقى يىگىتلەر شۇ يول بىلەن قاچقانىدى.

دېمەك، بۇنى شۇ ۋاقىتتىلا روزىمەت تەڭنىنىڭ كۆڭلى تويغان گەپ. ئەمما، مۆيدىن ھاجى ۋە باشقىلار ئاخىر بىر كۈنى مۇشۇنداق بىر ئاقىۋەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى زىنھار ئويلاشمىغانىدى.

— ئەمدى ئىش چاتاق، — دېيىشتى يىگىت باشلىرى كېڭەش قىلىپ، — بۇ يەردە ئورۇش قىلىپ تۇرۇۋېرىش خەتەرلىك بولۇپ قالدى. شۇڭا بىز سىرت بىلەن ئوبدان ئالاقە قىلىپ، قوتۇلۇش يولى ئىزدەيلى.

— ئەڭ ياخشىسى، مورى تاغلىرىغا كىرىپ كېتەيلى، — دېدى يېقىندىن بۇيان روزىمەت تەڭنىنىڭ ئاغزىنى كۈچىلىمايدىغان بولۇپ قالغان پازىل پاختا.

— ئۇ تەرەپكە ئۈچ يىگىت ماڭسۇن، ھەرقايسى يۇرتلارغا بىردىن يىگىت بېرىپ ئورۇق - تۇغقانلارنى تەشكىللىسۇن. ئۇلار تويۇق ئېغىزى ئارقىلىق سىڭگىمگە بېرىپ، ئۇ يەردىن چالقان تاغلىرىغا چىقىپ يايلاقتا پاناھلىنىپ تۇرسۇن. بىز جايلىشىۋېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىمىز.

— بۇ پىلان ھازىرچە يىگىتلەردىن مەخپىي تۇتۇلۇپ تۇرسۇن.

كېڭەش ئەنە شۇنداق جىددىي ۋە مەخپىي بولدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ساددا خىياللىرىغا جاھان سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

## 3

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئۆزلىرىمۇ، ئاتلىرىمۇ ھارغان ئۈچ كىشى ئېھتىيات بىلەن ياڭخىيغا كىرىپ كېلىشتى ۋە بىرئاز كۈسۈرلاشقاندىن كېيىن، ئۆز ئۆيلىرى تەرەپكە كېتىشتى.

ئۇلاردىن بىرى ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان تەلپۈنۈپ تۇرغان ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى ئاستا ئۇرۇپ ھالال جۈپتىنىڭ ئىسمىنى ھاياجان بىلەن ئىككى قېتىم چاقىردى:

— پاتەمخان، پاتەمخان!

ئۆي ئىچى سۈس يورۇپ، بىرى ئىشىكنى ئاچقۇچە، بېشىغا تەگكەن قاتتىق نەرسىنىڭ زەربىسىدىن «ۋايجان» دەپلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن بىرنەچچە كىشى ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ سۆرەشتۈرۈپ نېرىدىكى تار كوچىغا ئەكىرىپ كېتىشتى.

بايىقى ئۆيدىن چىققان ئايال كىشى بولسا «قانداق نومۇسسىز بىر نېمە بۇ؟ يېرىم كېچىدە ئېرى يوق چوكاننىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ...» دەپ غۇدۇرىغىنىچە كىرىپ كەتتى.

تاياق زەربىسىدىن ئەمدىلا هوشىغا كەلگەن كىشى يۇلقۇندى:

— نېمىشقا مېنى تۇتىسىلەر؟ مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟

— ئاغزىڭنى يۇم! — بىرى شۇنداق دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق سالدى. تاياق يېگۈچى يەنە بىر نەرسە دەي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، سۆرەپ كېلىنىۋاتقان ئىككى كىشىنى كۆرۈپ «لاسسىدە» بولۇپ قالدى. تاياق - توقماق يەنىلا ئۇلارنى هوشىدىن كەتكۈزەتتى.

بۇ هېلىقى قار ياغقان كېچىسى ئاتلىق قاچقان ئۈچ يىگىت ئىدى.

ئۇلار هوشىغا كەلگەندە ئۆزلىرىنى لۈكچۈن ئىناچىخانلىقىدىنىڭ ئېگىز ئوردىسىنىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇ زىنداندا كۆردى.

ئەسلىدە، تۇرپان خانلىق ئامبىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، بىرنەچچە خىل ئېھتىماللىقتا ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويغىلى بىرنەچچە ئاي بولغانىدى.

شۇ كېچىسىلا سوراق باشلاندى. سوئال بىرلا ئىدى: «قوزغىلاڭچىلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالى قانداق؟» هوشىغا كېلىپلا قاچقىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان بۇ ئۈچ يىگىت شۇ گۇناهىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۆلۈپ كەتسىمۇ راست ئەھۋالنى ئېيتماسلىق قارارىغا كەلدى. شۇڭا كۆچ بىلەن ئۇرۇلغان سىم قامچىنىڭ قانلىق تىلىنىڭ بەدىنىنى ئاچچىق تىلىشلىرىغا لېۋىنى چىڭ

چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپ تۇرۇشتى.

ئەمما، ئىرادىسى ئاللىقاچان سۇنۇشقا باشلىغان بۇ يىگىتلەر تۇرپان ئىنانچىخانلىقىنىڭ جازالىرىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلىسۇن:

سوراق قىلىنغاندا، سوراقخانىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەر تەرىپىدە ئون ئالتىدىن بولۇپ، 32 يايى تىزىلىپ تۇراتتى. جىنايەتچى ئىقرار قىلمىسا يايىلار توقماق بىلەن جىنايەتچىنى ئۇراتتى. يايىلار توقماق بىلەن ئۇرغاندا قالغانلار ئۇنلۇك ساناپتتى. بىرىنچى توقماقتا قان چىقىرىش، ئىككىنچى توقماقتا گۆشىگە يەتكۈزۈش، ئۈچىنچى توقماقتا ئۇستىخانىغا يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىناتتى. بەش توقماق بىر گۇرۇپپا دەپ قارىلاتتى. بەش توقماق ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن دەم ئېلىپ، يەنە بەش توقماق ئۇرۇلاتتى. جىنايەتچىنى ئۇرۇش مانا مۇشۇنداق داۋاملىشاتتى. توقماق سانىنى ساناش ئاۋازى ۋە جازالانغۇچىنىڭ ئاغرىققا چىدىماي كۆتۈرگەن داد ـ پەريادى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ لەختە قىلاتتى.

شۇڭا، كۆتەكتە ئولتۇرغۇزۇش جازاسىلا ئەمەس، بەلكى قىزىتىلغان تۆمۈر ئۇلارنىڭ مەيدىسىگە ئىككىلا قېتىم يېقىلىپ، تۆمۈر تەگكەن يەر كاۋاپ بولۇپ، بۇرنىغا كۆيگەن گۆش ھىدى پۇرىشى بىلەنلا داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ، راست ئەھۋالنى دەپ تاشلىدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىرادىسىدە تەۋرىنىش بولغانلىقتىن، ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ تۇگەپ قالغانلىقىدىن، بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىمى ئۇ قوزغىلاڭچىلارنى كەينى تەرىپىدىن قاپساش ئۈچۈن مورى ئارقىلىق بارغىلى بولىدىغان بىر يولنىڭ بارلىقىدىن خەۋەردار بولغان تۇرپان خان ئامبىلى سۇلتان ماھۇتقا: «ماڭا رەھمەت ـ سۆيۈنچە تەييارلاپ قويسىلا» دەپ ئۆزى قوشۇن باشلاپ ئاتلاندى.

# ئون بەشىنچى باب

# مەردلەرچە ئۆلۈم

## 1

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتتى، سەھەردە مەجىلىل زورلار پىلان بويىچە يىگىتلەرنى غول ئىچى بىلەن ماڭدۇرۇۋەتتى. ئۇ يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئۈممىدىنى ئېلىپ كەتكەن بىلەن غەمنىمۇ قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئوق بەكلا ئاز قالغان. ئەگەر بۇرۇنقىدەك بىر - ئىككى قېتىم شىددەتلىك جەڭ بولىدىغان بولسا ... يا يىگىتلەرگە «ئوقنى قاراپ ئېتىڭلار» ياكى «ئوقنى تېجەپ ئېتىڭلار» دېگىلى بولسۇنمۇ؟

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى مەجىلىل زور بېشى قېتىپ.

— ئوق تېپىشنىڭ خىيالىنى ئەمدى قىلمايلى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

يىگىتلەر جىمجىمدە تۇرۇپ قېلىشتى.

— قانداق قىلىمىز ھاجىكا؟ — دەپ سورىدى مەجىلىل زور مۆيدىن ھاجىدىن. ھېلىقى ئىشتىن كېيىن مۆيدىن ھاجىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئەتىدىن - كەچكىچە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۆز ئىشىنى قىلاتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ يىراقلارغا قارىغىنىچە خىيالغا پېتىپ تۇرۇپ كېتەتتى. ھېچكىم يوق يەرگە بېرىۋېلىپ خەپلەپ ساقىلىنى يۇلاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك سەھەرلەردە ئامانلىق سورىشىدىغان سىلىق ئاۋازى، يىگىتلەرنى ئىشقا بۇيرۇغاندىكى قەتئىي بۇيرۇقلىرى، ئۇزۇق - تۈلۈكلەرنى

بىر تەرەپ قىلغاندىكى چېۋەرلىكى يوقاپ كېتىۋاتقانىدى.
مۆيدىن هاجى ئىچىنى تىڭشاپ بىر پەس تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، مەجىلىل زورنى بىر چەتكە ئىشارەت قىلىپ چاقىردى ۋە مەجىلىل زورنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن، خېلى يىراققا بېرىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى.
مەجىلىل زور قەتئىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:
— ئەتراپتا تۇرغان قورام تاشلار بىزنىڭ قورالىمىز.
يىگىتلەر هەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى. مەجىلىل زور سۆزىنى داۋام قىلدى:
— بىز قورام تاشلاردىن ئېغىزغا بىر يول ياسايلى. چېرىكلەر شۇ يول بىلەن مېڭىپ ئاندىن بىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان بولسۇن.
شۇندىلا يىگىتلەر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتى.
شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار جىددىي تۇتۇش قىلىپ قورام تاشلارنى يۆتكەپ ئېغىزنى توسۇشقا باشلىدى. هەرىكەت ناهايىتى تېز بولدى. شۇنداق قىلىپ ئېغىز ئالدىغا تاشتىن ئېگىز ۋە مۇستەهكەم تام قوپۇرۇلۇپ بىر تار يول ياسالدى. ئېغىزغا كىرىش توغرا كەلسە شۇ يولدىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەقسىتى: چېرىكلەر بۇ تار يولدىن ئۆتۈشى بىلەنلا قىلىچۋازلىق قىلىپ ئۇلارغا زەربە بېرىش، بۇ ئارقىلىق، هەم رەقىبلەرنى يوقىتىش، هەم ئوقنى تېجەش، هەم ئوق - قورال غەنىيمەت ئېلىش ئىدى.
مۇداپىئەگىمۇ، هۇجۇمغىمۇ ئەپلىك شارائىت هازىرلىنىۋالغان يىگىتلەر مۆيدىن هاجىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراشتى ۋە كۆڭۈللىرىدىكى تۇگۇچلەرنى يېشىۋەتتى.
چۈشكە يېقىن چېرىكلەرنىڭ هۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى.
بىراق، چېرىكلەر توقايلىققا كەلگەندە بۇرۇنقىدەك دەرهال هۇجۇم قىلماستىن جىم يېتىۋالدى. ئۇلارنىڭ يەنە قانداق ئويۇن ئوينىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى قوزغىلاڭچىلار ئويلاپ يېتەلمىدى.

بىر چاغدا غولنىڭ يوقىرى تەرىپىدىن غەيرىي ئاۋازلار كەلگىلى تۇردى. «بۇ قىشتا كەلكۈن كەلمىگەندۇ؟» يىگىتلەر ئەنە شۇنداق ئەقىلگە سىغمايدىغان ئويدا تۇرغاندا تاغ قاپتىلىغا چىقىپ زەن سېلىپ قاراۋاتقان بىر يىگىت ۋارقىرىدى:

— بىر توپ ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ. بەك جىق.

شۇ ھامان نۇرغۇن يىگىتلەردە: «يۇرتتىن ياردەمگە ئادەم كەلدىمۇ، نېمە؟» دەيدىغان تاتلىق خىيال پەيدا بولدى. ئەمما پازىل پاختىنىڭ گېپى بىلەن ھەممەيلەننى تىترەك، قورقۇنچ، ۋەھىمە باستى.

— ئۇلار چېرىكلەر!! — دەپلا كېسىپ ئېيتتى پازىل پاختا.

— نېمە؟!

— چېرىك؟؟

يىگىتلەر ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. غولنىڭ يۇقىرىسىدىن كېلىۋاتقانلار كۆز يېتىم يەرگە كەلگەندە توختىدى. ئۇلار ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. ئەھۋال ھەممەيلەنگە چۈشىنىشلىك بولۇپ بولدى. مۆيدىن ھاجى غەزەپتىن قاتتىق تىترەپ قولىغا قورال ئالدى، ئەمما ئۇنى باشقىلار تۇتۇۋالدى.

كەينى تەرەپتىن كەلگەن چېرىكلەر قوزغىلاڭچىلارنى كۆزىتىپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن نېمىگىدۇر ئوت ياقتى. غولنىڭ ئىچىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. توقايلىقتا تۇرغان چېرىكلەر بۇنى كۆرگەندىن كېيىن مىلتىقلىرىنى بەتلەپ سەپكە تىزىلىشتى. ئېنىقكى، بايا يېقىلغان ئوت بەلگە.

قوزغىلاڭچىلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ئوت ياققان تەرەپتىن بىرى ئۆيغۇرچە ۋارقىرىدى:

— ياخشىلىقچە قورال تاپشۇرۇپ خاندانلىقىمىزنىڭ شاپائىتىنى قولغا كەلتۈرۈڭلار!

بۇنىڭغا ئۇلاپلا توقايلىق تەرەپتىنمۇ بىرى ۋارقىرىدى:

— ئۆزۈڭلارنى بىكارغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارنى، بالا ـ چاقىلىرىڭلارنى ئويلاڭلار. كىم قورال تاپشۇرسا

شۇنىڭغا راپاۋەت قىلىنىدۇ.
— ئادەمنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ بۇلار، — دېدى روزىمەت تەڭنە ئاچچىقى بىلەن قورالىنى بەتلەپ. لېكىن، ئۇنى پازىل پاختا تۇتۇۋالدى:
— ئۇنداق قىلما. يۇرۇڭلار!
ئۇ شۇنداق دەپ يىگىت باشلىرىنى بىر چەتكە باشلىدى.
— بولار ئىش ئەمدى بەرىبىر بولدى، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئەلەمدىن ئاران بېسىپ، — ئەمدى ئۇلار بىزنى بىرلا پەرمان بىلەن قىرىۋېتەلەيدۇ.
— بولدى، بەرىبىر بىر ئۆلۈم. ئاتساقمۇ، قورال تاپشۇرساقمۇ شۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئېتىشىپ ئۆلگۈلۈك! — دېدى زايىت نار تەبىئىتىدىكى ئېغىرلىققا ماس كەلمىگەن كەسكىنلىك بىلەن.
— توغرا! — دېدى مۇھەممەت ئابدۇللامۇ ھۆركىرەپ، — بىزدە «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دېگەن گەپ بار.
مەجبۇلىل زور نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. بۇنداق قورشاۋدا قېلىش ھەقىقەتەن ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى.
— بىزگە ھامىنى ئۆلۈم، — دېدى پازىل پاختا، — لېكىن بىز باشقىلارنى — بىزگە ئەگىشىپ چىققانلارنى ئويلىمىساق بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن سۆلھى قىلىشىپ باقىلى.
بۇ گەپ بىلەن مەجبۇلىل زور كۆزىگە غىلىلدە ياش ئالدى.
— مەن سىلەرگە ... سىلەرنى ئۇۋالچىلىقتا قويىدىغان بولدۇم ... سىلەر ...
ئۇ گېلىگە يىغا قاپلىشىپ ئارتۇق سۆزلىيەلمىدى.
— بۇ گەپنى قوي، — دېدى روزىمەت تەڭنە قولىدىكى مىلتىقنى تاشلاپ، — بۇ يەردىكىلەر سەن نېمە كۆرسەڭ شۇنى كۆرىمىز. پازىل دېگەندەك باشقا يىگىتلەرنى ئويلايلى. ۋاقىت قىس، يۇرۇڭلار ...
ئۇلار جەڭگىۋارلىقىدىن ئەسەرمۇ يوق ھالدا يىگىتلەرنىڭ

قىشىغا قايتىپ كېلىشتى. يىگىتلەر ھەرخىل قىياپەتتە تۇرۇشاتتى. بەزىلەر «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەۋاتقاندەك مىلتىقلىرىنى ئوقلىشىۋاتاتتى. يەنە بەزىلەر بولسا «بەرىبىر تۇگەشتۇق» دېگەندەك مىلتىقلىرىنى بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ، تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، گۇللىرى ئۆچۈپ، مەينەتلىشىپ كەتكەن تاماكا خالتىلىرىدىن ئالىقىنىغا موخۇركا تۆكۈشۈپ، پۈۋلەپ ئادالاپ، ئالدىرىماي ئوراپ چېكىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى خۇددى ئېتىز ئىشىدىن بوشىغان كىشىلەرنىڭ زېرىكىش باسقان ھالىغا ئوخشايتتى. بۇنى كۆرۈپ مەجىلىل زورنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

يىگىت باشلىرى يىگىتلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ مەجىلىل زورغا قاراپ قويۇپ جىم تۇرۇشتى. ئەمما مەجىلىل زور ھەرقانچە قىلىپمۇ سۆزلىيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن روزىمەت تەڭنە ئېغىز ئېچىپ تۆۋەن ئاۋازدا دېدى:

— بولدى ... قورالىڭلارنى ئوقلىماڭلار ...

روزىمەت تەڭنە سۆزىنى تۈگىتىپ قولىدىكى مىلتىقنى يەرگە تاشلىدى. ئەمما يىگىتلەر شۇ پېتى تۇرۇۋېرىشتى.

— مەن بېرىپ سۆزلىشىپ كېلەي، — دېدى پازىل پاختا ۋە روزىمەت تەڭنە تاشلىۋەتكەن مىلتىقنى ئېلىپ، غولىنىڭ يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ مىلتىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ بىرئاز مېڭىپ، قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى كۆرگەنلىكىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن، مىلتىقنى تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپتىنمۇ بىر ئادەم كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئۇچرىشىپ خېلىغىچە بىر نەرسە دېيىشكەندىن كېيىن، قارشى تەرەپتىن كەلگەن ئادەم قايتىپ كەتتى. پازىل پاختا بولسا جايىدا مىدىرلىماي تۇردى. نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتتى. بىر چاغدا قارشى تەرەپتىن ھېلىقى ئادەم يەنە كەلدى. ئۇ كىشى كېلىپ پازىل پاختىغا قىسقىلا بىر نەرسە دېۋىدى، پازىل پاختا كەينىگە ياندى.

— ئۇلار تەلپىمىزگە قوشۇلدى، — دېدى پازىل پاختا يېتىپ كېلىپ، — ئۇلار ئون نەچچىمىزنى بىر تەرەپ قىلىپ، قالغانلارنى قويۇۋېتىدىغان بولدى.
شۇ چاغدا غولنىڭ ئىچىدىكىلەر يەنە ئوت ياقتى. ئېغىزنىڭ ئالدىدىكى توقايلىقتا تۇرغان چېرىكلەر ئىسنى كۆرۈپ بايىقى جىددىي ھالىتىنى بوشاشتۇردى.
— يۇرۇڭلار، قورالنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ ئېغىزنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارايلى. ئۇلار ئالماقچىلىقتىن كېلىشىۋالغانىكەن، — دېدى پازىل پاختا. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئېغىزدىن چىقىپ توقايلىققا قاراپ مېڭىشتى. قورالار نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ يىگىتلەرنى ھۆركىرەتكەن، يىگىتلەرگە يىگىتلىك قوشقان، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى توم قىلغان، مەيدىسىگە ئۇرۇپ، تېرىسىگە پاتماي يۈرگەن زالىم خانلارنى چۆچۈتكەن قورالار قارغا قالايمىقان تاشلىنىشقا باشلىدى. ھەي، قورال دېگەن نېمىمۇ ئادەم بىلەن قورال ئىكەن! قارغا ھەربىر قورال تاشلانغاندا مەجبۇل زور خۇددى يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى ئۈزۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك كۆڭلى يېرىم بولۇپ كەتتى. ئۇ يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.
ئۇلار توقايلىققا بارغاندا چېرىكلەر ياي كەبى يېيىلىپ مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن كۆرەڭلىك، مەسخىرە چىقىپ تۇراتتى. چېرىك باشلىرى بولسا يېنىدىكى ياللاقچىلىرىنىڭ تۆكچىلار ئارقىلىق قىلىۋاتقان پىچىرلاشلىرىغا قۇلاق سالغاچ قوزغىلاڭچىلارغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. بۇ ياللاقچىلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىرىنى تونۇپ بېرىش ئۈچۈن پۇقرالار ئىچىدىن تېپىپ كېلىنگەنىدى. دەرۋەقە، ئۇلار ھەربىر يىگىت بېشىنى خاتالاشماي تونۇپ بېرىشكە تەييارلانماقتا ئىدى.
قوزغىلاڭچىلار قورالسىز چېرىكلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە قۇرۇق قول تۇرۇپ قالغان، چېرىك باشلىرى قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان

تۇرپان خانلىق ئامبىلىنى ساقلاۋاتقان ۋاقىتتا مۆيدىن ھاجى ئۆزۆن جۇۋىسىنىڭ ئىچىدىن بىر مىلتىقنى تېزلىكتە چىقىرىپ چېرىك بېشىغا قاراپ ماڭدى ۋە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ تەپكىنى باستى. «ۋالڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن چېرىك بېشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر يالاقچى ئىڭراپ يىقىلدى. ئوق قېيىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلارمۇ، چېرىكلەرمۇ بۇ تۇيۇقسىز ئىشتىن چۆچۈپ كېتىشتى. ئۆزىنى ئاران ئوڭشىغان چېرىك بېشى مۆيدىن ھاجىنى كۆرسىتىپ «ئات!» دەپ ۋارقىرىدى. بىرنەچچە چېرىك تەڭلا ئوق چىقىرىپ، مۆيدىن ھاجىنىڭ بەدىنىنى ئۆتمۈشۆك قىلىۋەتتى. نەچچە كۈندىن قاتتىق پۇشايمان ئىلكىدە يۈرىكى پۇچىلانغان، ئەمدى بولسا يەنە شۇ گۇناھىنى يۇيالمىغىنى ئۈچۈن تارتىشىۋاتقاندەك ئاستا يىقىلغان مۆيدىن ھاجىنىڭ ئىسسىق قېنى قارغا سىڭىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن يىگىتلەر كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشتى. مەجبىلىل زور ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ كۆزىدىن ئاققان ياشنى توختىتالمىدى.

تۇرپان خانلىق ئامبىلى كېلىپ ئەھۋالنى چۈشەندى، ئەمما ئارتۇق گەپ قىلماي ئىشارەت قىلدى. چېرىكلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بايا يالاقچىلار تونۇپ بەرگەن مەجىبىلىل زور، زاكىر شاڭيۇ، روزىمەت تەڭنە، پازىل پاختا قاتارلىق يەتتە يىگىتنىڭ پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەن، بوينىغا قوۋۇق سېلىشتى.

— ئېلىپ مېڭىڭلار! — بۇيرىدى تۇرپان خان ئامبىلى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەتتە يىگىت تۇرپانغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلدى.

## 2

قىشنىڭ تازا سوغۇق بولغان بىر ئەتىگىنى تۇرپان يېڭىشەھەردىن ئۇزاپ چىققان بىر جازا ئەترىتى يارغول تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قىلىچلىرى يالىڭاچلانغان جاللاتلارنىڭ ئاغزىدىن

گۇپۇلدەپ ھاراق پۇرايتتى. ئۇلار بىھوش سىزىملىرى بىلەن قان تەمە قىلىشىپ، ئوتتۇرىدا كىتىۋاتقان يەتتە يىگىتكە قارىشاتتى.

بۇ قىتىمقى قوزغىلاڭ ئەنە شۇنداق بىسىقتۇرۇلغاندىن كىيىن، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانىدى. مانا بۇگۈن شۇ جازا يارغولدىكى جازا مەيدانىدا ئىجرا قىلىنماقچىدى.

ئوتتۇرىدا مەردانە كىتىۋاتقان يىگىتلەر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھىسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش چىقىپ تۇرغان چىرايىغا كۈلۈمسىرەپ قارايتتى. ئۇلار ئادەم كۆپرەك توپلاشقان يەرگە كەلگەندە مەجبۇرىي زور توختىدى. بىرەر قىتىم ناخشا توۋلاپ باقمىغان ياكى بىرەر قوشاق ئىيتىپ باقمىغان بۇ يىگىت ئىختىيارسىز نەزم ئوقۇشقا باشلىدى:

ئارپا، بۇغداي، سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ،
ئۇرۇق - تۇغقان، قىرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ.

ئۇرۇق - تۇغقان، قىرىنداشنى تىرىسا ئۇنمەس،
كۆز يىشىنى دەريا قىلىپ سۇغارسا ئۆسمەس.

پۇت - قولىمىزدا كويزا - كىشەن مۇڭدىشىپ ماڭدۇق،
يارەنلەرگە قەلبىمىزدىن رازىلىق بەردۇق.

نەزم تۇگىشى بىلەن يول بويىدىكى كىشىلەر يىغا - زار قىلىشىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن بىر چىرىك ئىتتىك كىلىپ قولىدىكى قامچا بىلەن مەجبۇرىي زورنىڭ بىشىغا بىر قامچا ئۇردى. شۇ ھامان ئۇنىڭ بىشىدىن يۇزىگە ئىسسىق، قىزىل قان ئىز سىلىپ سىرغىپ چۈشتى ...

جازا مەيدانى ئالىلىقاچان تەييارلاپ قويۇلغانىدى. جاللاتلار ئىنئام ۋە كەچكى زىياپەتنىڭ تەمەسىدە قىلىچلىرىنى قىنىدىن

چىقىرىشىپ تەييارلاندى.

ئەتراپ سوغۇق، ئادەملەرنىڭ قەلبى تېخىمۇ سوغۇق ئىدى. مەجبۇلىل زور تولىمۇ تەستە ئېغىز لاندى:

— مېنىڭدىن رازى بولۇڭلار، قېرىنداشلىرىم ...

سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. مەجبۇلىل زورنىڭ تا شۇ كەمگىچە قايناپ كەلگەن قېنى جاللاتلاردىنمۇ رەھىمسىز بولغان قىلىچ بىسىدا مۇزلاپ، قېتىپ قالدى.

— ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ساڭا بىر چاقچاق قىلىۋالاي، — دېدى مەجبۇلىل زورنىڭ يېنىغىلا تىزىلغان پازىل پاختا كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ زورىغا كۆلۈمسىرەپ، — سەن قورۇپ كەتكەن تەڭنە بىر قىلىچ بىلەن يېرىلىپ كېتەرسەنمۇ؟

— مەنغۇ يېرىلىپ كېتەرمەن، — دېدى روزىمەت تەڭنە كەيپىياتى تولىمۇ ھەسرەتلىك ھالدا، — ئەمما سېنى يېرىقىمغا تىقىۋالىمەن ...

بىراق، پازىل پاختا چاقچاقىنى تولۇق ئاڭلىيالمىدى. كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان قىلىچ ئۇنىڭ بويىنىغا تەگدى ...

× × ×

جاكارچى ھېسسىياتسىز، ئەمما جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن توۋلاپ جاكارلىماقتا:

— ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇ خاس! بەتنىيەتلەرنىڭ ئەرزىمەس كاللىسىنى ئىسىپ قويدۇق. بېرىپ كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىڭلار، ئىبرەت ئېلىڭلار!

مەجبۇلىل زور قاتارلىق يەتتە ئەزىمەتنىڭ بېشى ھەققەتەن تۇرپان خانلىق ئامبال يامۇلىنىڭ قارا دەرۋازىسىغا ئىبرەت ئۈچۈن ئىسىپ قويۇلغاندى. كىشىلەر يىراقتىن بۇ گەۋدىسىز باشلارغا ئەيمىنىپ قارىشاتتى. چېرىكلەر بولسا شەكلى

ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشاشلا بۇ باشلارنىڭ ئىچىدە نېمە باردۇر، دېگەندەك سىنچىلاپ قارىشاتتى ...

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ، بۇ باشلار لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىغىمۇ ئېسىلدى. كىشىلەر بۇ يەرگە مەجبۇرىي توپلاندى. ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر ئىبرەت ئالماستىن، ئۇلارنى سېغىنىشتى ۋە ئىچىدە يىغلاپ قايتىشتى، ھەتتا ئەل ئىچىدە مەجېلىل زور ھەقىقىدىكى قوشاق قايتا ياڭراشقا باشلىدى.

ئون ئىككىنچى ئاي توك قىشتا،
خويما قىلدى لىگالار.
ئوتتۇز ئالتە چېرىكنى،
ئۆلتۈرۈۋەتتى بىراقلا.

مەجېلىل ئۆزى چاققان،
ياخشى ئاتنىمۇ باققان.
ماموت تاز قوغلاشسا،
سىگىر تېغىدا ياتقان.

مەجېلىلدەك ئەر بارمۇ؟
قۇمدا سوققان شە بارمۇ؟
مەجېلىلنى كۆرگەندە،
دۈشمەنلەردە جان بارمۇ؟

مۇشۇ كۈنلەردە يەنە ئەسلىنى تېپىۋالغان سۇلتان ماموت دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ قانلىرى توڭلاپ قېتىپ قالغان باشلارغا قاراپ «ئاخىر بېشىڭنى يېيىشتىڭ» دەپ يولغا ئۇزاق قارىدى ۋە «تېخىچە كېلەلمەيدىغۇ؟!» دەپ غۇدۇراپ خانىسىغا ماڭدى. ئۇ سارىخان لولىنىڭ ئىشرەت خەۋىرىنى كۈتۈۋاتاتتى.

شۇ كۈنى كېچىدە سۇلتان مامۇت سارىخان لولا تېپىپ كەلگەن نازىنىن بىلەن شەھۋەت دورىسىنىڭ كۈچىدە ھەپىلىشىۋاتقاندا، بىرنەچچە قارا كىيىملىك كىشى كېلىپ ئارسلاندەك تېز ھەرىكەت قىلىپ، ئۇ باشلارنى ئېلىپ چۇشۇپ خالتىغا سالدى ۋە كۆزدىن غايىب بولدى. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن بۇ باشلار ئۆز گەۋدىلىرى بىلەن دەپنە قىلىندى. گەرچە، ئۇلارنى بىرنەچچە كىشىلا دەپنە قىلغان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىنىڭ قەلبىگە ئورۇنلىشىپ بولغانىدى.

# ئون ئالتىنچى باب

# «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا»

## 1

سۇلتان مامۇتنىڭ ئاشۇنداق ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشى بىلەن ئىناچىخانلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى لىڭشىپ قالغانىدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ خەيرخاھلىقى بىلەن ئۈرۈلۈپ چۈشمەي لىڭشىغان پېتى كېلىۋاتقانىدى. ئەمما سۇلتان مامۇت بۇنىڭدىن غەم يەپ كەتمىدى. ئۇ چىڭ خاندانلىقىدىن قانداق ياردەم ئېلىشنى 1884 ـ يىلى بىلىۋالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ «مەقبەرەلەرنى رېمونت قىلدۇرۇش، قازا قىلغان قېرىنداشلىرىنى دەپنە قىلىش ۋە دادىسىنىڭ نەپىقىسى» ئۈچۈن كۈمۈش ئىنئام قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. چىڭ پادىشاھى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليۇ جىنتاڭغا يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىپ، ئوردىغا يوللاپ نەقلەشتۈرۈشنى بۇيرۇغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئالدىن ئۈچ يىللىق تەمىنات ھېسابىدا كۈمۈش قەرز بېرىشنى تەستىقلاپ خەيرخاھلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇ چاغدا ئوردا خىراجىتى تازا جىددىي بولۇۋاتقان ۋاقىتلار بولغاچقا، بۇ كۈمۈشلەر ئۇنىڭ تازا ئۇسسىغان يېرىگە تەگكەنىدى.

يەنە بىرى، ئۇ خاننى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يوقلاپ، سوۋغاتنى تولۇقى بىلەن ئاپارسىلا ھەممە ئىشنىڭ ئۆزىگە تارتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بولغانىدى. 1885 ـ يىلى شۇنداق بولمىدىمۇ.

شۇ يىلى سۇلتان ماھمۇت بېيجىڭغا مەلۇمات يوللاپ، تولۇقلاپ تاۋاپ قىلىپ گۇناھىنى يۇيىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈنكى، قائىدە بويىچە ۋاڭ ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلىشى كېرەك ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 1864 ـ يىلىدىكى زور قوزغىلىڭى پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ۋاڭ ـ بەگلەرگە كۈچلۈك قاقشاتقۇچ زەربە بولغانىدى. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى سورۇلۇپ، قەددىنى رۇسلىشى تەس بولۇپ قالغان. تۇرپاندىمۇ ئەھۋال يامانلاشقانىدى. چىڭ خاندانلىقى تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردا «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش سىياسىتى»نى يولغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك ۋاڭ ـ بەگلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا چەك قويۇپ قويغانىدى. بۇنىڭ بىلەن سۇلتان ماھمۇت «ئىككى پۇلىنىڭ تايىنى يوق، جېنىنى باقالمايدىغان، قەرزگە پېتىپ غورىبەتچىلىك باسقان» ئەھۋالدا قالغان، ھەتتا بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلىشقا پۇلمۇ راسلىيالمىغانىدى.

شۇنداقتىمۇ تۇرپان ئىنانچىخانلىقىنىڭ تارىختىكى تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ گۇاڭشۈي خان يەنىلا سۇلتان ماھمۇتنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭ «شۇ يىللىق تاۋاپ قىلغۇچىلار تەركىبىگە تولۇقلىنىپ كېلىشى»نى شۇ يىللىق رەسمىي تاۋاپقا كېلىشكە ئۆزگەرتىپ باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇپ، زور ئىلتىپات كۆرسەتكەنىدى (ھەتتا شۇ يىلى سۇلتان ماھمۇتقا «ئۈچ كۆزلۈك ئۆتۈغات» ئىنئام قىلغانىدى).

خاننىڭ ئۆزىنى شۇ يىللىق تاۋاپچىلار قاتارىدا قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇققان سۇلتان ماھمۇت كۈچ چىقىرىپ تەييارلىق قىلدى. بارلىق ھىيلە ـ نەيرەڭ، زۇلۇمىنى ئىشقا سېلىپ بەلگىلەنگەن سوۋغاتنى راسلىدى: ئۇنىڭ ئېلىپ بارىدىغان سوۋغاتلىرى 900 جىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، توققۇز تاغار قوغۇن قېقى، لۈكچۈندىن چىقىدىغان كاناپتىن توققۇز توپ، توققۇز

خالتا شېكەر، توققۇز پارچە يولۋاس تېرىسى، توققۇز پارچە تۈلكە تېرىسى، توققۇز دانە مولۇن، توققۇز دانە تۈلكە، توققۇز دانە ئالتۇن كۆز قويۇلغان قەلەمتىراچ، توققۇز دانە كۈمۈش كۆز قويۇلغان قەلەمتىراچ، توققۇز دانە ئەجدىھا كەشتىلەنگەن تون ۋە يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن خوتەن زىلچىسى قاتارلىقلار ئىدى.

سۇلتان مامۇت يۇقىرىقى سوۋغاتلارنى تەييارلىغۇزغاندىن كېيىن زور داغدۇغا بىلەن بېيجىڭ سەپىرىگە ئاتلاندى. راستىنى ئېيتقاندا ۋاڭلارنىڭ بېيجىڭ سەپىرى سۇلتان مامۇتتا ئەڭ ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى. قانداق ھەيۋەتلىك، قانداق داغدۇغىلىق ئۆزگىرىش ـ ھە! سۇلتان مامۇت غېرىبسىنغان، ئاجىزلىق ھېس قىلغان، خەزىنىسى قۇرۇقدىلىشقا باشلىغان ۋاقىتلىرىدا ئاشۇ كۈنلىرىنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ كېتەتتى.

بۇ قېتىمقى سەپەرمۇ شۇنداق بولدى: ۋاڭ ماڭىدىغان كۈنى ئوردا ئالدىدا كاناپچىلار، سۇنايچىلار، دۇمباقچىلار رەت ـ رېتى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يول بويلاپ سەپكە تىزىلىپ كەتكەندى. ناغرىغا تەڭكەش قىلىنغان كاناي، سۇناي، دۇمباقلار نۆۋەت بىلەن ياڭراپ پۈتۈن شەھەرنى بىر ئالغانىدى. ئەتىگەندىلا يېتىپ كېلىشكەن تورپان، پىچاندا تۇرۇشلۇق چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار ئوردا ئالدىدا ۋاڭنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

بىر چاغدا سۇلتان مامۇت ئۆزگە ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ سالاپەت ۋە سۆلەت بىلەن ئوردىدىن چىقتى ...

ئومۇمەن، ۋاڭلارنىڭ بېيجىڭغا سەپەرگە مېڭىشى رەسمىي مۇراسىم سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئالدىدا خانلىق چېرىكلىرى سەپ تارتىپ ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدە بولسا يوغان سەللە ئورىغان، قىنىق يېشىل پەرىجە كىيگەن، قولىدا چۆرىسىگە زەر بېرىلگەن قۇرئان تۇتقان ئاخۇنۇم ئاتلىق ماڭىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىن بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تۇڭچى (تەرجىمان) ماڭىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە 40 نەپەر چېرىك پىيادە ماڭىدۇ. چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن بىرئاز ئارىلىق قالدۇرۇپ ناھايىتى چوڭ

سېرىق كۆنلۈك كۆتۈرگەن بىر كىشى تەمكىن قەدەملەر بىلەن ئاستا ماڭىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ساقچى باشلىقى ۋە ئەجدىھا سۈرەتلىك قىلىچ ئاسقان بىر ئاتلىق تەيجى ھەيۋەت بىلەن ماڭىدۇ. بۇلارنىڭ كەينىدىن ۋاڭ ئالتە كىشى كۆتۈرگەن تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ ماڭىدۇ. تەختىراۋاننىڭ ئۈستى گۈمبەز شەكىلدە بولۇپ، رەڭگى سېرىق، توققۇز ئەجدىھانىڭ رەسمى كەشتىلەنگەن. تەختىراۋاننىڭ بېشىغا ئادەم بېشىدەك چوڭلۇقتا قۇببە ئورنىتىلغان، چۆرىسىگە قىزىل پۆپۈك تۇتۇلغان. تەختىراۋاننىڭ كەينىدىن ئات مىنگەن بەگلەر، ئاندىن ئاخۇنلار، بايلار، ئاتلىق چېرىكلەر، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھارۋىلاردا سوۋغاتلار ماڭىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلەر يول بويلاپ سەپتە تۇرىدۇ ۋە ۋاڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تىزلىنىپ تەزىم قىلىدۇ. بازار كوچىلىرىدا بولسا، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى كاتتا بېزىلىپ، كوچا بويلىرىغا شىرە قويۇلۇپ تۇرلۇك ـ تۈمەن يېمەكلىكلەر تىزىۋېتىلىدۇ ... ئاساسلىق ئۇزاتقۇچىلار ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشيا) غىچە ئۇزىتىپ بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بولسا، سۇلتان مامۇت بېيجىڭغا يېتىپ بارغۇچىلا خانلىقنىڭ يارلىقى بىلەن مەنزىل ـ مەنزىللەردە، شەھەر ـ ئۆتەڭلەردە ئۆز قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىنىدۇ ...

داغدۇغا، چىن ئەقىدە، خۇشامەت ۋە چوڭ تەمە بىلەن بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەن سۇلتان مامۇتنى گۇاڭشۈي خان ئۆزى شەخسەن قوبۇل قىلدى. بۇ ئىلتىپاتتىن خۇشال بولغان سۇلتان مامۇتنىڭ بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان خاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولالماي خان سارىيى ئالدىدا بويۇن قىسىپ تۇرۇپ قالغان ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىگە ئوت كېتىپ، ھەسەتتىن پۇچىلىنىپ كېتىشتى. گۇاڭشۈي خان سۇلتان مامۇتنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئىمىن خوجىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا بىلدۈرگەن ئەقىدىسى،

قوشقان تۆھپىسىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. بۇنىڭدىن سۇلتان مامۇت زور بەخت، ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى ۋە: «شۇنداق چوڭ پادىشاھ مۇشۇنداق ماختىغاندىكىن، بىزمۇ بوش ئادەملەر ئەمەسكەنمىز» دەپ ئويلىدى. گۇڭشۇي خان سۇلتان مامۇتنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسا كېرەك، يېقىنچىلىق بىلەن ئۇنىڭدىن يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۆزىنىڭ ئىنانچىخانلىقنى قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى، ھەتتا سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىدى. ئىچكە ھىيلە ـ مىكىر توشۇپ كەتكەن سۇلتان مامۇت سەممىمىي قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، تولىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن جاۋاب بەردى ۋە خانغا دەممۇ دەم مىننەتدارلىق، قۇللۇق بىلدۈرۈپ تۇردى. گۇاڭشۇي خان سۇلتان مامۇتقا مەمنۇنلۇق بىلەن قارىغاندىن كېيىن:

— سىز ئۇيغۇر خوجىلىرىغا خاس ئىقتىدارغا، شىجائەتكە ئىگە، كېلىشكەن يىگىت ئىكەنسىز، — دەپ ماختىدى.

بۇنداق ماختاشنى قىلچىلىك كۈتمىگەن سۇلتان مامۇت خۇشلۇقىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى.

خانىنىڭ قوبۇلىدىن چىقىپ ۋېيگۇڭسۇن — ئۇيغۇر بەگلىرى مەھەللىسىكى سارىيىغا قايتىپ كەلگەن سۇلتان مامۇتنىڭ بەدىنى تىترەپ، يۈرىكى قاتتىق سېلىپ پەقەت ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە خانىنىڭ بايىقى سۆزى تىنماي جاراڭلاپ بېسىۋالغۇسىز شادلىق پەيدا قىلىپ، ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويايلا دېدى.

ئەمما، ئەتىسى قارا دېۋان مەھكىمىسىدىن كەلگەن يارلىقنى كۆرگەن سۇلتان مامۇتنىڭ قورققىنىدىن پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. بۇ خان يارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «لۈكچۈن ئىنانچىخانى ئەفرىدۇن بىزگە سادىق ئەمەسكەن، ئوغلىنى ئەينى ۋاقىتتا بىزگە رويخەتكە ئالدۇرمىغان. ئۇنىڭ مۇشۇ گۇناھى ئۈچۈن ئۈلۈكىگە 250 دەررە ئۇرۇلسۇن!»

زور خۇشاللىق ۋە ئېغىر دەرد ـ ئەلەم بىلەن قايتىپ كەلگەن

سۇلتان ماموت «سۇلتان ماموت خوجا ياڭزىدا بار، داڭزىدا يوق» دېگەن مەسخىرىگە قالدى.

نېمىلا بولسۇن، خاننىڭ نەزىرىگە ئېلىنماق، مۇبارەك لەۋزىدىن ئۆزى خۇسۇسىدا تەرىپكە ئېرىشمەك ھەرقانداق بەگ ـ خوجىلارنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەس.

بېيجىڭ خان سارىيىدا شاھانە كۆتۈۋېلىشلارغا نائىل بولغان، ھەتتا خاننىڭ ئاشۇرۇپ ئەزىزلەشلىرى سەۋەبىدىن قارا دىۋان مەھكىمىسى بىلەن ۋاسساللار مەھكىمىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ـ تۆرىلەرنىڭ ئىچى تارلىقىنىمۇ كەلتۈرگەن ... قانداق ھاياجانلىق ۋاقىتلار ـ ھە، ئۇ!

ئۇ ئەنە شۇنداق ئىززەت ـ ئېكراملىق ۋاڭ تۇرسا، قانداقمۇ بويۇن قىسىپ، كىچىك ئىشلار ئۈچۈن غەمگە پېتىپ يۈرسۇن؟!

شۇڭا ئۇ ھېچنېمىدىن قورقماي ئەيش ـ ئىشرەتكە بېشچىلاپ كىرىپ كەتتى، ئوردىدا ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماس بولدى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە سارىخان لولىنىڭ ھاياسىز پىچىرلاشلىرىغا سوكۇلداپ كۆنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەردى. ئەمما، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ھاۋايى ھەۋەس ئوتلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ھاياتلىق شامىنىمۇ ئانانۇرخان ئىسىملىك بىر قىز بۇ ھاياتلىق ئالىمىدىن بالدۇرلا ئۆچۈرۈۋەتتى.

لۈكچۈن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر مەھەللىدە نامراتلىق جىسمىنىمۇ، روھىنىمۇ مىجىپ تاشلىغان موللاخۇن ئىسىملىك، دىنىنى تەلىملەردىن خېلى خەۋىرى بار بىر كىشى بولۇپ، نامراتلىق دەستىدىن مەھەللىسىدىكى باللارنى يىغىپ ئوقۇتۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. موللاخۇن لۈكچۈن مەدرىسەدە خېلى ئوقۇغان ئادەم بولسىمۇ قورقۇنچاق، تاماخور ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا مەسچىتنىڭ ئىماملىقىمۇ تەگمىگەن، جامائەت ئىچىدە بولسا ئىناۋىتى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. گەرچە، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىنى بىلىمىنى يۇقىرى چاغلاپ يۈرسىمۇ، لېكىن خەلق ئۇنىڭغا ئاددىي كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەكلا مۇئامىلە

قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇنىڭدىن دىلى رەنجىپ، دائىم خاپا بولۇپ يۈرەتتى.

ئوتتۇرا بوي، ئاۋاق كەلگەن موللاخۇن ئادەتتىكى چاغلاردا بۆزدىن پەشمەت، بېشىغا كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپا كىيسە، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىغا بىردىنبىر مېھمانلىق كىيىمى بولغان بەقەسەم يوللۇق پەرىجە ۋە داكىدىن ئاددىيلا ئورىۋالغان سەللىسىنى كىيىپ باراتتى ۋە ئۆزىنى مۆتىۋەرلەر سېپىگە قوياتتى. كىشىلەرنىڭ كۇسۇرلاشلىرىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ پىسەنت قىلماي سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇشقا تىرىشاتتى. كىشى ئۆز كۆڭلى بىلەن ئۆزىگە پادىشاھ. شۇڭىمۇ موللاخۇن بەقەسەم پەرىجىسى بىلەن سەللىسى ئىچىگە چۆككىنىچە، ئۆچكە ساقىلىنى تاراپ كۆڭلىدە ئۆزىنى خاتىپلار قاتارىغا قويۇپ، مۆتىۋەرلەرچە قەدەملەر بىلەن ماڭغىنىدا موللاخۇننىڭ كۆڭلى يايراپ كېتەتتى.

جاھاننىڭ قىزىقچىلىقىنى، ئاچچىق تەنىسىنى كۆرۈڭ: ئەنە شۇ موللاخۇننىڭ ئانانۇرخان ئىسىملىك بىر گۈزەل قىزى بار ئىدى. ئانانۇرخاننىڭ ھېچبىر يېرى موللاخۇنغا ئوخشىمايتتى. ئانانۇرخان 15 ياشقا قەدەم قويغان چاغلىرىدا پەرىزاتتەك گۈزەل ھۆسن - جامالى بىلەن يىگىتلەرنى مەھلىيا قىلاتتى. ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قاپقارا بوستان چاچلىرى گويا مەجنۇنتالدەك نازۇك بېلىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياساپ قويغاندەك ئەگىمەك سۇرمە رەڭ قېشى، جادۇ كىرپىكلىرى، قاپقارا كېپىنەك كۆزلىرى، ئېقىپ چۈشكەندەك يارىشىملىق بۇرنى ئانارداك مەڭزى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى تولىمۇ گۈزەل كۆرسىتەتتى.

كىشىلەر ئانانۇرخاننى كۆرگەن چاغلىرىدا بىر - بىرىگە:

— تۇۋا، موللاخۇندەك بىر ئاۋاق، كۆرۈمسىز، ئىچىدە تۇڭگۇز قاترايدىغان ئادەمدىن پەرىزاتتەك بىر قىزنىڭ تۇغۇلغىنىنى! قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدايىم تاشتا گۈل، تاغ بېشىدا كۆل يارىتىۋېرىدۇ - دە؟! — دېيىشەتتى. ھەتتا بەزىلەر تىلىنى تاتلىق قىلىپ:

— مۇشۇ پەرى كىمنىڭمۇ رىزقىدۇر - ھە؟ — دەپ كېتەتتى. يىگىتلەر بولسا: «بىر پەيتى كەلسە، بۇ نازىنىننى ئۆزۈمگە رام قىلىۋالسام» دەپ ئارمان قىلىشاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ قىزنى بۇ مەھەللىدە نۇرغۇن كىشىنىڭ كېلىن قىلىۋالغۇسى كېلەتتى.

ئانانۇرخان ئاتىسى موللاخۇندا ئوقۇپ خەت - ساۋاتىنى چىقىرىپ نەۋائى قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولدى. شۇنداق بولغاچقا، كۆڭلىدە سان قىلىپ يۈرگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاغزىدا ئىلىپنىڭ سۇنۇقى يوق ئوغۇللىرىدىن قاقشىشىپ ئاغزىنى تاتلىق قىلغانچە قېلىشاتتى.

ئانانۇرخان بالىلىق چاغلىرىدا موللىدا ئوقۇيدىغان شۇ مەھەللىلىك تۆمۈرچىنىڭ جېلىل ئىسىملىك ئوغلى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئانانۇرخان بىلەن جېلىل بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئىشق بۇ ئىككى ياشنى كۆزگە كۆرۈنمەس ئۇلۇغ يىپى بىلەن بىر - بىرىگە چىڭ باغلىدى. جېلىل ئاتا كەسپى تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، داڭلىق ئۇستىغا ئايلانغانىدى.

بىر - بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكەن جېلىل بىلەن ئانانۇرخان ئۆمۈرلۈك جۈپلەردىن بولۇشقا ۋەدىمۇ بېرىشىپ، بۇ يولدا ھەرقانداق جاپا - مۇشكۈللەرنى بىرلىكتە يېڭىشكە ئەھدە قىلىشقانىدى.

ئانانۇرخان 16 ياشقا تولغان يىلى چىلانباغ مەھەللىسىدىكى ئاتا جەمەت تۇغقانلىرىنىڭ تويى بولۇپ ئانانۇرخان ئاپىسى بىلەن ئەنە شۇ تويغا باردى. سۇلتان ماتۇتىنىڭ مىلىس باشلىقى سارىخان لولا تويمۇتوي قاتراپ يۈرۈپ ھەپتىدە بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوردا مېلىسىگە چىرايلىق قىز - جۇۋانلارنى تاللايتتى. شۇڭا سارىخان لولا مۇشۇ ئىش بىلەن بۇ تويغىمۇ كەلگەنىدى.

توي مەشرىپى باشلاندى.

سارىخان لولا ئۇسسۇلغا چۈشكەن قىز - جۇۋانلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بىر نەچچىنى تاللىدى - دە، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى،

قەيەرلىكلىكىنى پەشىشىق سورىشۋالغاندىن كېيىن، توي كۆرۈپ ئولتۇرغان ئاياللارغا سەپسېلىپ يولتۇزلار ئارىسىدىكى ئايدەك ئولتۇرغان ئانانۇرخانغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا ھەيران قالدى. سارىخان لولا ئانانۇرخاننى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە سۇلتان ماموتنى خوش قىلىپ، ئۇنىڭدىن چوڭ ئىنئام ئېلىشنى ئويلىدى ـ دە، ئانانۇرخاننى كېلەركى مېلىسقا ئەكېلىش ئۈچۈن توي ئىگىسىنىڭ يېنىغا پايپاسلاپ بېرىپ، شېرىن ـ شېكەر كۈلكىسى بىلەن ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن، ھەم ھەيران بولغان، ھەم خۇشاللانغان توي ئىگىسى سارىخان لولىنىڭ غەرەزلىك ياپتا گەپلىرىگە ئالدىنىپ، سۆز جەريانىدا ئانانۇرخاننىڭ ئولتۇرىدىغان جايى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسىملىرىنى دەۋەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

سارىخان لولا توي ئىگىسىنىڭ ئاغزىدىن لازىملىق ئۇچۇرغا ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن بىردىنلا تەلەتىنى ئۆزگەرتىپ قولىدىكى نوغۇچنى تاشلاپ سىرتقا ماڭدى.

— ھوي، نەگە ئالدىرايلا، قولىمىز بوشىسا سىلى بىلەن دېيىشىدىغان ئايرىم گەپلىرىمىز بار تېخى، — دېدى توي ئىگىسى ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ.

— مەن ماڭمىسام بولمايدىغان بولۇپ قالدى. سىلى بىلەن مۇڭداشقاچ، قوينىڭ بايا ئېلىپ قويغان ئارقا پۇتىنى يېگىلى ئەتە كېلىمەن. خوش، — سارىخان لولا شۇنداق دېگىنىچە يوگۈرگەندەك كېتىپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ توي ئىگىسىنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي تويدىن بالدۇر قايتتى.

چۈنكى، ئۇ شۇ تاپتا ئانانۇرخاننى سۇلتان ماموتقا تېزرەك تونۇشتۇرۇشقا ئالدىراۋاتاتتى.

ئانانۇرخان سۇلتان ماموتنىڭ قىز ـ جۇۋانلارنى مېلىسقا يىغىپ ئاياغ ئاستى قىلىدىغانلىقىنى باشقىلاردىن كۆپ ئاڭلىغانىدى. بۇگۈن سارىخان لولىنىڭ بۇ تويدا پەيدا بولۇشى،

ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراشلىرى كۆڭلىدە ئەنسىزلىك پەيدا قىلىپ، كۆڭلىنى غەش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئانانۇرخان ئاپىسىغا:

— ئاپا، باشقىچە بولۇپ تۇرۇپتىمەن، ئۆيگە كەتسەكچۇ، — دېدى.

— بىر نەۋرە تۇغقىنىمنىڭ تويى تۇرسا، توي تۈگىمەي كەتسەك سەت بولىدۇ، ئىچىڭ پۇشقان بولسا ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىۋالغىن، — دېدى ئاپىسى.

كۆڭلى غەشلىك ئىچىدە قالغان ئانانۇرخان تويدىن چىقىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئانانۇرخان خالىي بىر ئۆينى تېپىپ بىردەم ئۇخلىماقچى بولدى، لېكىن كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، بوغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، بۇرتى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان، خۇش پېئىل جېلىل كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا كولۇپ قاراۋاتقاندەك بىلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئانانۇرخان تورۇسقا تىكىلگىنىچە جېلىل بىلەن خىيالەن سۆزلىشىشكە باشلىدى:

— جېلىل، ۋاڭنىڭ سارەم دېگەن ھېلىقى قانجۇقى — پەس خوتۇن تويدا ماڭا ئەجەبمۇ قاراپ كەتتى، شۇندىن بېرى كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس.

— «ئىتنىڭ كۆزى بار، خانغا قاراپتۇ» دېگەن گەپ بار ئانارىم، ئۇنداق نېمىلەر قارىسا قاراۋەرمەمدۇ؟ يا، كۆز تېگىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەۋاتامسىز، سىزگە «ئىسمى ئەئىززەم» پۈتۈلگەن تۇماردىن بىرنى ياسىتىپ بوينىڭىزغا ئېسىپ قويايمۇ - يە؟ — دېدى جېلىل چاقچاق قىلىپ.

— ياق جېلىل، بۇنى چاقچاققا ئايلاندۇرماڭ! سارە دېگەن لولىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، جۇمۇ ...

ئانانۇرخان گويا جېلىل ئالدىدا باردەكلا پىچىرلاپ سۆزلەيتتى، ئۆيگە كىمدۇر بىرى كىرىپ ئانانۇرخاننىڭ خىيالىي سۆھبىتىنى بۇزۇۋەتتى.

## 2

سارىخان لولا تويدىن قايتىپ كېلىپلا، سۇلتان ماموتنىڭ ئالدىغا كىرىشكە ئىجازەت ئالدى، سارە ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن سۇلتان ماموتنىڭ ئالدىغا كىرىپ جاھاندىكى ئەڭ قۇۋ، ئەڭ ھىيلىگەر ئاياللارنىڭ خۇشامەت ۋە نازۇ كەرەشمىلىرى بىلەن كۆرۈنۈش قىلىپ ئانانۇرخاننى سۇلتان ماموتقا تونۇشتۇردى:

— بېگىم، بۈگۈن تويدا شۇنداق بىر گۈزەل قىزنى كۆردۈمكى، جەننەتنىڭ ھۆرلىرىنىڭ ئۆزى. كۆزلىرى قاينام بولاقتەك، چاچلىرى يىپەكتەك، مەڭزلىرى پىشقان ئاناردەك، ئەۋرىشىم بەللىرى چومولىدەك، قاراشلىرى بىر ئوت ... شۇنچە نۇرغۇن قىز - چوكانلار ئارىسىدا، خىرە يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى نۇرلۇق ئايدەك ئولتۇرۇپتۇ. مەن بۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قېلىپ، كۆڭلۈمدە نەسلىنى سۈرۈشتۈرمىسەك بۇ قىز بېگىمگە لايىق دەپ ئويلىدىم، — دېدى.

ئۇيقۇ بېسىپ، مەستخۇش ئولتۇرغان سۇلتان ماموت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېتىكلەشتى، ئۇنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكى قوزغىلىپ، ئانانۇرخاننى كۆرۈشكە ئالدىراپ:

— ئۇ قىز قەيەرلىك؟ كىمنىڭ قىزىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— موللاخۇن دېگەن بىر نامراتنىڭ قىزىكەن، نەسلىنى دېمىسەك، بۇ قىز ئوردىغا تازا لايىق، — دېدى سارىخان لولا.

— نەسلى - پەسلىنى قوي، مېلىسقا ئەكېلىڭلار، مەن كۆرۈپ باقاي، سەن دېگەندەك ئوردىغا لايىق بولسا ئەكەلسەكلا بولىدىغۇ، — دېدى سۇلتان ماموت.

سارىخان لولا قوللۇق بىلدۈرۈپ ۋاڭنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن ھېمىت كاھنى تېپىپ، ئانانۇرخاننى مېلىسقا ئەكېلىشنىڭ يولىنى مەسلىھەتلەشتى.

مېلىستىن بىر كۈن بۇرۇن ھېمىت كاھ بىلەن سارە مەپىگە

ئولتۇرۇپ، ئانانۇرخانلارنىڭ مەھەللىسىگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىرلا سورۇشتۇرۇپ ئانچە قىينالمايلا موللاخۇنىنىڭ ئائىلىسىنى تاپتى. موللاخۇن ئىشىك ئالدىغا ۋاڭلىق مەپىنىڭ كېلىپ توختىغانلىقىنى كۆرۈپ: «خاتا توختاپ قالدىمۇ، نېمە؟» دەپ ئويلىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئالدىراپ مەپىنىڭ قېشىغا باردى.

— كىمنى ئىزدەپ كېلىشتىلە؟ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، — دېدى ئۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن.

— سىلىنىڭ ئۆيلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز ھەم سىلىنى ئىزدەپ كەلدۇق، — دېدى ھېمىت كاھ زورىغا كۈلۈپ. بۇنى ئاڭلىغان موللاخۇنىنىڭ نېمە ئىشلىقىنى بىلمەيلا خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇ ئۆزى ئۈچۈن چوڭ ئابرۇي ئىدى.

شۇڭا ئۇ تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

سالام ـ سەھەتتىن كېيىن سارىخان گەپ باشلىدى:

— گاڭ خوجامنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قىزلىرى ئانانۇرخاننى ئوردا مېلىسىگە چىللاپ كەلدۇق، — دېدى.

«ئوردىدىن مېلىسقا چىللاپ كەلدۇق» دېگەندە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز قىز ـ كېلىنلىرىنى ئەۋەتمەي ھەددى ئەمەس ئىدى.

سارىخان لولىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئانانۇرخاننىڭ ئاپىسىنىڭ يۈرىكى «چىمممىدە» قىلىپ قالدى. موللاخۇن بولسا تاماخور، قورقۇنچاق ئادەم بولغاچقا لايىقىدا قىلىدىغان گەپنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈۋاتقان ۋاڭ، مېلىستا لەرزان پىرقىراپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزى، ئۆزىگە كېلىدىغان ئاتاق ـ مەرتىۋە چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. بۇنى سەزگەن سارىخان لولا:

— غەم قىلىشمىسىلا، ئەتە كەچقۇرۇن ئۆزۈم ئەكېلىپ قويىمەن. گاڭ خوجامنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشمۇ ئەجەب

ئەمەس، — دېدى.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ بىزنى ئادەم ئېتىپ كەلگەنلىكلىرىگە رەھمەت، — دېدى ئانانۇرخاننىڭ ئاپىسىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئۆيۈپ، — تۇغقانلارنىڭ تويىنىڭ قالدى ـ قاتتى ئىشلىرى بار ئىدى. قىزىم شۇ ئىشلارغا ياردەملەشمەكچىدى. شۇڭا كېيىنكى قېتىملىق مېلىسقا قاتناشقان بولسا ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان موللاخۇننىڭ تەرى تۇرۇلدى. ئۇنىڭغا مۇشۇ گەپ بىلەن بۇ ئىش تۇگەيدىغاندەك، خانلىق مەپىسى قوشنىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ياكى كوچا بېشىدىكى ئۆزىنى ياراتمايدىغان، ئۆزىمۇ ياراتمايدىغان ئىمامنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېتىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ئالدىراپ قالدى. شۇڭا:

— بارسۇن، ۋاڭ خوجامغا سالىمىمىزنى يەتكۈزۈپ قويالا، بىزلەرنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن. ھە ... ئەمدى شۇ، قىزىمىز كىچىك، ئىگە بولۇپ قويالا، — دېدى موللاخۇن تاماخورلۇق بىلەن قوللىرىنى ئىشقىلاپ.

— بۇنى ماڭا قويۇپ بەرسىلا موللاخۇن، — دېدى سارىخان لولا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، — ۋاڭ خوجامغا شۇنداقلا بىر پۇرتىپ قويىدىغان بولساق، ئەتىلا ئۆزلىرىنى خانلىق مەدرىسەدە كۆرىلا، شۇنداقمۇ كاھ بېگىم؟

— ۋاي، شۇنداق بولمامدىغان، بۇنچىلىك ئىشلار دېگەن ۋاڭ خوجامنىڭ بىرلا ئىشارىتى بىلەن پۈتىدىغان ئىشلارغۇ؟ — دېدى ھېمىت كاھ كۆچ بېرىپ.

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، ئىلتىپاتلىرىنى قايتۇرارمەن، — دېدى موللاخۇن تەزىم قىلغۇدەك بولۇپ.

بۇنى ئاڭلىغان ئانانۇرخان ئاپىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ:

— مەن بارمايمەن، مەن قورقىمەن، — دېدى.

— قورقماڭ قىزىم، جەننەتتەك باغدا يۈزلىگەن قىز ـ جۇۋانلار بىلەن ئويناپ كېلىسىز، مېلىس تۈگىگەندە مانا ئۆزۈم بىللە ئەكېلىپ قويىمەن، — دېدى سارىخان لولا. ئۇنىڭ گېپىگە

ئۇلاپ ھېمىت كاھ قاتتىق ـ قاتتىق قىلىپ گېلىنى قىرىپ قويدى.

— بارغىن قىزىم، گاڭ غوجام ئۆزى چاقىرتىپتۇ. بۇ دېگەن چوڭ ئابروي، بىزنىڭ يۈزىمىزنى يەرگە قاراتمايمەن دېسەڭ، بۇ ئاپاڭ بىلەن ماڭغىن، — دېدى موللاخۇن.

قىزى مۇشۇنداق ئىززىتى بىلەن ماڭمىسا، ئۇلارنىڭ بەربىر قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن ئەكېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئاپىسىمۇ، ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى چىڭگىدە چىشلىگىنىچە يەرگە قاراپ تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ، ئۈنسىز تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز قالغان ئانانۇرخان سارىخان لولىنىڭ تارتىپ سۆرىشى بىلەن مەيگە چىقتى. بۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى جېلىلدا ئىدى. ئۇ، جېلىل تاسادىپىي ئۇچراپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىپ كەتتى.

خورلۇقتىن ئانانۇرخاننىڭ نۇرلۇق چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇرۇن ئۇ باشقىلاردىن نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئاچچىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغانىدى. سۇلتان ماﺋۇتىنىڭ خوتۇن ـ قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى ۋە ئۇنى دەھشەتلىك قورقۇنچ باستى. شۇ تاپتا جېلىل بولسا، ئۇنى مەيدىن يۇلۇپ ئەپقاچسا، ئۇلار ۋاڭنىڭ غالچىلىرى تاپالمايدىغان يەرگە كەتسە، ئۇ يەردە ئۇلارغا ھېچكىم دەخلى قىلمىسا، ئۇلار ۋىسالىغا يەتسە ...

ئەمما، سارىخان لولا بىلەن ھېمىت كاھ يول بويى كاپىلدىشىپ ئانانۇرخاندىن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ، ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا پۇرسەت بەرمىدى...

ئەتىسى مېلىس مەشرىپىگە لازىملىق نەرسىلەر ھەرقاچان تەييارلا بولغاچقا، مېلىس ۋاقتىدا باشلاندى. بىر نەچچە داپەندىلەر مېلىس ناخشىسىنى ئېيتىشتى. سورۇنغا يىغىلغان قىز ـ جۇۋانلار نەپىس ئايلىنىپ بىر ـ بىرىگە پۇتا سېلىشاتتى.

سارىخان لولا ئانانۇرخاننى ئاتايىن سۇلتان ماﺋۇتقا

كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، پوتا سىلىپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى. ئانانۇرخان پوتا سىلىۋاتقانلار ئارىسىدا گۈزەللىكتە ئەڭ چىرايلىق بىر تاللا قىزىلگۈلدەك، نۇر جەھەتتە جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى تولۇن ئايدەك كۆرۈنەتتى.

ئانانۇرخانىنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالى خوتۇنپەرەس سۇلتان ماموتنى ئاشىق بىقارار قىلدى. ئۇ ئاشۇ غۇبارسىز گۈلنى بالدۇرراق ئۈزۈشكە، خالىغانچە پۇراشقا ئالدىراشقا باشلىدى.

مېلىس بىر نۆۋەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن سارىخان لولا سالام بەجا كەلتۈرۈپ ۋاڭدىن ئېسەنلىك سورىغاندى، ۋاڭ:

— يارايسەن سارىخان ئايلا! ئۇ قىزغا بىر كىيىملىك دۇردۇن تارتۇق قىلدىم، سېنىڭ خىزمىتىڭنى ئالاھىدە ھېسابقا ئالىمەن، بولدى، مېلىس مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ئانانۇرخان ماڭا يارىدى، ئۇنى ئوردىغا ئەكېلىشنىڭ يولىنى قىلىڭلار، — دېدى. سارىخان لولا «خوش» دېگىنىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

سۇلتان ماموت ئۇلپەتلىرى بىلەن شاراب زىياپىتىگە كىرىشتى. مېلىس ئەھلى تارقالدى. تۆۋرۈك ئايۋاندىكى ھاپىزلار مۇقام نەغمىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. كەيپ بولۇشقا باشلىغان سۇلتان ماموت شەھۋەت خىياللىرىغا غەرق بولغىنىچە ئۇخلاپ قالدى.

## 3

سارىخان لولا ئەتىسى راست دېگەندەك ئانانۇرخاننى ساق ـ سالامەت ئەكېلىپ قويدى.

— دېمىدىممۇ، ۋاڭ خوجامنىڭ نەزىرى چۈشكەننى بىلمەي يۈرگىلى تاس قاپتىمىز، — دېدى موللاخۇن كىرىلىپ، — ۋاڭ خوجامنىڭ نەزىرىگە چۈشتۇقمۇ، بولدى، ئەمدى مېنىڭمۇ پاك نىيەتلىرىم مەقبۇل بولۇر.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئاپىسى يۈرىكىنى تۇتۇپ.

ئانانۇرخان بولسا ساق ـ سالامەت كېلىشۇالغىنىغا خۇش بولۇپ ئاپىسىنىڭ يىقىنىغا كىرىۋالدى. موللاخۇن بۇ ئىككىسىنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ قاپىقىنى تۈرۈپ: «كالتە پەملەر» دەپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى.

مېلىسىنىڭ گەپلىرى بېسىلغاندىن كېيىن، كەچقۇرۇن ئانانۇرخان سۇغا بېرىش باھانىسى بىلەن جېلىل بىلەن ئۇچراشتى. ئانانۇرخان غەمكىن هالدا:

ــ جېلىل، ئەمدى ئىش يامان يەردىن چىققىلى تۇردى. ئارىمىزغا تىكەن ئۈنىدىغاندەك قىلىدۇ. مېنى گاڭنىڭ مېلىسىغا مەجبۇرىي ئاپاردى. ساق ـ سالامەت چىققان بولسامىمۇ، كۆڭلۈم ئەنسىرەۋاتىدۇ، ــ دېدى.

ــ مېلىستا باشقا گەپ ـ سۆز بولمىغاندۇ؟ ــ دەپ سورىدى جېلىل سەل جىددىيلىشىپ.

ــ باشقا گەپ ـ سۆزغۇ بولمىدى، لېكىن ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

ــ ئورۇنسىز ئەنسىرىمەڭ! مەن هاياتلا بولىدىكەنمەن، سىزگە هېچكىم كۆز تىكەلمەيدۇ.

ــ ئۇنداق ساددا ئويلىماڭ جېلىل! باشقا كۈن چۈشكەندە پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. كۆڭلۈم بىر يامانلىقنى تۇيۇپلا تۇرۇۋاتىدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا مەن ئاپامغا دەپ ئەتىلا ئۆيىڭىزگە كىشى كىرگۈزەي، توينى تېز قىلىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلايلى، ــ دېدى جېلىل هاياجان بىلەن. ئەمما، ئانانۇرخان نېمىشقىدۇر بۇ هاياجانغا پەقەت ماس كەلمىگەن بىر گەپ قىلدى:

ــ جېلىل، ماڭا تازا ئىشلەپ، ئىتتىك بىر ئۈستىرا سوقۇپ بېرەلەمسىز؟

ــ قىز بالا تۇرۇپ ئۈستىرىنى نېمە قىلىسىز؟ ــ سورىدى جېلىل هەيران بولۇپ.

ــ ماڭا هەمراھ بولىدۇ، ئۈستىرا يانچۇقۇمدا بولسا سىز

يېنىمدا باردەكلا ھېس قىلىمەن. قاچان سوقۇپ بېرىسىز؟ ئەتە سىڭلىم مەستۇرەنى ئەۋەتىمەن.

— ماقۇل، لېكىننزە كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلماڭ، سىزگە يامان كۆزى بىلەن قارىغانلارنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋېتىمەن، — دېدى جېلىل قەسەم بەرگەندەك. سوغىسىنى سۆغا لىق توشقۇزغان ئانانۇرخان ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك:

— خوش ئەمىسە، گەپ بولسا مەستۇرەنى ئەۋەتىمەن، — دېدى - دە، يۈرۈپ كەتتى.

جېلىلنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ قالدى. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن قولى ئىشقا بارمىدى. شۇنداقتىمۇ ئانانۇرخانىنىڭ سۆزىنى ئۆزىگە تەسەللى قىلىپ بولقىنى قولىغا ئالدى. ئوچاقتا ئوت گۈرۈلدەپ كۆيەتتى. كۆڭلى بىسەرەمجانلىقتىن ئوت جېلىلغا بىردە ئېچىلىۋاتقان گۈلدەك كۆرۈنسە، بىردە ئالۋاستىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئوت - يالقۇندەك كۆرۈنەتتى. جېلىل بېشىنى سىلكىۋېتىپ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە تىرىشتى. قىزىرىپ لۆمشۈپ تۇرغان تۆمۈر پارچىسى سەندەلگە قويۇلدى. جېلىلنىڭ قولىدىكى كىچىك بولقا ھەرىكەتكە كەلدى. بولقا ھەر قېتىم تۆمۈر پارچىسىغا تەگكەندە ئەتراپقا ئۈششاق ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى. جېلىل ئىچى سىقىلغاندەك بولۇپ، خۇددى تۆمۈر پارچىسىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئۆچمەنلىكى باردەك بولقىنى كۈچەپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

× × ×

موللاخۇن ۋاڭ تارتۇق قىلغان دۇردۇننى قولىغا ئېلىپ بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇ قوشىنىلىرىم كۆرسۇن دېگەندەك دۇردۇننى ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ كۆرۈپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىقىدىن: «ۋاڭنىڭ مۇكاپىتىغا ئېرىشمەك ئوڭايمۇ؟ ۋاڭنىڭ نەزىرىگە چۈشكىنىم مېنىڭ بەخت - تەلىيىم.

مەھەللىدىكىلەر مېنىڭ قەدرىمنى بىلمىگەن بىلەن ۋاڭ خوجام بىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاللا نېسىپ قىلسا ئانانۇر گاڭ خوجامغا ياراپ قالسا ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى. ئەمما، ئانانۇرخان بىلەن ئاپىسى ئۇ رەختكە يىرگىنچ بىلەن قاراپ بىر چەتتە تۇرۇشتى.

سارىخان لولا قايتىپ كەتكۈچە موللاخۇننى بىر چەتكە تارتىپ قۇلىقىغا:

— ئەتە ئۆيلىرىگە مېھمان چىقىدۇ، بىر يەرگە كېتىپ قالمىسىلا، — دەپ پىچىرلىغاندى، موللاخۇننىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى:

— يوللىرىغا قارايمىز!

سارىخان لوللار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، موللاخۇن ئايالىغا بۇيرۇدى:

— ئانىسى، ئەتە ئوردىدىن مېھمان چىقىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۆيلەرنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلا. ئۆيىمىزنىڭ ئوردىدىن كەلگەن مېھمانلارغا لايىق كەلگۈدەك ھەشەمىتى بولمىسىمۇ، پاكىزە تۇرسۇن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئايىخان بىرەر يامانلىقنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك كۆڭلى غەش بولدى. ئانانۇرخان بولسا ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى. موللاخۇن باشقا ئىشلاردا قورقۇنچاق بولغىنى بىلەن ئايالى ۋە بالىلىرىغا ناھايىتى قاتتىق قول ئىدى. ئۇنىڭ دېگىنى بولمىسا، ئۇ ئاچچىقتىن ئەسەبىيلىشىپ قولىغا تاياق ئالاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئايالىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

تاڭ ئېتىشى بىلەنلا موللاخۇن ئايالىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىشىك ئالدىلىرىنى ئۆزى سۈپۈرۈپ، سۇ سەپتى. كۆپ ئويلىنىپ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئانانۇرخاننى كىچىك قىزى مەستۇرە بىلەن قوشۇپ يۇقىرىقى مەھەللىدىكى چوڭ دادىلىرىنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتۈپتىپ، ئوردىدىن چىقىدىغان مېھمانلارنى

كۆتۈپ تۇردى.

ئاشۇاقتى بىلەن ئاسىم تەيجى باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە ئەر ـ ئايال ئۇردا خىزمەتچىلىرى سۇلتان مامۇت ۋاڭغا ئەلچى بولۇپ يېتىپ كېلىشتى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن سارىخان لولا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي:

— موللاخۇن، ئايىسخان، قىزلىرىغا كۆپ دۇئا قىلغان ئوخشايلا، مانا ئەمدى ئانانۇرخانغا بەخت قۇشى قونۇۋاتىدۇ. سۇلتان مامۇت بېگىمگە يۇرتتا قىز كەممۇ؟ مېنىڭمۇ بويىغا يەتكەن قىزىم بار. گاڭ ئالىيلىرىغا تۇتقۇدەك قىلىۋاتىمەن. لېكىن بۇ ئىلتىپات بىزگە نېسىپ بولماي سىلىگە نېسىپ بوپتۇ. قىزلىرى ئانانۇرخاننى گاڭ ئالىيلىرى هالال نىكاهىغا ئېلىشقا سورىتىپ ئاسىم تەيجى هەرقايسىمىزنى ئەۋەتتى. بۇنىڭغا نېمە دەيلا؟ — دېدى. موللاخۇن بۇ گەپنىڭ بولىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا پەملەپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەلچىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغاندا قاتتىق هاياجانلىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك:

— گاڭ ئالىيلىرى ئۆز نىكاهىغىمۇ؟ — دەپ قايتا سورىدى.

— شۇنداق، ئىشەنمەيۋاتامىلا؟ مانا ئوردىنىڭ يۇزلۇكلىرى ئەلچى بولۇپ هۇزۇرلىرىدا تۇرۇۋېتىمىزغۇ، — دېدى سارىخان لولا يالغان كۈلۈپ.

هاياجىنىنى باسالمىغان موللاخۇن بىر چەتتە تىتىلداپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ تۇرغان ئايالىغا مەسلىهەتمۇ قىلماي:

— كەلگەن قەدەملىرىگە رەهمەت، گاڭ خوجام بىزنى نامرات كۆرمەي نەزەر كۆزىنى سالغان بولسا، بۇ بىزگە چوڭ ئىلتىپات. گاڭ خوجام هېلىغۇ قىزىمىزنى سوراپتۇ، جېنىمىزنى سورىسىمۇ ئايىمايمىز، گاڭ ئالىيلىرىنىڭ يولىدا پەرمانبەردارمىز، — دېدى قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە.

موللاخۇننىڭ ئايالى ئايىسخان ياۋاش، ئۇنىڭ ئۇستىگە

ئاغرىقچان بولغاچقا، قىزى ئانانۇرخانغا ئىچى ئاغرىپ، كۆڭلىدە بۇ ئىشقا نارازى بولسىمۇ، قۇدرىتىنىڭ ھېچنېمىگە يەتمەيدىغانلىقىنى، بىرەر نەرسە دېسە موللاخۇندىن كۆڭلىنى ئاغرىتىۋالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئارتۇقچە گەپ قىلالماي قالدى.

كەلگەن ئەلچىلەر ئەكەلگەن تويلۇقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا موللاخۇن ھەيران قالدى. كۆڭلىدە مەھەللىنى يىغىپ، بۇ نەرسىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تازا بىر كۆرسىتىۋالغۇسى كەلدى. تويلۇق رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن ھېمىت كاھ:

— موللاخۇن، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن گەپ بار. ئانانۇرخاننى ئەتىلا كۆچۈرۈپ كەتسەك دەۋاتىمىز، — دېدى.

يۈرىكى پۇچىلىنىۋاتقان ئايىسخان ئانا ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى - دە:

— نېمانچە تېز، ئاز - تولا تەييارلىقىنى قىلمايمىزمۇ؟ — دەۋەتتى.

— ھەي ئايىسخان، توي دېگەننى ئوردىدا قىلىمىز. ئوردا دېگەندە ھەممە نەرسە تەل. تەييارلىق قىلىش كەتمەيدۇ. سەۋەب: گاڭ خوجامنىڭ يىراقتا سەپەرگە چىقىدىغان ئىشى بار، شۇڭا كىچىكتۈرۈپ نېمە قىلىمىز؟ ئەتىگە كۆڭۈللىرىنى توختاتسىلا، تويغا كېرەكلىكنى بىز يەتكۈزۈپ بېرىمىز، — دېدى سارىخان لولا.

موللاخۇن ئۇلار گېپىدىن يېنىۋالمىسۇن دېگەندەك ئالدىراپ:

— شۇنداق، شۇنداق، ھەرقايسىلىرى دېگەندەك بولسۇن، بۇگۈن نىكاھ ئوقۇتۇپ ئېلىپ كېتىمىز دېسىلىمۇ، بىز رازى، — دېدى.

سارىخان لولا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ۋاڭغا خوتۇن تېپىش بىلەن شۇغۇللانغاچقا تەجرىبىلىك ئىدى، شۇڭا ئۇ:

— بۇنى ئانانۇرخانغا ئۇقتۇرمىسىلا، كىچىك بالا ئەمەسمۇ؟

نادانلىق قىلمىسۇن دەيمەن، ئەتە ئۇقسۇن، نىكاھ دېگەن ئۇلۇغ، ئۇخايلا ئۆگىنىپ قالىدۇ، — دېدى.

— غەم قىلىشمىسىلا، قىزىمىزغا بىز ئىگە، — دېدى موللاخۇن. ئەسلىي ئۇ «كۈيۈئوغلىمىز غەم قىلمىسۇن» دېمەكچى ئىدى، پېتىنالمىدى. «دېمىسىمۇ، قىزىمىنى ئالغاندىكىن كۈيۈئوغلۇم بولىدۇ ـ دە» شۇنداق ئويلىغان موللاخۇننىڭ يۈرىكى ئۇيناپ كەتتى.

ئەلچىلەر قايتىپ كېتىشتى. ئۇلار كېتىشىگىلا موللاخۇننىڭ ئايالى ئايىسخان ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— ھەي، نى ـ نى ئادەملەر قىزلىرىنى ئوردىغا خىزمەتچىلىككە كىرگۈزەلمەي ئاۋارە. ئەمدى گاڭغا قېيىنئانا بولۇشقا خۇشال بولماي، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دېدى موللاخۇن.

— قىزىمىزنىڭ رايىغا باقماي، ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپمۇ قويماي، پۇل ـ مال، ئەمەلنى كۆزلەپ ئاتىسىدەك ئادەمگە توقاللىققا بېرىشكە ئىچىلىرى ئاغرىمامدۇ؟ بىچارە قىزىم نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ئەمدى؟ — دېدى.

— ھەي، ئەخمەق خوتۇن، سۇلتان مامۇت گاڭ دېگەن كىم؟ خۇدايىم قىزىمىزنى تەلەيلىك يارىتىپتىكەن، ھەر نامىزىمدا قىلغان دۇئا ـ تىلاۋىتىم ئاللاغا يېتىپتۇ. بەخت قۇشى قوندى دېگەن شۇ، تەلىيى كەلدى دېگەن شۇ، بۇنىڭغا خۇشال بولماي يىغلىغىنىنى.

— بەخت قۇشى قونامدۇ، ئەجەل قۇشى قونامدۇ، كىم بىلىدۇ؟ گۈل ـ گۈلى بىلەن، خىلى ـ خىل بىلەن بولغىنى تۈزۈكتى. بۇنى ئانانۇرخان ئاڭلىسا نېمە دەر؟ — ئايىسخاننىڭ كۆڭلىدىن نى ـ نى قىسمەتلەر كېچىپ يۈرىكى چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتتى.

— سىلەر ئانا ـ بالا ئەخمەق بولماڭلار، ئەمدىچۇ، بۇ يۇرت بىزنىڭ، ئەتىلا نى ـ نى مۆتىۋەرلەرنىڭ، گىدىيىپ يۈرگەن دورغىلارنىڭ بىزگە قانداق سالام قىلغىنىنى كۆرىسەن.

ئانانۇرخان قايتىپ كەلسە بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا دېمە، ئەتىلا ئاڭلىسۇن جۇمۇ، — دېدى موللاخۇن قاتتىق جېكىلەپ. ئاندىن: «خوتۇن كىشى نېمانداق كالتە پەم كېلىدىغاندۇ؟» دەپ غۇدۇراپ قويدى. ئامالسىز قالغان ئايسىخان ئاللادىن سۇلتان مامۇتقا ئىنساپ تىلەشتىن باشقا ئىش قىلالمىدى.

## 4

بېشىغا كېلىۋاتقان كەلگۈسى قىسمەتلەردىن، نە ئانانۇرخان، نە جېلىل بىخەۋەر ئىدى. ئۇلار ئەلچى كىرگۈزۈشنىڭ تاتلىق خىيالىنى قىلىپ يۈرىۋەردى. ھەرگىزمۇ ئىشنىڭ مۇنچە تېز بولۇشىنى — ئانانۇرخاننى ۋاڭنىڭ خوتۇنلۇققا ئېلىشىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى. ئانانۇرخان چوڭ ئانىسىنىڭكىدىن قايتىشىدا سىڭلىسى مەستۇرەنى جېلىلنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ ئۆزى خىلۋەت يول چېتىدە كۈتۈپ تۇردى. ئازدىن كېيىن مەستۇرەنى ئەگەشتۇرۇپ جېلىل كەلدى.

بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن بۇ قىز - يىگىتنىڭ كۆڭلىدە بىر - بىرگە ئېيتىدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بولسىمۇ، تارتىنىشىپ دېيىشەلمىدى. لېكىن ئۇلار بىر - بىرگە يۈرەك سۆزلىرىنى كەڭ - كۇشادە ئېيتالمىسىمۇ، كۆزى ۋە تۇرقىدىن بىر - بىرىنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىشىپ تۇرۇشاتتى.

پالۋان سۈپەت، بەستلىك كەلگەن جېلىل ئانانۇرخانغا تىكىلىپ قاراشتىن ئەيمىنىپ:

— ئانارگۈل، سىز جولاتقان ئۇستىرىنى ھەرە تىغىدىن ياسىدىم، كۆرۈپ بېقىڭ، يارامدۇ؟ — دېدى.

ئانانۇرخان جېلىل ئۇزاتقان ئۇستىرىنى ئېلىۋاتقاندا قولى بىر - بىرگە تېگىپ، ئىسسىق بىر ئېقىم يۈرەكلىرىگە ئۆتكەندەك بولدى.

— رەھمەت سىزگە، بۇ يادىكارىڭىزنى ئوبدان ساقلايمەن، —

دېدى ئانانۇرخان.

ئۇلار ئارتۇقچە سۆزلىشەلمەي خوشلاشتى. ئانانۇرخان ئۇزاپ كەتكەندىمۇ جىبىل ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ خېلى بىر ۋاققىچە تۇردى ۋە: «ئاپامغا ئېيتىپ ئەلچىنى مۇشۇ جۈمەگىچە كىرگۈزىمەن» دەپ پىچىرلىدى.

ئانانۇرخان قايتىپ كېلىپ ئانىسىنىڭ ناھايىتى سولغۇن، نەچچە يىللار ئېغىر كېسەل ئازابىنى تارتقان ئادەمدەك تۈگىشىپلا كەتكىنىنى، يۈزلىرىنىڭ بىر كۈندىلا ياداپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. كۆڭلىدە مۇتەئەسسىپ دادىسىنى ئانىسىنى قاتتىق رەنجىتكەنمىكىن دېگەنلەرنى گۇمان قىلىپ:

— ئاپا، بىرەر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟ بىر كۈندىلا شۇنچە ياداپ كېتىپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ئانانۇرخان.

ئانا يىغىدىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇۋېلىپ:

— يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ قىزىم، — دېدى ۋە يەر تېگىدىن موللاخۇنغا قاراپ قويدى.

موللاخۇن ئائىلىنىڭ تويىنىڭ ھەممە گەپلىرىنى ئانانۇرخانغا ئېيتىپ، ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئانا ـ بالىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ گېپىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىپ، ئانانۇرخانغا باشقا ئىش تاپشۇردى.

ئانانۇرخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن موللاخۇن:

— ئانىسى، كۆڭلۈم ئاغرىمىسۇن دېسەڭ، ئەتىگىچە تويىنىڭ گېپىنى ئانارغا دېمە! ئەگەر ئۇ ئاڭلاپ ئىش بۇزۇلىدىغان بولسا مەندىن ئاغرىنمىغىن! — دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ئانانۇرخان كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ «يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ» دېگەن گېپىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى، شۇنداقلا، بۇ گەپ سىرلىق بىلىنىپ كۆڭلىدە تۈگۈن پەيدا بولدى، ئەمما نېمىلىكىنى پەقەت بىلەلمىدى.

# 5

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، موللاخۇن مەھەللىدىكى تويلاردا دائىم قىز يەڭگىسى بولىدىغان ئايالغا بىر كىيىملىك ئاددىي رەخت بېرىپ، قىزى ئانانۇرخاننى كۆچۈرۈپ كەتكۈچە ئۆيدىن چىقارماي ساقلاپ بېرىشكە چاقىرىپ كەلدى. ئانانۇرخان ئۆيگە نەزەربەند قىلىنغاندىن كېيىن ئاپىسى يىغلاپ تۇرۇپ ئىككى كۈندىن بېرى بولۇنغان ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بەردى. داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالغان ئانانۇرخان «ئاپا» دەپ يىغلاپ ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىغا باش قويۇپ خۇدىنى يوقاتقان هالدا يىغلىدى. ئۇنىڭغا شۇ ئايانكى، ئەمدى قارشىلىق قىلىپمۇ، قېچىپمۇ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئانانۇرخان بىر هازا يىغلىغاندىن كېيىن ئەس ـ هوشىنى يىغىپ بىر پارچە قەغەز ئالدى ـ دە، ئۆز ئەلچىلىرىنىڭ غېمىدە يۈرگەن جېلىلغا بولۇنغان ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ خەت يازدى ۋە سىڭلىسى مەستۈرەنى چاقىرىپ مەخپىي هالدا خەتنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ:

— جېنىم سىڭلىم، هېچكىمگە بىلدۈرمەي بۇ خەتنى جېلىل ئاكاڭغا بېرىپ كەل، جېلىل ئاكاڭ بولمىسا ئۇنىڭ ئاپىسى مەخان چوڭ ئاناڭغا بېرىپ، جېلىل كەلگەن هامان بېرىشنى ئېيتىپ قايتىپ كەل، يۈگۈر، تېز بار سىڭلىم! — دېدى.

مەستۈرە ئاچىسىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇ، كېيىككە تەك سەكرەپ چىقىپ كەتتى. ئانانۇرخان قۇتۇلۇشىنىڭ نۇرغۇن يوللىرىنى ئويلاپ، كۆڭلىنى بىر يەرگە توختىتالماي، جېلىلدىن ئۈمىد كۈتۈشكە باشلىدى. ئانانۇرخان كۆڭلىدە: «ئەگەر، جېلىل بىر ياققا كەتكەن بولۇپ، ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ قاچان قۇتقۇزغىچە ۋاڭغا خوتۇن بولۇپ تۇرىمەنمۇ؟ ياق، ياق، بىر كۈن، هەتتا بىر دەملىككە بولسىمۇ خوتۇن بولسام بولمايدۇ! ئۇنىڭدىن كۆرە، جېلىل سوقۇپ بەرگەن ئۈستىرا

يېنىمدا، ئۆلۈپلىۋالسامچۇ؟ ... ياق، ياق، مۇنداقلا ئۆلۈۋالسام قانداق بولغىنى! توختا، ئەھۋالغا قاراي، ئامال بولماي، نۇرغۇن خوتۇن - قىزلارغا ئوخشاش كۈنگە قالار بولۇپ قالسام ... ۋاڭ ھەرقانچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ پاك قەلبىمنى ئۇنىڭغا ئاياغ ئاستى قىلغۇزمايمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى - دە، ئىچ يانچۇقىدىكى جېلىل سوقۇپ بەرگەن ئۇستىرىنى سىلاپ قويدى.

توي كۆچۈرگۈچىلەر داغدۇغا بىلەن يېتىپ كېلىشتى. بۇ تويدا ھەممىدىن بەكرەك خۇش بولغىنى موللاخۇن ئىدى. سارىخان لولىنىڭ قولىدىكى بوپىنى ئاچ كۆزلەرچە يۇلۇپ ئالغان موللاخۇن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىردەمدىلا باشقىچە ھالدا توي ئەھلى ئارىسىدا پەيدا بولدى. شۇ تاپتىكى ئۇنىڭ قىلىقىغا قولۇم - قوشنىلىرى ھەيران قېلىشتى: موللاخۇن ۋاڭ تارتۇق قىلغان بەقەسەم يوللۇق پەرىجىنى كىيىپ، بېشىغا ئاق شايىدىن سەللە ئوراپ، مەھەللىدىكى مۇبارەكلەپ كەلگۈچىلەرگە گىدەيگىنىچە سالام بەرسە، ئوردىدىن توي كۆچۈرگىلى كەلگەنلەرگە كۈچۈكلىنىپ خۇشامەت قىلاتتى.

تولا يىغلاپ ئانانۇرخاننىڭ ئۈنلىرى پۈتۈپ كەتتى. ئۆز خۇشلۇقىدىن باشقىنى ئويلىماس بولۇپ قالغان موللاخۇن بولسا كۆڭلىدە: «توي دېگەندە كۈلكە بىلەن يىغا بولىدۇ» دەپ قىزىنىڭ يىغىسىغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى. نىكاھمۇ ئوقۇلدى، جېلىلدىن تېخىچە خەۋەر يوق! ئانانۇرخاننىڭ داد - پەريادىغا قارىماي تۆت كىشى ئۇنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، مەپىگە تاشلاشتى. بىچارە ئايىسخان ئانا يۈرىكىنى تۇتقىنىچە يىغلاپ يىقىلدى. ئانانۇرخان مەپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كەتمەكچى بولغاندا، بىرنەچچە قول ئۇنى ئامبۇردەك قىسىۋېلىشتى. بۇنى قىز كۆچۈرۈش دېگەندىن كۆرە، قىز بۇلاش دېسە توغرا بولاتتى.

خۇددى بۇلارنى كۆزى كۆرمەيۋاتقاندەك تۇرغان موللاخۇن ئاق يول تىلەپ خۇشاللىق بىلەن دۇئا بەرگەندىن كېيىن، ئانانۇرخاننىڭ قايغۇلۇق يىغىسى ئىچىدە مەپە يۈرۈپ كەتتى.

## ئون يەتتىنچى باب

# تورزۇغان گۈل ۋە شەرمەندىلەرچە ئۆلۈم

### 1

ئانانۇرخان يولدا تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى ۋە ئاخىر كېلىپ بىرئاز تىنچلاندى. سارىخان لولا بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇۋەردى. بولمىسا ئۇ خېلىدىن بېرى كىشىلەرنىڭ مەيدىكى ئېچىنىشلىق يىغىدىن ئەجەبلىنىپ، مەيگە گۇمانلىنىپ قاراۋاتقانلىقىدىن ئارامسىزلىنىپ ئولتۇرغانىدى.

ئوردىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن سارىخان لولىنىڭ يۈزىگە سۈ سېپىشى بىلەن ئۇ ھوشىغا كەلدى.

— خېنىم ئاغىچام، ئىززەتلىرىنى بىلىپ تولا يىغلاۋەرمىسىلە، جەننەتكە كېتىۋاتىدىلا، — دېدى سارىخان لولا زەردە بىلەن.

— جېنىم ئاچا، مەن ئوردىنىڭ لايىقى ئەمەس، مېنى بېگىمدىن تىلەپ ئاجرىتىپ قويسىلا، — دەپ يالۋۇردى ئانانۇرخان.

— سىلى لايىقمۇ ئەمەسمۇ، سىلى ئەمەس، ۋاڭ خوجام بىلىدۇ خېنىم، — دېدى سارىخان لولا ھاياسىزلارچە كۈلۈپ.

ئانانۇرخان يەنە يالۋۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭچە مەپە يوغان قارا ئىرمۇگىدىن [1] كىرىپ توختىدى. سارىخان لولا باشلىق

---

[1] ئىرمۇك — چوڭ دەرۋازا.

نەچچە ئايال ئانانۇرخاننى مەيدىن سۆرەپ ئېلىپ چۈشتى.
تەييار تۇرغان كاھلاردىن تۆت نەپىرى ئېلەك - سىلەك بولۇپ قالغان ئانانۇرخاننى گىلەمگە سېلىپ كۆتۈرۈپ 41 تارتمىدىمۇ بىر توختىماي دېگۈدەك چىقىپ ۋاڭنىڭ مەخسۇس خانىسىغا ئېلىپ كىرىشتى.
ئانانۇرخاننىڭ يۈزىگە يەنە سوغۇق سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن سارىخان لولا:
— خېنىم، كۆزلىرىنى ئېچىپ، تۇرغان ئۆيلىرىگە قاراپ باقسىلا، بۇنداق ئۆيلەرگە يىل - يىللاپمۇ قوڭمىزنى قويۇش نېسىپ بولمايدۇ. ئەجەبمۇ تۇغۇۋېتىپتىكەن ئۇ خوتۇن ... ھە، بولدى، تولا يىغلاۋەرمەي، بېگىمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ئوردىدا يۈز - ئابرۇي تېپىشنى ئويلىسىلا، — دېدى.
— ئاچا، ماڭا رەھىم قىلىپ مېنى بۇ دوزاختىن چىقىرىۋەتسىلە! — دېدى ئانانۇرخان سارىخان لولىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ.
— ئاغزىمغا كەلدى دەپ جۆيلۈمىسىلە خېنىم. نىكاھلىرى ئوقۇلۇپ بېگىمنىڭ ئەمرىگە ئۆتتىلە! بۇ سەت چىرايلىرىنى بېگىمگە كۆرسەتمەي، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بېگىمنى كۈتۈشكە تەييارلانسىلا، — دېدى سارىخان لولا.
ئانانۇرخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قايتىدىن يىغلاشقا باشلىدى. تولا يىغلاپ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇغانىدى، شەھلا كۆزلىرىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى.
ئوردا كېنىزەكلىرىدىن نەچچىسى ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ داستىخان كەلتۈردى. ئۇنى تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن ئۇ: «گېلىمدىن بىر نېمە ئۆتمەيدۇ» دەپ زادىلا يېمىدى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئانانۇرخاننىڭ كىيىملىرىگە ئەتىر سېپىشتى، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى مەجبۇرىي يۇيدى.
ئۇ ئۇنسىز ئىندا قىلاتتى: «جېلىل! مېنىڭ خېتىمنى ئوقۇپ قانچە ئازابلىنىۋاتقانسەن؟ قىلتاقتا چۈشۈپ دوزاختا بەند

قىلىنغان ئانارىڭنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ ئۆزۈڭ سوققان قىلىچىڭنى كۆتۈرۈپ كەل، بۇ زالىملارنىڭ بويىنىنى ئۇزا! ...»

كېنىزەكلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى، بىر ئىشلارنى ئۆگىتەتتى، بەزى نازلىق گەپلەرنى قانداق ۋاقىتتا قىلىش كېرەكلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيتتى ... ئەمما ئانانۇرخان ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۇچۇن قىلىۋاتقان گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي بۇ يەردىن تىنىچ قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئويلاۋاتاتتى: «گاڭ ھەرقانچە ۋەھشىي بولسىمۇ ئادەمغۇ، مۇسۇلمانغۇ؟ مەن ئۇنىڭغا خۇدانىڭ نامى بىلەن يالۋۇرسام، ئۆزۈمنى تىلىسەم مېنىڭ نالە ـ پەريادلىرىمغا قاراپ رەھىم قىلسا ئەجەب ئەمەس. ھېچبولمىغاندا جېلىلنىڭ سوقۇپ بەرگەن ئىتتىك ئۇستىرىسى يېنىمدا، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ، ئىلگىرى ئاياغ ئاستى قىلىنغان خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئىنتىقامىنى بىراقلا ئالارمەن» ئۇنچىۋالا يىغلاشنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئانانۇرخان ئاخىر شۇنداق قارارغا كەلگەن بولدى.

تۇرۇپ ئۇنىڭغا جېلىل كېلىپ قۇتقۇزۇۋالىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

«جېلىل ئامال قىلىدۇ، قۇتقۇزۇۋالىدۇ» دېيىلگەندە، ئالدى بىلەن يەردىن يىگىرمە نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوردىغا كىرەلىسە، ئاندىن مۇمكىن.

توققۇز ئىشىك، تارتما، ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئوردىغا كىرمەك بىر گەپ. شۇنداقتىمۇ ئانانۇرخان جېلىلدىن ئۈمىد كۈتۈپ دېرىزە ۋە ئىشىككە ئۈمىد بىلەن دەممۇدەم قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

بارغانسېرى كەچ بولماقتا. كېنىزەكلەر ھەشەمەتلىك ياسالغان ئۆيگە ماموق تۆشەكلەرنى راسلاپ «يىگىت»نى ھۇجرىغا ئەكىرىشكە تەييارلانماقتا. ئانانۇرخاننىڭ ئۈمىدى ئۇزۇلۇشكە باشلىدى. «خەير، جېلىل!» ئۇ ئۇستىرىنى ئاستا تۇتۇپ قويدى.

# 2

مەستۇرە خەتنى ئېلىپ بارغىنىدا جېلىل يوق ئىدى. ئۇ تاڭ سەھەردىلا نېمە ئىش بىلەندۇر بازارغا كەتكەن بولۇپ، ئەتىسى چىقماقچىكەن. شۇڭا مەستۇرە ئاچىسىنىڭ تاپشۇرغىنى بويىچە خەتنى مەخان چوڭ ئانىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ دەردۇ ئەلەملەردىن بىخەۋەر يۈرگەن جېلىل بىرمۇنچە بازارلىق ئېلىپ ئەتىسى ئاشۋاقتى بىلەن ئۆيىگە قايتتى.

ئانىسى خەتنى ئېلىپ ئوغلىغا ئۇزاتقاندا، جېلىل ئانانۇرخانىنىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خەتكە ئالدىراش كۆز يۈگۈرتتى، خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك كىشىم جېلىل، بىز جاھانغا يورۇقلۇق بەرگۈچى قۇياشنى گۇۋاھ قىلىپ ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈشكە ۋەدىلەشكەنىدۇق، ئارىغا تىكەن ئۈندى، زالىم سۇلتان مامۇت بىزگە سەزدۇرمەي مېنى بۈگۈن مەجبۇرىي ئۆز نىكاھىغا ئالدى، تەمەخور دادام مېنى ئۆيگە بەند قىلىپ قويدى. بۇ تاسادىپىي ئىشتىن گاڭگىراپ قېلىپ، سىزدىن ياردەم كۈتۈپ بۇ خېتىمنى يازدىم. ماڭا ئامال يوق، ئازدىن كېيىن مېنى قان يىغلىتىپ ئېلىپ كېتىدۇ، پاك قەلبىمنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ!

ياق جېلىل، ماڭا ئىشىنىڭ! مېنىڭ قەلبىم سىز ئۈچۈنلا ھايات! تەۋەررۈكىڭىز يېنىمدا، ئۆزۈمنى پاك ساقلاش ئۈچۈن ئېلىشىمەن. ساق قۇتۇلسام كۆرۈشەرمىز، قۇتۇلالماي ئۆلۈپ كەتسەم مەندىن رازى بولۇڭ! بۇ زالىملاردىن قىساس ئېلىڭ!

مەن سىزنى جەننەتۇل مەئۋادا ئاشىقلارنىڭ شاھلىرى بىلەن كۈتىمەن.

دەرد كەلدى، دەپ باشىمگە
مەن نامىمنى ساتماسمەن.

بۇ دۇنيادا تارتقاننى،
ئاخىرەتتە تارتماسمەن ...

قەپىسىڭىزگە بەند قىلىنغان مەڭگۇ سىزنىڭ ئانارىڭىزدىن.»

خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جېلىل «ئاھ» دېدى ـ دە، يۈرىكىگە ئاغرىق كىرىپ سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يىقىلدى. مەخان ئانا ئالدىراپ قالدى. ئوغلىنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ يىغلىغىنىچە خەتنى بەرگىنىگە پۈشايمان قىلىشقا باشلىدى. مەخان ئانا ئوغلى بىلەن ئانانۇرخاننىڭ يىلتىزى چىڭ، پاك مۇھەببىتىنى تېخى بىلمەيتتى.

دەل شۇ چاغدا جېلىلنىڭ يېقىن دوستى مۇسا كىرىپ كەلدى. مەخان ئانا ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، جېلىل ھوشىغا كېلىپ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قوزۇقتىكى يېڭىلا سوقۇپ تەييارلىغان قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ «قىساس ئالىمەن» دەپ ۋارقىرىدى.

قورقۇپ كەتكەن مەخان ئانا بالىسىنىڭ قولىغا يېپىشىپ:

— نېمە ئىش بالام، نېمە قىلىمەن دەيسەن؟ — دېدى.

— ئانا، زالىم گاڭ مېنىڭ ئانارىمنى بۇلاپ كېتىپتۇ. مەن ماموت دېگەن تاز پادىچىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ قىساس ئالىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى جېلىل. شۇندىلا ئانا گەپنىڭ تېگىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— بالام، گاڭلار بىلەن تەڭ بولغىلى بولمايدۇ، لىگالار زۇلۇمغا چىدىماي يېغا قىلىپ باققان، تەڭ بولالماي ھەممىسى بىگۇناھ ئۆلدى، سەۋر قىلغىن، — دېدى ئانا كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا.

— ياق ئانا، ماڭا دۇئا بەرگىن، مەن قىساس ئالىمەن، بۇ يولدا ئۆلسەممۇ مەيلى، — دېدى جېلىل.

مۇسا تەسەللى بەرگەچ گەپكە ئارىلاشتى:
— جېلىل ئاداش، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن گەپ بار. مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلايلى، ئانانۇرخاننى ئوردىغا ئەكىرىپ كەتمىگەن چاغ بولسا ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئوڭاي ئىدى. ئەمدى ئوردىغا كىرمەك تەس، شۇنداقلا بارساڭ ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىسەن، ئانانۇرخاننى قۇتقۇزغىلىمۇ بولمايدۇ.
— مۇسا ئاداش، چىداپ تۇرالمايۋاتىمەن، ئانارىم نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ؟ مەندىن قانچە ئاغرىنىۋاتىدىغاندۇ؟ — جېلىل قىلىچىنى يەرگە كۈچ بىلەن سانجىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ھالىغا مۇسا پەقەت چىدىمىدى. شۇڭا ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئېيتتى:
— مېنىڭچە، مۇنداق قىلايلى، ئاغىنىلەرنى يىغىپ، مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ھەممىمىز خەنجەرلەرنى يوشۇرۇپ، چوڭ بىر دەۋا ئىشى بىلەن گاڭنىڭ ئالدىغا كىرىش پۇرسىتىنى قىلايلى. بىر نەچچىسى ئىشىك ئالدىدا قالسۇن، ئوردىدا ھازىر مەخسۇس ئەسكەر يوق ①، بىزدىن دىۋان بېگى، توپ بېشىغا ئازراق نەرسە كېتەر، بىر ئامال قىلىپ ۋاڭ بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلىسەكلا ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ. گاڭ دېگەنلەرنى تىرىپىرەن قىلىپ، ئانانۇرخاننى ساق قۇتقۇزالايمىز.
مۇسا ئاغىنىلىرىنى چاقىرغىلى كەتتى. جېلىل چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا يېتىپ قالدى. ئانىسى بولسا ئۇنى بىرنېمە بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ چۆرگىلەپ يۈردى. جېلىلنىڭ خىيالىدىن تۈرلۈك نەرسىلەر ئۆتەتتى: ئەنە ئانانۇرخان قان - ياشلىق كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكمەكتە، ئېنىقكى، ئۇ جېلىلنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئەنە، ئۇ ئۈمىدسىزلەندى،

① ئوردىدا ئەسكەر يوق — شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تۇرپان ئىناچىخانلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى مەخسۇس ئەسكەر - چېرىكلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

ئېچىنىشلىق نالە قىلدى، پەرياد ئۇردى ...«ھەي، ئەسلى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپتىكەن ـ دە. مەن بىخۇدلۇق قىلىپ نېمىشقا ئۇنىڭ سۆزىنى ئويلاپ باقمىدىم، ئۇنى قورۇقداپ يۈرمىدىم؟ قېنى، مەن بار، سىزگە ھېچكىم چېقىلالمايدۇ، دەپ مەيدەمگە ئۇرغانلىرىم؟ مانا ئەمدى نېمە قىلالىدىم؟ قولۇمدىن نېمە كەلدى؟ ئىسىت!― جېلىل ئېچىنىشلىق ئاھ ئۇرۇپ كەتتى، پۇشايمان قىلدى، ― جېنىم ئانار، شۇڭا ماڭا ئۇستىرا سوقتۇرۇپسىز ـ دە، مېنىڭدەك ئەقلى يوققا ئىشىنەلمەي شۇنداق قىلىپسىز ـ دە! ئالدىڭىزدا گۇناھكار بولدۇم. ماڭا لەنەت ئوقۇڭ، مەنمۇ يىگىتمۇ؟ سىزگە لايىق يىگىتمۇ؟» جېلىل ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلەپ كەتتى ...

زەمزەم سۈيى بۇلاقتا،
ئالتۇن ھالقا قۇلاقتا.
ئىستىكىنە ئانانۇر،
يەر ئاستىدا سولاقتا.

مۇسا ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كەلدى.

بۇ ئىشنى ئاڭلىغان ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسى جېلىلغا ئىچ ئاغرىتىشتى. كېيىن ئۇ ئۇنداق دەپ، بۇ بۇنداق دەپ ئامال كۆرسەتتى. ھەتتا بەزىلەر جېلىلغا پەيلىدىن يېنىشنى، بۇنىڭغا قەتئىي ئامال قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ نەسىھەتمۇ قىلدى. بىراق جېلىل ئۇنىماي تۇرۇۋالغاچقا، ئاخىر مۇسانىڭ تەكلىپى بىلەن چوڭ يەر دەۋا ئىشى ئۈچۈن ۋاڭغا ئەرزگە كىرىپ، بۇ «ئەرز» سەۋەبى بىلەن ئېگىز ئوردىغا چىقىپ، ئاسما كۆۋرۈكنى تارتىۋېتىپ ئوردىدىكىلەرنى جايلاپ، ئانانۇرخاننى قۇتقۇزۇش؛ ئەگەر ۋاڭ قوبۇل قىلىشنى ئۇنىمىسا ئوردا كېنىزەكلىرىدىن بىرىنى پۇل بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، ئانانۇرخانغا خەۋەر بېرىپ

ئىچى ۋە سىرتىدىن ماسلىشىش پىلانى ماقۇللاندى. ئەمما ھەرىكەت باشلايدىغان چاغدا بۇ 12 كىشىدىن ئىككىسى ئۆيىگە بېرىپ كېلىش باھانىسى بىلەن كېتىپ كەلمىدى. جېلىل، مۇسا باشچىلىقىدا ئون ئادەم تولۇق، مەخپىي قوراللىنىپ دىۋان بېگى، توپ بېشىغا بېرىدىغان سوۋغىنى ئېلىپ، دەۋاگەرلەرنى بېكىتىپ چىققى چوش بىلەن يولغا چىقتى.

ئۇلار مەھەللىدىن ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىرچە ئۇزىغاندى، قوش ئاتلىق بىر هارۋا ئۇچرىدى. هارۋىدا ئىككى ئەر، ئىككى ئايال ئاق يېپىلغان بىر ئۆلۈكنى ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنى كۆرگەن جېلىلنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇلار هارۋىدىكىلەرگە سالام بەرگەندىن كېيىن مۇسا:

— نەگە مېڭىشتىلا؟— دەپ سورىدى.

هارۋىدىكىلەردىن بىرى:

— كېچە بىر كېلىشمەسلىك بوپتۇ. تۇنۇگۇن گاڭ بىر قىزنى ئاپتۇ، دېگەننى ئاڭلىغانىدۇق. ئەتىگەن نامازغا كېتىۋاتساق ئوردىنىڭ كەينىدە بىر قىزنىڭ ئۆلۈكى يېتىپتۇ. بۇنى ئوردىغا مەلۇم قىلىۋىدۇق، تەيجىلەر: «بۇ قىزنى ئاق تېرەك يېزىسىدىكى موللاخۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ ئەۋەتتى، شۇنىڭغا ئەكېتىۋېتىشىمىز، — دېدى.

تاقەت قىلالمىغان جېلىل ئۆزىنى هارۋىغا ئاتتى ۋە رەختنى قايرىپ قان ئۇيۇپ قالغان تونۇش چىرايىنى كۆرۈپ «ئانار، مېنىڭ ئانارۇم» دېگىنىچە ئۇن سېلىپ يىغلاپ هوشىدىن كەتتى. هارۋىدىكىلەر دەسلەپ هاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. كېيىن ئەھۋالنى چۈشىنىشىپ جېلىلنىڭ هالىغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆز يېشى قىلىشتى. مۇسا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— بۇ قىزنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئۇقۇشتىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاڭلىشىمىزچە، بۇ باتۇر قىزكەن، گاڭغا تىغ سېلىپ، ئۆزىنى ئوردىنىڭ كەينى پەنجىرىسىدىن تاشلاپتىكەن، بېشى

تاشقا تېگىپ بولالماپتۇ، ــ دېدى ھارۋىدىكىلەر.
ــ سۇلتان ماموت نېمە بوپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى يەنە بىرەيلەن.
ــ كېچىلا گاڭنى ئارشاڭغا ئەكېتىپتۇ، دېگەننى ئاڭلىدۇق، ــ دېدى ھارۋىكەش.
ــ نېمە بوپتۇ؟
ــ تازا ئۇقالمىدۇق، ــ دېيىشتى ھارۋىدىكىلەر. بۇ چاغدا ئۆزىگە كەلگەن جېلىل غەزەپ بىلەن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ:
ــ ئانانۇرۇم ئۇچۇن قىساس ئالىمەن، ھازىر ئارشاڭغا چىقىپ گاڭنى ئۆلتۈرىمەن، ــ دەپ ۋارقىرىدى.
مۇسا ھارۋىدىكىلەرگە ئانانۇرخان بىلەن جېلىلنىڭ ئىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بولمىسا ھارۋىدىكىلەر ئېھتىيات قىلىپ بەزى گەپلەرنى دېمەيۋاتقانلىقى ئېنىقلا ئىدى. مۇسا گېپىنى قىسقا قىلىپ تېزلا تۈگەتكەندىن كېيىن جېلىلنى يۆلىدى:
ــ جېلىل ئاداش، «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن گەپ بار، ھېسابىنى بۆرە يېمەيدۇ. ئالدى بىلەن ئانانۇرخاننى يەرلىكىدە قويۇپ، ئاندىن مەسلىھەت قىلايلى.
ــ شۇنداق، گاڭغا كىم كىرىپ كۆتۈرۈپ قارىيالىغان، بۇ قىز قورقماي تىغ سايتۇ، گاڭدىن قان توختىمايۋاتقۇدەك، دېيىشىدۇ، ــ دېدى ھارۋىدىكىلەردىن بىرى. بۇنىڭدىن مۇسا بىر نەرسىنى ھېس قىلغاندەك بولدى.
جېلىل بۇ گەپكە دىققەت قىلماستىن يىغلىغىنىچە:
ــ مۇسا ئاداش، ئانانۇرخاننى بۇ ھالدا كۆرۈپ قانداق چىدايمەن؟ تۈنۈگۈنلا ساپساق يۈرگەن ئادەم، بۈگۈن مۇشۇنداق ... بولدى، ماڭمۇ جان كېرەك ئەمەس، ــ دېدى.
مۇسا ۋە باشقا ئاغىنىلىرىنىڭ نەسىھەتى بىلەن جېلىل ئاخىر ھارۋىكەشلەر بىلەن كەينىگە ياندى.
ھارۋا موللاخۇنىنىڭ ئىشىكىدە توختىغىنىدا جېلىل

سەنتۇرۇلگىنىچە «ئانانۇرۇم» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى. يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئايسىخان ئانا، مەستۇرە ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى. جىلىل ئۆزىنى ئايسىخان ئانىغا ئاتتى. ئايسىخان ئانا هارۋىدىكى ئانانۇرخاننىڭ هالىتىنى كۆرۈپلا ئۈن سېلىپ يىغلاشقىمۇ مادارى يەتمەي، قايغۇ ـ ئەلەم بىردىن گېلىنى سىققاندەك بولۇپ خارتىلدىغىنىچە هوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. پېشىن نامىزىدىن قايتقان موللاخۇن ئەھۋالنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. تونىنى ھەۋەس بىلەن تىنىماي سىلاۋاتقان قولى دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى. تېخى ئۇ تونىنى ئاشۇنداق سىلاۋېتىپ قانداق ھۇزۇرلۇق خىياللارنى قىلغانىدى ـ ھە؟! ئەمما، بۇ قىسمەتنى كۆرۈڭ!! موللاخۇن ئاستا بېرىپ هارۋىغا قاردى. قارىغان هامان شۇ قىسقا دەقىقىدە ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدى، كۆزى نەملەندى، قارا تاش ئىچىدىن بىر تامچە سۇ سىرغىپ چىققاندەك، ئۇنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن يۈرىكىگە ئۆلاقلىق كۆزىدىن ياش سۈيۈقلۇقى «مۆللىدە» يامراپ چىقتى. ئاتا ئۆلگەن بىلەن ئاتىلىق مېھرىنىڭ ئۆلمىكى نېمىدېگەن تەس ـ ھە! شۇنداق، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە موللاخۇن ئۆزىنىڭ تەمە بىلەن ئۆتكەن بۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغاندەك يۈرىكى قاتتىق مۇجۇپ ئاغرىپ كەتتى ... ئەمما، ئەمدى قانچە پۇشايمان قىلسىمۇ نېمە پايدىسى؟

ئانانۇرخاننى هارۋىدىن ئاۋايلاپ چۈشۈرگەندىن كېيىن، موللاخۇن ئائىلىسىدە هازا باشلىنىپ كەتتى.

## 3

قەبرىستانلىق، نۇرغۇن قەبرىلەردە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۈزۈلمىگەن يۈرەك رىشتىسى چىگىكلىك تۇرماقتا، ھەربىر قەبرە ھەربىر كىشى ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ قانچىلىك

ئىكەنلىكىنى، قانداق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرماقتا ئىدى.

جېلىل ئانانۇرخاننىڭ تۇپرىقىغا باش قويغىنىچە «ئانانۇرۇم، ئانانۇرۇم» دەپ پىچىرلاپ ياتاتتى. نەچچە كۈندىن بېرى تولا يىغلاپ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇغان، ئاۋازى پۈتكەنىدى. ئۇنى قانچە قېتىم قەبرە بېشىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك يەنىلا قەبرە بېشىغا بېرىۋالغانىدى. مۇسا كېلىپ:

— جېلىل ئاداش، ئەتىدىن - كەچكىچە ئاھ ئۇرغان بىلەن، قەبرىنى قۇچاقلاپ يىغلىغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ئانانۇرخاننىڭ يازغان خېتىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ ئۇ، سېنى قىساس ئال! دېگەن ئەمەسمۇ؟ يۈر، ئاغىنىلەر ساقلاپ قالدى، — دەپ ئۇنى تۇپراق بېشىدىن قايتۇرۇپ كەلدى.

«توغرا، ئەمدىلىكتە قۇرۇق يىغىدىن نېمە پايدا؟» جېلىل يېڭىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك قايتىدىن قىساس ئوتىدا ياندى.

ئۆيگە جېلىلنىڭ ئاغىنىلىرى يىغىلغانىدى. جېلىل نەچچە كۈندىن بېرىقى قەلبكە سىغدۇرغۇسىز ئازاب بىلەن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ خېلىلا يادىغانىدى. لېكىن ئۇ قىساس ئېلىشنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭدا تەڭداشسىز بىر كۈچ - قۇدرەت ئۇرغۇيتتى. ئۇلار مەسلىھەتكە كىرىشتى:

— ئاغىنىلەر، ئارىشاڭغا چۇشۇشكە ئادەملەر داۋاملىق بېرىپ تۇرىدۇ، سۇلتان مامۇت ھازىر دەل ئارىشاڭدا، بىز ئارىشاڭغا چۇشكۈچىلەر قىياپىتىدە بولۇپ بارايلى - دە، ئانانۇرخاننىڭ ھېسابىنى قىلىۋېتىپ قايتايلى، — دېدى مۇسا.

— بۇ گەپ جايىدا بولدى، ئەمما ... سۇلتان مامۇتنى يوقىتىپ قىساس ئالغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت بىزنى تىنچ قويمايدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى بىرەيلەن.

— گاڭلا يوقىلىدىكەن، ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى بىرنەرسە دەپ بولمايدۇ، — دېدى مۇسا، — جاننى ئالىقانغا ئېلىپ

چىققاندىكىن، ھەرنېمە بولسا قورقمىغۇلۇق.

— مەن جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، ئېگىز ئوردىنى كۆيدۇرىمەن، گاڭنىڭ ئەۋلادىنى، يالاقچىلىرىنى قىرىمەن، — دېدى جېلىل.

— سۇلتان مامۇت گاڭ بولغاندىن بۇيان ئالۋان، باج - سېلىق ئېغىرلاپ بىز نامراتلارنىڭ ھالىمىزنى قويمىدى. ئۇ ھايۋان ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، پۇقرا بىلەن كارى بولمىدى. قىساس ئۇچۇن كۆتۈرۈلدۇقمۇ، ھەرگىز كەينىمىزگە يانمايمىز. سۇلتان مامۇتنى يوقاتمىغىچە توختىمايمىز، — دېدى مۇسا بايىقى گېپىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىپ.

— يا گاڭنى خۇپىيانە ئۆلتۈرۈۋېتەلىسەكقۇ بىزنى ھېچكىم بىلەلمەي قالىدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ. بۇ گەپنى ھەممەيلەن ماقۇل كۆردى.

شۇنداق قىلىپ، ھەممەيلەن مۇسانىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ يول تەييارلىقىغا كىرىشتى. بۇ يەردىن ئارشاڭغىچە 140 يول ئارىلىق بولۇپ، ھەممەيلەن ئۆيلىرىدىكى ئاتلىرىنى مىنىپ تاڭنا[1] كېچە مەخپىي يولغا چىقىشقا كېلىشتى. ئەتىسىلا كىشىلەر ئاغزىدا «سۇلتان مامۇت ئارشاڭدا ئۆلۈپ قاپتىكەن، ئوردىغا قايتۇرۇپ كەپتۇ» دېگەن گەپ پەيدا بولدى. مۇسا سۈرۈشتۈرۈپ بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن ئارشاڭغا چىقىشتىن توختاپ قېلىشتى.

## 4

مۇسا تىنىڭ - تىڭلاپ يۈرۈپ سارىخان لولا ۋە بىرقانچە كېنىزەكنىڭ سۆزلەپ يۈرگەنلىرىدىن ئانانۇرخان ئوردىغا كۆچۈرۈلۈپ بېرىلگەندىن كېيىنكى بولۇنغان ۋەقەلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقتى:

[1] تاڭنا — ئەتىسى.

ئانانۇرخان ئۇردىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن سۇلتان مامۇت كۆڭۈل خۇشلۇقىدا شاراب ئىچىپ تەڭشىلىپ، دەلدەڭشىگىنىچە خاس ھۇجىرىسىغا كىرىپ كەلدى. ئانانۇرخان بىللەن بىللە بولۇۋاتقان سارىخان لولا باشلىق كېنىزەكلەر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى. كېنىزەكلەر كەينىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان ئانانۇرخاننى سۇلتان مامۇت توسۇۋېلىپ:

— كىچىك پۇجۇڭ نەگە بارىسىز، مۇشۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز، ھارغانسىز، ئەمدى بىللە يېتىپ مۇڭدىشىپ ھاردۇق ئالايلى، — دېدى.

ئانانۇرخان تامغا يۆلەنگىنىچە لام - جىم دېمەي تۇراتتى.

— ھەي، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، كىيىملىرىڭنى يېشىپ يات، يۇرەك ئىشقىڭدا كۆيۈپ تۇگەي دېدى، — سۇلتان مامۇت تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ.

ئۆزگە قايتا - قايتا مەدەت بەرگەن ئانانۇرخان ئاخىر يىغا ئارىلاش:

— ئاجىز قۇللىرىغا رەھىم قىلسىلا بېگىم، مەن لايىقلىرى ئەمەس، مەن ئۆزۈمنى خۇدانىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرىدىن تىلىگىنىم، مېنى ئۇردىدىن ھەيدىۋەتسىلە، — دېدى. سۇلتان مامۇت كەيپىلىك ئىلكىدە قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— قورقما قىزچاق، مەن ساڭا ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن ئالتۇن بىلەزۈك ياسىتىپ بېرىمەن، جاھىللىق قىلمىغىن، مېنىڭ ئاچچىقىم يامانراق، كەل، ياتقىن، — دېدى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ. ئەمما ئانانۇرخان قولىنى سىلكىپ تارتىۋالدى. ئانانۇرخاننىڭ قورقۇپ، تىترەپ، تۈگۈلۈپ تۇرىدىغان قىزلارغا ئوخشاشمايدىغانلىقىنى بىلگەن سۇلتان مامۇتنىڭ تاقىتى تېخىمۇ تاق بولدى، شەھۋىتى ئەسەبىي تۇستە قوترىدى ...

ئەمما، ئالداشلارمۇ، تەھدىتلەرمۇ ئانانۇرخانغا كار قىلمىغاندىن كېيىن، سۇلتان مامۇت كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلاپ ۋەھشىي بۆرە قىياپىتىگە كىردى.

ئانانۇرخان ئالدىدا تۇرغان ئادەم سىياقىدىكى ھايۋانغا يىرگىنچ ۋە نەپرەت بىلەن قاراپ، يۈرىكىنى قىسىپ تۇرغان قورقۇنچنىڭ تۈگەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، شۇنچە كۆپ ئادەمنى تىترىتىپ يۈرگەن بۇ كىشىمۇ شۇنچىلىكلا ئادەم ئىكەنغۇ! بۇنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ يەتكەن ئانانۇرخان سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، جىلىل سوقۇپ بەرگەن ئۇستىرىنى كىيىمىنىڭ سىرتىدىن ئاستا تۇتۇپ قويدى.

ئانانۇرخاننىڭ كۈلۈشىنى ئۆزىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرگەندىن كېيىنكى ھېسسىيات قوزغىلىشىنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشىنىۋېلىپ، نەپسىنى تېخىمۇ باسالماي قالغان سۇلتان مامۇت ئانانۇرخانغا يېقىنلاشماقچى بولغانىدى، ئانانۇرخان:

— ماڭا تەگمىسىلە، يېقىن كەلمىسىلە بېگىم، ئۆزۈمنى سىلىدىن تىلىگىنىم، — دېدى ئاگاھلاندۇرۇش تەلەپپۇزىدا. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن سۇلتان مامۇت:

— ۋۇ، ئىززىتىنى بىلمىگەن پەس، نى - نى جاھىللار مېنىڭ قۇچىقىمغا كىرىپلا جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرگەن. مېنىڭ سېنى قانداق ئەيۋەشكە كەلتۈرىدىغانلىقىمنى كۆر، — دېدى ۋە ئىككى قولىنى يايغىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ ئانانۇرخاننى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدى.

ئاياغ ئاستى قىلىنغان نۇرغۇن خوتۇن - قىزلارنىڭ ئەتىنى بىراقلا ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئانانۇرخان ئۇستىرىنى ئاستا ئالدى ۋە ئۆزىنى چىڭ قۇچاقلاپ، تېخى جېلىلىنىڭ تىنىقىمۇ تەگمىگەن پاك لەۋلىرىگە ھاسىراپ - پۇشۇلدىغىنىچە سۆيۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان يالىڭاچ سۇلتان مامۇتنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۇچۈن ئىتتىك ئۇستىرىنى سېلىۋەتتى ...

سۇلتان مامۇت «ۋايجان» دېگىنىچە كېسىلگەن جان يېرىنى چاڭگاللاپ يىقىلدى.

— ئەمدى خوتۇنغا توي! — دېگىنىچە ئانانۇرخان يۈگۈرۈپ

دېگۈدەك ئوردا قورەسىگە چىقتى. ئىشىك بىلەن چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس، ئاسما كۆۋرۈك تارتىۋېلىنغان، ئىشىكتە بولسا قاراۋۇل بار، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ تۇرغىنىدا ھېلىلا قولغا چۈشىدۇ. ئۇ «جېلىل» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدى ـ يۇ، ئاۋازى يەقەت چىقمىدى. شۇ ۋاقىتتا ۋاڭنىڭ «ئادەم بارمۇ، كېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئاجىز ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمدى مۇشۇنداق تۇرۇۋەرسە ئانانۇرخاننىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ ئىككىلەنمەستىن، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئوردا قورەسىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى يىگىرمە نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى پەنجىرىدىن ئۆزىنى يەرگە ئاتتى ...

نۇرغۇن كىشىلەرگە سىرلىق بىلىنىدىغان ئېگىز ئوردىدىكى بۇ ھۇجرىلارنىڭ بىرىدىن بىر قىز — بىر ساداقەت، ۋاپا، پاكلىق قۇشى ئۇچۇپ چۈشتى. بۇ قۇش زۇلمەتلىك كېچە باغرىدا چاڭىلداپ سايراپ، ساپ قېنى بىلەن زېمىننى سۇغىرىپ ئۆتتى. ئېگىز ئوردىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن بۇ قۇش يەرگە قونۇش بىلەن نۇرغۇن ئارمانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ سايراشتىن قالدى. يىراقلاردىن ياڭراپ تۇرغان بىر ناخشا ئۇنىڭ پەرۋازىغا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلدى:

ئاناڭ ئايمۇ، ئاتاڭ كۈنمۇ،
تۇغۇپتۇ سەن قىزىلگۈلنى.
سېنىڭ كويۇڭغا سېلىپتۇ،
مېنىڭدەك بىر غېرىب قۇلنى.

ئەمدىلا ئورۇنلىرىغا كىرىپ ياتقان، ئەمما ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ ئۇيقۇسى قاچقان ۋاڭنىڭ ئاغىچىلىرى سۇلتان مامۇتنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئاڭلاپ ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلار يېڭى ھۇجرىغا ئالدىراپ كىرىشتى ـ دە، قانسىراپ ياتقان سۇلتان مامۇتنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتى.

ئاندىن ئىككىسى ئۇنىڭ تېگىگە كۆرپە سېلىپ، ئۇستىگە سۇلتان ماموت ئالدىنقى قېتىم بېيجىڭغا بارغاندا ئالغاچ كەلگەن، بىراق ئاغىچىلار ئارىسىدا تالاشتا قالغان گۇللۇك ئەدىيالنى يېپىپ قويۇشتى. ئوتتۇرانچى ئاغىچا بولسا دەرھال ئوردا تېۋىپى بىلەن باش تەيجىنى چاقىرغىلى ماڭدى.

بۇ ۋاق ئۇچۇن، ۋاڭلىق ئۇچۇن ناھايىتى سەتچىلىك ئىدى. شۇڭا ئۇلار دەرھال جابدۇنۇپ كېسىلگەن جايغا قان توختىتىش مەلھەملىرىنى چاپلاپ تېڭىپ، ئۇن نەچچە ئات بىلەن ئۆرتەڭ غولدىكى ئارىشاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار «بېگىمگە يامان جاراھەت چىقىپ قېلىپ ئارىشاڭغا داۋالانغىلى كەتتى» دېيىشكە بىرلىككە كەلدى. ئۇلار كېچىلەپ مېڭىپ تاڭغا يېقىن ئارىشاڭغا يېتىپ كېلىشتى. يولدا سۇلتان ماموت تولا ۋايساپ، ئىڭراپ، ئاغرىق دەستىدىن كىملەرنىدۇر تىللاپ ماڭدى. تېۋىپلار دەممۇدەم دورا يۆتكەپ، ئەڭ ئېسىل دورىلارنى ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئارىشاڭغا يېقىنلاشقانچە سۇلتان ماموتنىڭ ھالى خارابلىششقا باشلىدى. ئۇلار غولنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە، بۇرۇن مۇشۇ يەردە مەجبۇرىي زورلار بىلەن قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلغان بىرنەچچە لەشكەرنىڭ يۇرىكى تىترىگەندەك بولدى. ھەقىقەتەن يولدا نۇرغۇن ياشلارنىڭ قېنى ئاققان، يىگىتلىك غۇرۇرلار تاۋلانغان، نۇرغۇن چېرىكنىڭ بۇرنىدىن بۇلاق قايناتقان، خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلغان، شۇنداقلا نامەردلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىمۇ ئىسپاتلانغان بۇ يەردىن سۇلتان ماموت جان ھەلقۇمىدا خارتىلدىغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى ...

## 5

تاڭ سەھەر، سالقىنلىق غول ئىچىدىكى بارلىق جانلىقلارغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ۋۇجۇدىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت بالقىپ تۇرغان

27 ياشلاردىكى توختىنىياز ئۆستەڭدىكى سۈزۈك، مۇزدەك سۇ بىلەن يۇز ـ كۆزىنى يۇيۇپ تازا بىر راھەتلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېتىغا بوغۇز بەردى. شۇ چاغدا يىراقتىن ئاتلارنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كەينىگە بۇرۇلغان توختىنىياز بىر مۇنچە ئاتلىق كىشىنىڭ بۇياققا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. توختىنىياز: «ئەتىگەندە نېمە قىلغىلى كەلگەن كىشىلەردۇ بۇ؟» دەپ ئويلىنىپ تۇرۇۋىدى، ئۇ ئاتلىقلار ئۇدۇل ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. توختىنىياز ساناپ ئۇ ئاتلىقلارنىڭ 11 كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلارنىڭ ئات ۋە كىيىملىرى ئېسىل ئىدى. ئەمما بىر ئىش ئۇنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى ئاتلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ئاتقا باغلانغان جىرغىدا بىر كېسەل كىشى ياتقان ئىدى. بۇنى كۆرگەن توختىنىياز: «ھە، بۇلار ئۆرتەڭ ئارىشاڭغا كېسەل داۋالىغىلى ماڭغان كىشىلەر ئىكەن» دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا ئۆيدىن چىققان ئاپىسى ئاتلىقلارغا ئېگىلىپ سالام بېرىپ:

— ناشتا قىلىپ مېڭىشسىلا مېھمانلار، — دەپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئەمما ئۇلار جاۋاب بەرمەي يولىغا مېڭىۋەردى. سەلدىن كېيىن ئۇلاردىن بىرى كېلىپ توختىنىيازغا:

— كۆچۈك خېلى باردەك قىلىدۇ. بىزگە ياردەملەش، ئوبدان رازى قىلىمىز، — دېدى. ئىش يوق زېرىكىپ تۇرغان توختىنىياز بۇنىڭغا دەررۇلا قوشۇلدى.

— يەنە بىر ئادەم تاپالامسەن؟ — دېدى كەلگەن كىشى. توختىنىياز قوشنىسىنىڭ بالىسىنى چاقىرىپ كەلدى.

ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆرتەڭ ئارىشاڭغا ماڭغانىكەن، كەچكە يېقىن ئۆرتەڭ ئارىشاڭغا يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى سىرلىق بولۇپ، ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلىشمايتتى. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان توختىنىياز بىلەن قوشنىسى ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ بېقىپ بولدى قىلدى. ئۇلار توختىنىيازلارغا ئوتۇن يىغدۇرۇپ چاي قايناتقۇزۇپ قورساق توقلىدى. ئاندىن

توختىنىيازلارنى ئات بېقىشقا، كېچىچە ئاتلارغا ئوبدان قاراشقا بۇيرىدى. يەنە ئىككى كىشىگە كېسەلنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى ئۆيقۇغا كەتتى.

كېسەل كىشى كۆزىنى ئاچالمايتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ زەئىپ ئىڭرايتتى. بۇنداق چاغدا قارىغۇچىلار ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتاتتى. بىر چاغدا توختىنىيازلارنىڭمۇ ئۇيقۇسى كېلىپ، ئاتلارنىڭ پۇتىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

بىر چاغدا كۆتۈرۈلگەن قىيا ـ چىيا توختىنىيازلارنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چۆچۈپ كېتىشتى. چۈنكى كېچىچە قىيان كەلگەن بولۇپ، قىيان جىرغىنى ئېقىتىپ شەرق تەرەپتىكى توقايغا ئاپىرىپ قويغانىدى. ئاتلىقلارنى باشقۇرۇپ يۈرگەن بىرى ئېقىندىن كېچىپ ئۆتۈشتىن قورقتى بولغاي، توختىنىيازلارغا ۋارقىرىدى:

ــ نېمە قاراپ تۇرىسىلەر، تېز بېرىڭلار!

توختىنىيازلار ئالدىراپ ـ تېنەپ سۇغا چۈشتى ۋە ئۆز تەجرىبىلىرى بويىچە ئېقىن بويلاپ بېرىپ جىرغىنى ئېلىپ كەلدى.

جىرغىدىكى كىشى ئۆلگەنىدى. بۇنى كۆرگەن ئاتلىقلار قاتتىق يىغا ـ زار قىلىشتى. سەلدىن كېيىن ئۇلار تۆۋەنكى مەھەللىگە بېرىپ بىر ئۆيدە توختىدى ۋە توختىنىيازنى سۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇپ، مېيىتنى يۇيۇپ، كېپەنلىدى. توختىنىيازنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، ئىككى كىشى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋېلىپ مېيىت يۇيغان ئۆيگە ھېچكىمنى، ھەتتا، مۇشۇ مەھەللىنىڭ چوڭلىرىنىمۇ كىرگۈزمىدى.

ــ توختىنىيازكا، بۇلار نېمە قىلىدىغان ئادەملەردۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئىچى پۇشقان قوشنىسى.

ــ ئىشقىلىپ ئاددىي ئادەملەر ئەمەس. ھەققىمىزنى ئېلىپ ۋاقتىدا كېتىۋالىدىغانلىقىنىڭ ئېپىنى قىلىلى، ــ دېدى توختىنىياز.

مېيىت يۇيۇش ئىشلىرى تۈگىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار

مېڭىشقا ئالدىرىمىدى ھەمدە توختىنىيازلارنىمۇ كەتكىلى قويمىدى. پەقەت كۆن ئولتۇراي دېگەندە ئاندىن ئۇلار يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. شۇ چاغدا ئۇلارنى باشقۇرۇپ يۈرگەن كىشى توختىنىيازغا:

— بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە دېگۈچى بولماڭلار، — دېدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر خورجۇن ناننى تاشلاپ:

— مانا ھەققىڭلار، — دەپ مېيىتنى يەنە جىرغىغا سىلىپ مېڭىپ كېتىشتى.

ئۇلار يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن توختىنىياز ئۆينىڭ ئىگىسىدىن:

— نېمە ئادەملەر بۇ؟ ئەجەب يوچۇنلا، — دېدى. ئۆينىڭ ئىگىسى ئېھتىيات قىلغاندەك ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ:

— ئاغزىڭلارغا چىڭ بولۇڭلار، بۇ كاللا كېتىدىغان گەپكەن ئۇكىلىرىم. مەن ئۇلارنىڭ «ۋاي ئىست، خان خوجام ياشلا كېتىپ قالدى» دېيىشكىنىنى ئاڭلىدىم. ئۆلگىنى سۇلتان ماموت خوجا دېگەن شۇ ئىكەن، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان توختىنىياز «ھە!» دېگىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى ...

بۇ تارىخنىڭ 1900 - يىلى يازدىكى بىر بېتى ئىدى. سۇلتان ماموتنىڭ پادىچىلىقتىن ۋاڭلىققا تۇتاشقان ھايات قىسمىتى ئۆرتەڭ غولدا ئۆن - تىنسىز ئاياغلاشتى ...

## 6

ئوردا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماموتنىڭ چوڭ ئوغلى ئىمىن بىلەن ئاسىم تەيجى قالدى. بۇ كۈنلەردە ئاسىم تەيجى قېرىپ ھاسىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ماموتنى ئارشاڭغا يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئاسىم تەيجى:

— سۇلتان ماموت بېگىم مەن ئەكەلگەندە ناھايىتى ياخشى ئىدى، بىراق چوڭ دادىلىرى ئەفرىدۇن بېگىمدەك ئىلىم -

مەرپەت يولىدىكى ئادەم بولمىغاچقا نادانلىقتا غاپىل بولۇپ، ھېمىت كاھ، سارە جالاپتەك يالاقچىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ، بۇ سەتچىلىك بولدى، ھەممىنى ئۈگەتكەن ئاشۇ ھېمىت، كىچىك بېگىم پېقىرنىڭ گېپىنى لايىق كۆرسە ھېمىت كاھنى زىندانغا تاشلاپ، سارەنىڭ ھەممە نېمىسىنى تارتىۋېلىپ، ئوردىدىن ھەيدىمەك كېرەك، — دېدى ئىمىنغا.

ئىمىن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋاكىلىقتا ئولتۇرۇپ، ھېمىت كاھ، سارىخان لولىنى ئالدىدا ھازىر قىلىپ ئۇلارغا:

— سىلەر ئىككى شەيتان دادامنى ئالداپ يولدىن چىقاردىڭلار، بۇ گۇناھىڭلار ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇمسىلەر، مېنىڭدىن يارلىق: ھېمىت زىندانغا تاشلانسۇن، سارە ئوردىدىن قوغلانسۇن، — دېدى.

ئۇلار ئىتتەك پۇكلىنىپ، يەر سۆيۈپ نالە ـ پەرياد قىلغان بولسىمۇ، يارلىق ئىجرا قىلىندى ...

× × ×

سۇلتان مامۇتنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغان جېلىل ئەمدى كىمدىن قىساس ئېلىشنى بىلمەي قالدى. لېكىن قىساس ئالمەن دەپ قىلىچىنى تاشقا بىلەيتتى. ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى يەنە يىغىلىپ مەسلىھەت قىلىشتى. ئۇلار:

— زالىم گاڭ ئۆلگەن تۇرسا، ئەمدى كىمدىن قىساس ئالىمىز، — دېيىشتى. راستتىن ئۇلار كىمدىن قىساس ئېلىشنى بىلەلمەي بېشى قاتتى. جېلىل بولسا «قىساس ئالمىغىچە قويمايمەن» دەپ توۋلايتتى.

— جېلىل ئاداش، سەۋر قىل! زالىم گاڭ ئانانۇرخاننىڭ قولى بىلەن ئىت ئۆلۈمدە رەسۋا بولۇپ ئۆلدى. قىساس ئېلىندى دېگەن شۇ! قانچىلىغان بىگۇناھ جانلارنىڭ ئەنتى ئېلىندى، ئىش پۈتتى. كېيىنكى ئىشنى كېيىن كۆرمەيمىزمۇ، — دېدى مۇسا. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھويلىدا، قىلىچنى غەزەپلىك بىلىگەندىكى

ئاۋازىنىڭ ئورنىنى يىغانلىق، ھەسرەتلىك ناخشا ئاۋازى ئىگىلىدى:

ئاناڭ ئايمۇ، ئاتاڭ كۈنمۇ؟
تۇغۇپتۇ سەن قىزىلگۈلنى.
سېنىڭ كويۇڭغا سېلىپتۇ
مېنىڭدەك بىر غېرىب قۇلنى.

كېتەي دەيمەن، كېتەي دەيمەن،
ئاتام بىلەن ئانام قالسۇن.
غېرىب باشىمنى ياد ئەيلەپ،
مازارلارغا چىراغ ياقسۇن.

كارىزلاردا ئىش قىلدۇق،
چىغرىق بىلەن لاي تارتتۇق.
ئۆزىمىز كىچىك تۇرۇپ،
يار دەردىنى كۆپ تارتتۇق.

ئاتالاردىن ئايرىلدۇق،
ئانالاردىن ئايرىلدۇق.
شاپتۇلا چېچەكىدەك،
ئانانۇردىن ئايرىلدۇق.

ئاللا جان ئانا نۇرخان
شەرىڭگە مۇساپىرمەن ...

گەرچە، 1900 ـ يىلى شەھۋەتپەرەس ئىنانچىخان مامۇت ئۆلگەن بولسىمۇ، «كېيىنكى ئىشنى كېيىن كۆرمەك»چى بولۇپ پەسكويغا چۈشۈپ قالغان بۇ خەلق، كېيىنكى ئىنانچىخان ئىمىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا كۆرىدىغانىنى يەنە كۆردى.

# خاتىمە

مەجلىل زور (لىگا)نىڭ بالىلىرى شاتاھىر، شاھىت ۋە نىساخانلارنى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن خوتەنگە سۈرگۈن قىلغانىدى. ئۇلار بەش يىلدىن كېيىن يۇرتقا قايتىپ كەلدى.

يۇرت خەلقىمۇ ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۇرت خەلقى يۇرت كۆرگەن، تەدبىرلىك ئادەم شاتاھىرنى ئۆزلىرىگە دورغا قىلىپ سايلىۋالدى. گەرچە ۋاڭ ئوردىسى شاتاھىرنىڭ ياڭخىيغا دورغا بولۇشىغا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ياڭخى خەلقىنىڭ قاتتىق بېسىمى بىلەن ئوردىمۇ نائىلاج شاتاھىرنىڭ دورغىلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شاتاھىر دورغا ئۆزىنىڭ يەتتە ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتىنى يەنى ئامىر، كامىل، فازىل، يۇسۇپ، كازىم، نازىم، يۇنۇس، ئىپارخان (ئىپارخان بالىلىرىنىڭ چوڭى) قاتارلىق بالىلارنى نەسەب قائىدىسى بويىچە خەلپەت تەكلىپ قىلىپ ھەممىسىنى ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەبچە ئوقۇتۇپ، بىلىم ئەھلىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئاساس سالدى.

شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئائىلە تارىخىنى قىسقىچە يېزىپ كېيىنكىلەرگە قالدۇرالىغانىدى. شۇ چاغدا مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تۇرپان خەلقىگە سالغان ھەرخىل ئالۋان ـ ياساق سېلىقلىرى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن خەلق تۇرمۇشى ناھايىتى ئېغىرلاپ كەتكەنىدى. شۇڭا تۇرپان خەلقىنىڭ مۇستەبىت زالىم مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ۋە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى نارازىلىقلىرى كۈچىيىپ پەلەككە يەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئەينى چاغلاردا

قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن چىققان مەنچىڭ چېرىكلىرى تۇرپان خەلقىنى تالان - تاراج قىلىپ، خەلقنىڭ بىر قىسىم يەر - زېمىن، مال - دۇنياسىنى بۇلاپ - تالاپ ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، خەلقنى ھەددى - ھېسابسىز بوزەك قىلىشقا باشلىغانىدى. ھەتتا، تۇرپان ۋادىسىنىڭ بەزىبىر يېزىلىرىغا ئورۇنلىشىۋالغان ئىستىبدات مەنچىڭ چېرىكلىرى يەر ئىگىلەپ، گۆرۇخانا قۇرۇپ، جازانىخورلۇق قىلىش بىلەن تۇرپانلىقلارنىڭ قان - تەرىنى شوراشقا باشلىدى. شۇ مەزگىللەردە تۇرپان خەلقى ئىستىبدات چېرىك مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن زالىم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خەلققە يۈكلىگەن ھەر خىل سېلىقلىرىنى تۆلىيەلمەي، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغاندا «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، خەلقنىڭ جازانىخورلاردىن ئالغان قەرزىنىڭ ئۆسۈمى ھەسسىلەپ ئۆسۈشكە باشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن جازانىخورلاردىن جازانىغا قەرز ئېلىپ ئۆز ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەن خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى قۇل، - خوتۇن - قىزلىرى دېدەك بولۇپ، جازانىخور مەنچىڭ چېرىكلىرىگە ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدى.

سۇلتان مامۇت ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىقىغا چوڭ ئوغلى ئىقتىدارسىز يېرىم دەلدۈش ئىمىن ۋارىسلىق قىلدى.

ناباب ئادەم يۇرت باشقۇرغانلىقتىن تۇرپان خەلقىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ نامراتلىشىپ، خەلق قاشقاشلىقتا ئۆتتى. شۇ چاغلاردا شاتاھىر دورغىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. خەلق شاتاھىر دورغىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئامىرنى دورغا قىلىپ سايلىۋالدى. ئامىر يۇرتقا دورغا بولغاندىن باشلاپ ياڭخىي ۋە ياڭخىي كارىزدىكى دېھقانلارنى مەنچىڭ چېرىكلىرىگە بوزەك قىلغۇزماسلىقتا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىراق، مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ، ئۇلارنىڭ پېشىگە تاۋاپ قىلىپ، ئۆز خەلقى ئۈستىدىن زوراۋانلىق يۈرگۈزىدىغان دەلدۈش

ئىمىن ۋاڭ، ئامىر دورغىنىڭ ئۇ ئىشىدىن نارازى بولدى.
شۇ ۋەجىدىنمۇ 1907 - يىلى ئىمىن ۋاڭ پۈتۈن تۇرپان دىيارىدىكى دورغىلارنى ۋاڭلىق ئوردىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا يۇرت پۇقرالىرىنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرماسلىقى، بەلكى ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا قەتئىي ئىتائەت قىلىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈردى. بۇ خىل ئادالەتسىز ۋە ساتقىنلىق ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان يارلىققا قارىتا، ئامىر دورغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئىمىن ۋاڭ شۇ ھامان ئامىرنىڭ دورغىلىق مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامىر دورغىمۇ شۇ سورۇندىلا ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە «قاراپ تۇرغىن، سېنىڭدەك تازنى چاترىقىمدىن ئۆتكۈزمىسەم ئوغۇل بالا بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئوردىدىن چىقىپ ياغچىغا قايتىپ كەلدى.
ئامىر دورغا ياغچىغا كېلىپلا ئۆزى ئولتۇرغان قورۇسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى چوڭ يول ئۈستىگە (ۋاڭلارنىڭ تۇرپان تەرەپكە بېرىشىدا ياغچىدا تاماقلىنىپ ئۆتۈشى ئۈچۈن ماڭىدىغان يولى) ئۇزۇنلۇقى يۈز مېتىردەك، كەڭلىكى 13 مېتىر، ئېگىزلىكى يەتتە - سەككىز مېتىر كېلىدىغان بىر ھەيۋەتلىك چوڭ ئەگمە ئەگدۈردى. ئامىرنىڭ مۇددىئاسى — ئىمىن ۋاڭ ئەگمە ئاستىدىكى يولدىن ئۆتكەندە ئەگمە ئۈستىدە چاترىقىنى كېرىپ تۇرۇۋېلىپ، ئىمىن ۋاڭنى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈش ئىدى.
دەرۋەقە، شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىمىن ۋاڭ تۇرپان تەرەپكە سەپەر قىلماق بولۇپ، ياغچىدىكى ئامىر دورغا ئەگدۈرگەن ئەگمىنىڭ ئاستىدىكى چوڭ يولدىن ماڭماقچى بولغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئامىر دورغا دەرھال ئەگمىنىڭ ئۈستىدە چاترىقىنى كېرىپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىغان ئىمىن ۋاڭ ئەگمىنىڭ ئاستىدىكى يولدىن ئۆتكەندە ئامىر ئىمىن ۋاڭغا قاراپ: «قانداق خوجام، ئەمدىغۇ چاترىقىمدىن

ئۆتكەنلا» دېدى. ئىمىن ۋاڭمۇ كەينىگە قاراپ ئەلەم بىلەن: «ھەي، خوتۇن تالاق، ئاخىر دېگىنىڭنى قىلدىڭ» دەپ يولىغا راۋان بولدى.

ئاشۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋاڭ ئوردىسى بىلەن ئامىرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، ئۆزئارا سۈركىلىشمۇ كۈچىيىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ياڭخېيلىقلارنىڭ رايى ۋە ئۇلارنىڭ ئوردىغا قاتتىق تەلەپ قويۇشى بىلەن ئاخىر ئامىرنىڭ ئىنىسى كامىل دورغا بولۇپ سايلاندى. كامىل يۇقىرى سەۋىيەلىك، تەدبىرلىك، چىقىشقاق، خۇش چاقچاق، قىزىقچى ئادەم بولغانلىقتىن ۋاڭ ئوردىسى ھەم تۈرپان شەھەر يامۇلدىكى ئامباللار بىلەن ئوبدان كېلىشىپ ئۆتتى. ئۇ دورغىلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ياخشى ئۆتىدى. كامىل دورغا بولۇپلا شەھەر يامۇلى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ياڭخې خەلقى ئۈستىگە سالغان ئالۋان ـ ياساقلارنى ئازايتىپ ھەم مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ زوراۋانلىقلىرىنى چەكلەش توغرۇلۇق ئەرز يازدى. شۇڭا، كامىل دورغىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئەمما، شۇ چاغلاردا تۈيۈق خەلقى تۈيۈقتا ئولتۇرۇشلۇق مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ قالدۇقى شاڭفور ① قاتارلىقلارنىڭ قەۋەتلا بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇراتتى، شاڭفورلار تۈيۈق خەلقىگە جازانىخورلۇق يۈرگۈزۈش بىلەن تۈيۈق خەلقىنى قەرزگە بوغۇپ قويغانىدى. جازانىخورلار ئۆسۈم ھەققىنى ئاشۇرۇپ تۈيۈقلۇقلارنى قەد كۆتۈرەلمەس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. جازانىخورلارغا قەرزنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەنلەرنىڭ ئەرلىرى تېپە چورۇقلاردا (پاختىنى چىگىتىدىن ئايرىش ماشىنىسى) جازانىخورلار ئۈچۈن پاختا چىقىراتتى، خوتۇن ـ قىزلىرى جازانىخورلارنىڭ غوزىكىنى چۆلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن تۈيۈقلۇقلار جازانىخورلار تەرىپىدىن قاتتىق خورلىنىپ،

---

① شۇ ۋاقىتتىكى جازانىخورلار

خوتۆن ـ قىزلىرى زورلۇق ـ زومبۇلۇقلارغا ئۇچرىدى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان تۆيۈقلۇق قايىت «زور» (قايىت يىلان تىللىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەنلەر تۆيۈقتىكى غۇرۇرلۇق ياشلارنى تەشكىللەپ جازانىخورلارغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىق قىلىپ غەلىبە قىلالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن جازانىخورلارنىڭ تۆيۈق خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇمى تېخىمۇ كۈچىيىپ ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاخىر ياڭخىي كارىزغىمۇ كېڭەيگەنىدى. شۇڭا تۆيۈقلۇقلار بىلەن ياڭخىي كارىزلىقلارنىڭ جازانىخورلارغا قارىتا نارازىلىقى كۈچىيىپ پەلەككە يەتكەن كۈنلەردە، تۆيۈقلۇق قايىت زور باشلىق بىر قىسىم ياشلار ياڭخىيغا چۈشۈپ، ئامىر دورغىغا تۆيۈقتىكى ئۇۋالچىلىق ئەھۋاللارنى ئېيتىپ، جازانىخورلارغا قارشى بولغۇسى قوزغىلىشقا ئامىر دورغىنىڭ باشچى بولۇپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلدى.

بۇ خىل خورلۇققا چىداپ تۇرالمىغان ئوت يۈرەك ئامىر دورغا تۆيۈقلۇق ياشلارنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى ھەم ئىشنى قەيەردىن باشلاش توغرۇلۇق ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ پىلان تۈزدى. ئۇلار تەپسىلىي كېڭىشىش ئارقىلىق ئاخىر ياڭخىي كارىزدىكى جازانىخور شىمىزى دېگەن كىشىنى ئاشلىقىنىڭ بىر قىسمىنى قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارغا ئارىيەتكە بېرىشكە زورلىماقچى بولدى. مۇبادا، شىمىزى دېگەن جازانىخور ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە كۆنمىسە، ئاندىن ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىش قارارىغا كەلدى. بۇ ئەھۋاللاردىن ئالدىن خەۋەر تاپقان ئىمام باقى ئاقساقال ۋە لېجىر شاڭيۇ دېگەنلەر ياڭخىيدىكى قوزغىلاڭ ئەھۋاللىرىنى تۇرپان يامۇلى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا مەلۇم قىلىپ قويىدى. شۇڭا تۇرپان يامۇلىدىن يايىلار كېلىپ، يامۇلدا يىغىن بار دېگەننى باھانە قىلىپ كامىل دورغىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى نەزەربەند قىلىپ قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كامىل دورغا ئامىرلار يىغىلىقىغا

قاتنىشالماي قالغانىدى.

قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ پىلانى بويىچە شىمىزى دېگەن كىشىنى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارغا ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئارىيەت بېرىشكە ئۈندىگەندە، ئۇ پەقەت قوشۇلماي جازانىغا بېرىمەن دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. ئەمما، قوزغىلاڭچىلار 1909 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى سېرىقتال ۋاقىتلاردا يېمەك ـ ئىچمەك قىيىنچىلىقى بولغان تۇيۇق ۋە كارىز دېھقانلىرىغا ئەھۋالىغا قاراپ 7 ـ ئايدا قايتۇرۇپ ئىمزىغا سېلىپ قويۇش شەرتى بىلەن ئامىرنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى كازىم جىسا باشچىلىقىدا شىمىزىنىڭ ئامبىرىدىكى ئاشلىقلارنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇرىي كۆندۈرمەكچى بولدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان شىمىزى ئاتارمىنى سەپەر «كەتمىنى چوڭ» دېگەنگە يول كۆرسىتىپ، كازىم «جىسا»نى بىر توقماق ئۇرۇپ يانتقۇزۇپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن يۇرت خەلقى قوزغىلىپ جازانىخورلارنىڭ ئاشلىق ئامبار، قورۇ ـ جايلىرىغا ئوت قويۇۋەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئامىر دورغا كېلىپ قارىسا ئەھۋال ئېغىر، ئىنىسى كازىم جىسامۇ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، بىر كۈندىن كېيىن جان ئۈزدى. شۇ چاغدا ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگەن ئامىر دورغا كارىز ۋە تۇيۇقتىكى ئاددىي خەنزۇ دېھقانلارنى يىغىپ، ئەھۋالدىن ئۇلارنى تولۇق خەۋەرلەندۇردى. ئاندىن ئۇلارغا: «سىلەر بۇ يەردە ئەمدى تۇرماڭلار، تۇرۇپ قالساڭلار يۇرت خەلقى قوزغىلىپ، سىلەرگىمۇ جازانىخورلار قاتارىدا قاراپ ئۇۋال قىلمىسۇن. شۇڭا سىلەر دەرھال تەييارلانساڭلار، كېچىلىككە بىرقانچە هارۋىدا سىلەرنى تۇرپان، پىچان قاتارلىق ئورۇنلارغا ئاپىرىپ قويسۇن، شۇندىلا سىلەر تىنچ ـ ئامان قالىسىلەر» دەپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئۇ ۋەقەدىن ئۆلۈم ـ يېتىم هادىسىسى كېلىپ چىققانلىقتىن ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۇرپان يامۇلى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا

بولغان ئىشنى ئەينەن مەلۇم قىلىش ئۈچۈن خەت يازماقچى بولغاندا ئىمام باقى ئاقساقال بىلەن لىيجىر شاڭيۇ دىگەنلەر ۋەقەنىڭ خاراكتېرىنى بۇرمىلاپ يېزىپ قويدى. بۇ خەتنى ئوقۇپ مەزمۇندىن ۋاقىپلانغان ئامىر دورغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، شۇ جايدىلا ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، لىيجىر شاڭيۇ چاققانلىق قىلىپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق قوزغىلىپ ئامىر باشچىلىقىدا تۇيۇق ۋە ياڭخىي كارىزلاردىكى جازانىخور مەنچىڭ چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جازانە ئۈچۈن تۇتقان ھېسابات داڭزىلىرىغا ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىر يېغىلىقى مەيدانىغا كەلدى. تۇيۇق ۋە ياڭخىي كارىزدىكى دېھقانلار جازانىخورلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىدىن قۇتۇلدى. بۇ ۋەقەگە لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يالانما چېرىكلىرى ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن 1909 - يىلى 5 - ئايدا ياڭخىي كارىز ۋە تۇيۇقتىن بولۇپ 100 ئەتراپىدا ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىنىپ، ئامىر دورغا باشچىلىقىدا لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ ئوت قويۇش بىلەن ۋەقە يېغىلىققا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن تۇرپاندىن ئەسكەر كېلىپ ئوردا چېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئامىر يېغىلىقىنى باستۇرماقچى بولغاندا، ئۇلار بىلەن قاتتىق تىركەشكەن بولسىمۇ، ئاخىر بولالماي ئۇلارمۇ ئۆرتەڭ غولىغا چېكىنىپ بېرىۋالدى.

ئۆرتەڭ غولىدىكى ئورۇش بىرەر ھەپتىگە سوزۇلغاندىن كېيىن، بىر كېچىسى قايىت زور باشچىلىقىدىكى تۇيۇقلۇق قوزغىلاڭچىلار قۇيرۇقىنى قىسىپ تىكىۋەتتى ۋە جىمسار، سەنتەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مەلۇم مەزگىل پاناھلاندى. شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئوردا چېرىكلىرىگە تاقابىل تۇرۇش پەقەت ياڭخىيلىقلارنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن قان كېچىپ كۆرەش قىلدى. ئۆرتەڭ غولىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە دۈشمەن قورشاۋىدا قالغان ئامىر دورغىنىڭ ئىنىسى يۇنۇس دۈشمەننىڭ

مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ئون نەچچە مەلئۇننى يەر چىشلىتىپ، ئاخىر ئۆزىمۇ باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى. شۇڭا يۇرت خەلقى بۇ باتۇر ئوغلىنى سېغىنىپ:

ئۆرتەڭ يولى تاش ئىكەن،
ئامىر دورغا باش ئىكەن.
ئورۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن،
يۇنۇس قارى ياش ئىكەن.

ئۆرتەڭ يولى يۇلغۇنلۇق،
ئەجەب ئۆسكەن ھەيۋەتلىك.
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى،
يۇنۇس دېگەن رەھمەتلىك.

دېگەن قوشاقلارنى توقىدى.

بۇنىڭ بىلەن ئامىر دورغىلىرى جاسارەت بىلەن مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئېلىشىپ، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئەسكىرىنى يوقاتتى. شۇڭا ئەسكەرلەر تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ، ئۆرتەڭ ئېغىزىدىن چېكىنىشكە باشلىدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ دۈشمەنلەرنى قوغلاپ يۇرۇپ ئۆلارنىڭ تېگىشلىك ئەدىپىنى بېرىپ زور غەلىبىلەر قۇچتى. قوزغىلاڭچىلار غەلىبە قۇچۇپ مەنچىڭ ئەسكەرلىرىگە ئەجەللىك جازا يۇرۇشى قىلىۋاتقان چاغدا، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ۋاڭ ئوردىسى تىل بىرىكتۇرۇپ، سېتىلما مۇناپىق ساۋۇتنى ئىشقا سالدى. ساۋۇت خوجايىنلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەكتۇپ يېزىپ بىر چاپارمەننى ئۆرتەڭ غولىدا غەلىبە قۇچۇپ، قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ

سەركەردىسى ئامىرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. مەكتۇپتە: «ھۆرمەتلىك تۇغقىنىم، سىرداش دوستۇم، ھازىر ياڭخىي ۋە كارىزدىن بولۇپ يەنە بىر قىسىم قوزغىلاڭچى ياشلار كەمىنە باشچىلىقىدا دۈشمەنگە قارشى تەشكىللەندى. مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭمۇ يۇرتقا كېلىپ خەلققە پاراكەندىچىلىك سالىدىغان ئىشلىرىمۇ ئاساسەن توختاپ قالدى. شۇڭا غازاتچى قوشۇن يۇرتقا كەلسە، بۇ يەردە تەشكىللەنگەن قوشۇن بىلەن بىرلەشسە، كۈچنى ئۇلغايتىپ دۈشمەنلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار كەلتۈرسەك، دېگەن مەقسەت بىلەن ھۇزۇرۇڭغا مەكتۇپ يوللىدىم. قايتىپ كېلىشىڭلارنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتىمىز — ئىنشائاللا ...» دېيىلگەنىدى.

مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغان ئامىر دورغا گەرچە ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، مەكتۇپ ئەۋەتكۈچى ئۆزىنىڭ تۇغقىنى ھەم سىرداش دوستلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 30 — 40 كۈندەك ئۆرتەڭ ئېغىزىدا دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ ھېرىپ - چارچاپ، زېرىكىپ كەتكەن ئەزىمەتلەرنىڭ يۇرتقا قايتىش تەلىپى بىلەن ئۇلار يۇرت ئىچىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

شۇ خۇشاللىقىدا ئۇلار كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ يۇرتقا قايتىپ، ئۇدۇل كارىزدىكى ساۋۇت باينىڭ قورۇسىغا چۈشتى، ساۋۇت قوزغىلاڭچى قوشۇندىكىلەرنى قىزغىن قارشى ئالغان قىياپەت بىلەن ئۇلارغا ئاتاپ كالا - قوي سويۇپ ئوبدان مېھمان قىلدى.

خېلىدىن بېرى ئۈرۈش قىلىپ، يول يۈرۈپ، ھاردۇق يېتىپ قالغان قوزغىلاڭچىلار تاماقلىنىپ بولۇپلا غەرق ئۇيقۇغا كېتىشتى.

شۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ساتقىن ئالدىنئالا ئۆزىنىڭ كىچىك كارىزىنىڭ قورۇسىغا بۆكتۈرمە قىلىپ قويۇلغان مەنچىڭ

ئەسكەرلىرى بىلەن ئوردا چېرىكلىرىنى باشلاپ كېلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى قورشىۋالدى. ساۋۇتنىڭ قورۇسى تۆت ئەتراپى ئۆچ - تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى سوقما تام بىلەن پۇختا قورشالغان بولۇپ، كارىز سۈيى شۇ قورۇ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ كۆلگە قۇيۇلاتتى. تۇيۇقسىز قورشاۋدا قالغان قوزغىلاڭچىلارغا قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئىمكان يار بەرمىدى. شۇ كۈندىكى ئۇرۇشتا ئامىر دورغىنىڭ ئىنىلىرىدىن فازىل، يۇسۇپلەر قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولدى. ئاخىر مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلارنى قورشاپ قىلغان كۈچلۈك هۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار قورۇ ئىچىدىكى كارىز تىلمىسى ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ قېچىپ قۇتۇلدى. ئامىر باشلىق 30 — 40 نەپەر قوزغىلاڭچى مەنچىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالدى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ سەركەردىلىرىدىن ئامىر دورغا، كازىم، سېتىمەت زور ... قاتارلىق بەش - ئالتە نەپىرىنىڭ پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەن، بوينىغا قوۋۇقلار سېلىنىپ، هارۋىدا تۇرپان شەھىرىگە ئاپىرىلغا يالاپ مېڭىشتى. شۇ چاغدا ساتقىن ساۋۇت يالغاندىن يىغلاپ، ئامىرنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مېنىڭ سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى. بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بولغاندۇ، مېنىڭدىن رازى بولغايسەن ئاغىنە» دېدى. ئامىر دورغىمۇ: «دەرۋەقە، راست ئېيتىسەن، تۇغقانلىق بىلەن ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزدۈڭ. ئاخىر ئىتنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلەرسەن، مۇناپىق !» دەپ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى. ئاندىن تۆۋەندىكى قوشاقنى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساۋۇتقا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى بايان قىلىپ:

كۈلۈپ باققىن ئەي مۇناپىق،
مەن كۆرمىسەم كۆرەر ئەۋلاد.
بولارسەن بىر كۈنى سەنمۇ،
گۈلۈڭ توزۇپ بولۇپ بەربات.

دېگەن قوشاقنى ئۈنلۈك ئوقۇپ، كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشتى. ئۇلارنى كارىزدىن تۇرپان يامۇلىغا يالاپ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ياڭخىيغا كەلگەندە، تۇغقانلار بىلەن يۇرت خەلقى يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ قول پۇلاڭلىتىپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان هالدا كۆرۈشتى.

ئامىرلار تۇرپان يامۇلىنىڭ قان هىدى پۇراپ تۇرىدىغان قارا دەرۋازىسى ئىچىگە ئېلىپ كىرىلدى. ئاندىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ پېشۋالىرىدىن ئامىر دورغا، كازىم جىسا، سېيتىمەت زور ... قاتارلىق بەش نەپىرىگە ئۆلۈم جازاسى هۆكۈم قىلىپ، ئۇلارنى كېچىسى يوشۇرۇن قەتلى قىلدى. قوزغىلاڭچى باتۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ئاياللىرى، ئەزىز پەرزەنتلىرى ۋە قەدىردان تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارىغا مۇشەررەپ بولالماي ئارمان بىلەن ئاخىرەتكە مەڭگۈلۈك سەپەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل تۇرپان يامۇلى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدىكى تەلۋە «تۆرىلەر»نى ئالاقزادە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىت يۈرىكىنى تىترەتكەن ئامىر يېغىلىقىمۇ بېسىقتۇرۇلدى.

2004 ـ يىلى 12 ـ ياندۋاردىن 2005 ـ يىلى 5 ـ
ئىيۇنغىچە يېزىلدى. تۇرپان

قوشۇمچە:

# لۆكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ مەنسەپ - دەرىجىلىرى

1. ئىنانچىخان (ۋاڭ) — تۇرپاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى يەرلىك پادىشاھ.

2. پۇجۇڭ — ۋاڭنىڭ خانىشى، خانلىقتىن بېرىلگەن ئالىي دەرىجىلىك مەنسەپ.

3. بەيزى، گۇڭ — ۋاڭنىڭ ئىنىلىرى، ئوغۇللىرى، ۋاڭنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا تەيىنلەنگەنلەر.

**بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدار:**

1. تەيجى — ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا قول سېلىپ ئىشلىگۈچىلەر، ۋاڭنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى.

2. چوڭ تەيجى — دىنىي سوتقا مەسئۇل كىشى.

3. كىچىك تەيجى — ئوردىنىڭ پۈتۈن كىرىم - چىقىم ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى.

4. خەزىنە كاتىپ — ۋاڭلىقنىڭ خەت - ئالاقە ئىشلىرىنىڭ كاتىباتلىقىنى قىلىدۇ.

5. ئەئىلەم — دىنىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى.

6. مەلۇمچى — ۋاڭنىڭ مەخسۇس ئىچكى - تاشقى خەۋەرچىسى.

7. قازى — دىنىي شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم چىقارغۇچى.

8. ئىشىك ئاغىسى — ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يۆتكەش، ئۆستۈرۈش، چۈشۈرۈش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلغۇچى.

9. تۇڭچى — تىلماچ، تەرجىمان.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدار:**

1. مۇپتى — دىنىي پەتىۋا چىقارغۇچى.

2. مىرغەزەپ ــ گۇناھقا تارتىلغۇچىلارغا جازا بەرگۈچى.
3. كاتىپ ــ ۋاڭنىڭ خەت ـ ئالاقە، كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى، يەر ـ زېمىن، مۈلۈكلىرىنى تىزىملاش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.
4. ئۈچ بېگى ــ باجگىرلار باشلىقى.
5. چەپ بېگى ــ ۋاڭلار سىرتقا چىققاندا ئوڭ ـ سولدا يۈرۈپ ۋاڭنى قوغدىغۇچىلارنىڭ باشلىقى.
6. باش كاھ ــ ۋاڭنىڭ كانىۋايلىرىنىڭ باشلىقى، كانىۋاي.
7. خەزىنىچى ــ ۋاڭنىڭ خەزىنىسىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى، دەپنە ـ دۇنيالىرىنى باشقۇرغۇچى.
8. بازار بېگى ــ بازار باشقۇرۇشقا، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل كىشى.
9. دورغا ــ يېزا باشلىقى.
10. پاششاپ ــ كېچىلىك ساقچىلارغا مەسئۇل كىشى.
11. مىراپ ــ ئېرىق ـ ئۆستەڭ، سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى.
12. تۇغ بېگى ــ بايراقچىلار باشلىقى.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. پىچان ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى تۈزگەن «پىچان تارىخى ماتېرىياللىرى»نىڭ 8 ـ، 10 ـ، 16 ـ، 20 ـ قىسىملىرى (ئابدۇرېشىت ئەھمەد ئەپەندى، مۆمىن قادىرى ئەپەندى قەلىمىگە تەئەللۇق بولغان ماقالە ۋە مەخسۇس كىتابلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.)
2. «تۇرپان تارىخى ماتېرىياللىرى» نامىدا چىقىرىلىپ «مەخسۇس توپلام 2 ـ قىسىم» دەپ ئاتالغان مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ «تۇرپان ۋاڭلىرى» ناملىق كىتابى.
3. سۇبىخەي، خۇاڭ جيەنخۇا (قۇربان تۇران، ئەركىن

ئەرشىدىنلەر تەرجىمە قىلغان)، «قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى.

4. ۋەلى كېرىم كۆكئالپ، «پاكلىق مۇنارى» (تارىخىي رومان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى.

5. ھېلىمنىياز قادىر، «ئانانۇرخان پاجىئەسى» (ھېكايە)، «تۇرپان» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

6. «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» (گۇۋاۋ نەشرگە تەييارلىغان، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمە قىلغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى.

7. ھېمىت نىياز، «ئەلپەتتاھ خوجام مازىرى ۋە ئالتۇنلۇق»، «تۇرپان گېزىتى»نىڭ 1998 ـ يىللىق توپلىمى.

8. راھىلە داۋۇت، «ئۇيغۇر مازارلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.

9. ئۆمەرجان سىدىق، «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.

10. ئابدۇۋەلى ئەلى، «بەدۆلەت ـ ئۆركەشلەپ ئاققان قايدۇ دەرياسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى.

11. دۇجىڭگو، «زوزۇڭتاڭ ۋە شىنجاڭ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلىدىكى نەشرى، ئۇيغۇرچە.

12. توختى مۇخپۇل، «موللا زەيدىن گەپچى»(قولىيازما)

13. يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلان، مۇھەممەت مەتنىياز دانىشلار تەمىنلىگەن يەر شارائىتىغا ئائىت ئۇچۇر ۋە سىزما خەرىتىلەر.

14. مامۇت غازى «سۇلتان مامۇت خوجا ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى» «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان.

图书在版编目(CIP)数据

牧人出身的君王：维吾尔文/吾买尔·阿不都拉著．
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2010.4
ISBN978-7-5371-7887-7

Ⅰ.牧… Ⅱ.吾… Ⅲ.长篇小说－中国－当代
—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第175204号

责任编辑: 阿布里克木·艾山
责任编辑: 依巴达提·亚森
封面设计: 阿里甫·夏

**牧人出身的君王**(维吾尔文)

(历史长篇小说)

吾买尔·阿不都拉　　著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市北京北路29号　邮编: 830012)
新疆新华书店发行
万裕文化产业有限公司印刷
880×1230毫米　32开本　10印张
2010年4月第1版　2012年2月第3次印刷

ISBN 978-7-5371-7887-7　　定价: 25.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换





مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلالى



ISBN 978-7-5371-7887-7

باھاسى: 25.00 يۈەن